# قەشقەر ئەدەبىياتى

1

1983



مەھمۇت قەشقەرى (ماي بوياق رەسىم)

غازى ئەھمەت سىزغان
جورى قادىر سۈرەتكە ئالغان.

**تەھرىردىن :**

شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى تىل تەتقىقات ئىنستىتۇتىدىن يولداش ئىبراھىم مۇتئى ۋە مىرسۇلتان ئوسمانوۋلار تەرىپىدىن ئوپالدىكى «ھەزرىتى موللام» - مازىرىنىڭ ئۇيغۇر ئالىمى مەھمۇت قەشقىرىنىڭ مازىرى ئىكەنلىكى توغرىسىدا يېزىلغان دوكلاتقا بىنائەن، 1983 - يىلى 1 - ئاينىڭ 6 - كۈنى قەشقەر مەمۇرى مەھكىمىسى تەرىپىدىن چاقىرىلغان سوھبەت يىغىنىدىن كېيىن، ئولۇما - ئاخۇنلىرىمىز، ھەر قايسى ساھەلەردىكى زىيالىيلىرىمىز بۇ مەسىلە ئۈستىدە ئىزدىنىشلەردە بولدى. جۈملىدىن ۋىلايىتىمىزنىڭ پېشقەدەم ئولۇمالىرىدىن بولغان ئىمىر ھۈسەيىن قازى ئاخۇنۇم ئۆزى ساقلىغان، ئاتىسى قۇتلۇق ھاجىم شەۋقىدىن مىراس قالغان «مەسنىۋى شېرىف» كىتابىنىڭ ئىچىگە مەزكۇر مازارنى مەھمۇت قەشقىرىنىڭ مازىرى - دەپ ئېنىق ئاتاپ، ئۇنىڭغا بۇ كىتابنى ئەبەدىي ۋەخپە قىلغانلىق ھەققىدىكى ھوججەتنى تەقدىم قىلدى.

بۇ ھوججەت مۇندىن 152 يىل مۇقەددەم قەشقەر قازىسى موللا سادىق ئەلەم ئاخۇنۇم تەرىپىدىن يېزىلغان. مەلۇمكى، موللا سادىق ئەلەم ئاخۇنۇم دەۋرىنىڭ داڭلىق ئالىمى بولۇپ، نۇرغۇن ئەسەرلەر يازغان، ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىدا كۆزگە كۆرۈنگەن شەخسلەردىن بىرى. شۇنىڭدەك، مەزكۇر ھوججەتكە قەشقەرنىڭ ئاتاقلىق ئەدىپلىرى ۋە مۇدەررىسلىرىدىن نەزەر ئاخۇنۇم، موللا ئابدۇرېھىم نىزارى، نورۇز كاتىپ، تۇردۇش كاتىپ (غەرىبى)، تۇردى شەيخ ئاخۇنۇم-ھازىر ئوپالدىكى «ھەزرىتى موللام» مازىرىنىڭ شەيخلىرىدىن باۋۇدۇن قارىنىڭ بوۋىسى، «سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان تەزكىرىسى» دىگەن كىتابنىڭ ئاپتورى، موللا غوجىلاق، زەيدىن قۇرۇلبېگى قاتارلىقلار گۇۋا بولۇشقان.

بىز بۇ يەردە مەزكۇر ھوججەتنىڭ فوتو نۇسخىسىنى ئەينەن بېرىپ، ئىمىر ھۈسەيىن قازى ئاخۇنۇمنىڭ بۇھەقتىكى ئىزاھاتىنى، ھوججەتنىڭ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمىسىنى قوشۇمچە قىلدۇق. بىز بۇتارىخى ئەھمىيەتلىك ھوججەتنى ئۇزۇن يىللارسا قلاپ، بۈگۈنكى كۈنگە يەتكۈزگەن پېشقەدەم ئولۇمامىز ئىمىر ھۈسەيىن قازى ئاخۇنۇمغا ئۆزىمىزنىڭ چەكسىز مىننەتدارلىقىمىزنى بىلدۈرىمىز ۋە شۇمۇناسىۋەت بىلەن ھەرقايسى ساھەلەردىكى ئولۇما - ئاخۇنلىرىمىز، زىيالىيلىرىمىزنىڭ، ئالاقىدار شەخسلەرنىڭ بىزنى ئاتاقلىق ئۇيغۇر ئالىملىرىدىن مەھمۇت قەشقەرى ۋە يۈسۈپ خاس ھاجىپلارنىڭ تارىخى، ھاياتىغا ئائىت ماتېرىياللار بىلەن تەمىنلىشىنى قارشى ئالىدىغانلىقىمىزنى بىلدۈرىمىز.

«ھەزرىتى مەۋلام — مەھمۇت قەشقەرى» مازىرىدا كىتاپ ۋەخپە قىلىش ھەققىدىكى ھۆججەتنىڭ فوتوسى


تاریخ هجری بر منینک ایکی یوز اللیک ایکی ماه رجب ال نینک اون تورت یگرمیلی مضافات کاشغر محکمه دار القضا

مسند شریعت ملا صادق اعلم بن شاه اعلم آخوند خاتم فی الذیل تیندین روشن لوق قا حالتیم بر یوز ادن

تورت یاشقا سالیم بیلن علم تفسیرات اشتیاقیدا بلیغ کیفیات بیلن علوم دیکی بر مقوله ده مشتمل مثنوی

معرفت شمس دفتری مثنوی علم عرفان معنوی قلمی اجتهاد بیلن اوردان صحیفه سیگه زینت بریکان

قیمت بها ملکی دین خریدلیک کتابیمنی بلده کاشغر دو موضع او نیفال تحت اجیل چشمه نزولیکی صحیفه بیده مدفون

مصنف عرفان حضرت مولانا شمس الدین حسین صاحب قلم محمود الکاشغری نینک مانند انیغه حق

مطلق و تصدیق هو بیدا بید کم یو اولوغ ادیبه معرفت کتابیم نی ادیب علم ارباب لیدنیکه مازار شمس الدین

حسین صاحب قلم محمود الکاشغری نینک قبر متبرک صحیفه سیده چشمه نزول لیکی ارا پیدا اولتور دب

مذکور کتابنی مطالع قلیب صاحب قلم حضرت مولانا شمس الدین حسین محمود الکاشغری

نینک حق لاریده دعا قلیب ادا امت قومی ملت گه تعلیم علم قلیب اهل کمال تا قیامتغه سعی قیلغای لار

بو مذکور وقف کتابیمغه باش شاگردیم ملا عبد خلفت بن ملا آ عوض نی متولی نصب قلدیم

دیبا خاتم فی الذیل ملا صادق اعلم ادزمهر وغم زبان سدیم

مذکور اقراریم نینک راستلیغیغه علماء مدرسین الناظر آخوندوم دیوان شاهان ملا عبد الرحیم بخاری

دنور و ز کاتب تورد ویش کاتب نزدی شیخ آخوندوم ملا محمد صدیق او نیفال دین حنیدین تورولیکی الحمد

شا معلمد

مەھەممەت رىشات تارتقان. 1983 - يىل 25 - يانۋار

# تەرجىمىسى

ھىجرىيە 1252 (كالا) يىلى، ئۇلۇغ رەجەپ ئېيىنىڭ ئون تۆتىنچى كۈنى شەرىئەت ئاساسىغا قۇرۇلغان قەشقەر قازى مەھكىمىسىنىڭ قازىسى مەلىكى موللا سادىق ئەلەم شاھ ئەلا ئاخۇن ئوغلى شۇ ھەقتە ھۆججەت قىلىپ موھرۇمنى باستىمكى، مەن بىر يۈز ئون تۆت ياشقا كىرگەن تەندۇرۇسلۇق ھالىتىم، ئىلىمغا بولغان ھېسسىياتىم، ئىشتىياقىم ۋە ئەدەپلىك كەيپىياتىم بىلەن مەرىپەتنىڭ مەنبەئى بولغان، ئىلىم - مەرىپەتنى مەزمۇن قىلغان، ئالتە دەپتەرنى بىر مۇقاۋىغا تۈپلەپ، ئىجتىھات قەلەمى بىلەن ۋاراقلىرىغا زىننەت بېرىپ يېزىلغان، قىممەت باھالىق، ئالتۇنغا سېتىپ ئالغان مۈلكىم بولغان «مەسنەۋى شېرىف» ناملىق كىتاۋىمنى قەشقەرلىك ئوپال رايونى تاغ باغرىدا، سۈزۈك بۇلاق ئۈستىدە دەپن قىلىنغان ھەزرىتى مەۋلام، دىنىنىڭ قۇياشى، ھۈسەيىن (ئوغلى)، قەلەم ئىگىسى بولغان مەھمۇت قەشقىرىنىڭ مازارىغا مۇتالىق ۋەخف ۋە ئەبەدى سەدىقە (قىلدىم).

بۇ ئۇلۇغ ئەدىپكە (مۇتالىق ۋەخف قىلغان) بۇ كىتاۋىمنى ئەدىپلەر بىلەن ئىلىم ئەرباپلىرىنىڭ دىنىنىڭ قۇياشى، ھۈسەيىن (ئوغلى)، قەلەم ئىگىسى بولغان مەھمۇت قەشقىرىنىڭ مۇبارەك قەبرى ئۈستىدە، سۈزۈك بۇلاق ئەتراپىدا ئولتۇرۇپ مۇتالىئە قىلىپ، قەلەم ئىگىسى بولغان ھەزرىتى مەۋلام، دىنىنىڭ قۇياشى، ھۈسەيىن (ئوغلى)، مەھمۇت قەشقىرىنىڭ ھەققىدە دۇئا قىلىپ، مۇسۇلمان ئەۋلاتلىرى ۋە مىللىتىمىزنىڭ خەلق ئاممىسىغا ئىلىم ئۆگىتىپ، ئۇلارنىڭ تولۇق پەزىلەتلىك بولۇشىغا تىرىشىشىنى ئۈمىت قىلىمەن، ۋەخف قىلغان مەزكۇر كىتاۋىمغا باش شاگىرتىم موللا ھېيت خەلپەت بىن موللا ئېۋەزنى باشقۇرغۇچى قىلىپ تەيىنلىدىم، دەپ تۆۋەندە موللا سادىق ئەلەم ئۆز موھرۇمنى باستىم.

مەزكۇر ئىقرارىمىنىڭ راستلىقىغا مۇدەررىس ئۇلۇما نەزەر ئاخۇنۇم، باش كاتىپ موللا ئابدۇرېھىم نىزارى، نورۇز كاتىپ، تۇردۇش كاتىپ، تۇردى شەيخ ئاخۇنۇم، موللا غوجىلاق، ئوپالدىن زەيدىن قورۇلبېگى قاتارلىقلار گۇۋادۇر. موھر:

داڭلىق ئۇلۇما، دەۋرنىڭ ئالىمى: موللا سادىق ئىبن شاھ ئەلا.

(موھر ھىجرى 1208 - يىلى ئويۇلغان)

## ئېمىر ھۈسەيىن قازى ئاخۇنۇمنىڭ ئىزاھاتى

مۇندىن 152 يىل مۇقەددەم قەشقەر ئۇلىماسى موللا سادىق ئەلەم ئاخۇنۇم قولىدىكى ئالتە دەپتەر، بىر مۇقاۋىغا تۈپلەنگەن «مەسنەۋى شېرىف» ناملىق قىممەت باھالىق قوليازما كىتاپنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى بوش ۋاراققا " بۇ كىتاپ ئوپالدىكى ھەزرىتى موللام شەمسىددىن ھۈسەيىن (ئوغلى) قەلەم ئىگىسى مەھمۇت قەشقىرىنىڭ قەۋرىسىگە ئەبەدى ۋەخفە قىلىندى." دەپ يېزىلغان. ئاخىرىغا ئۆزىنىڭ ئەلەم ئاخۇنلۇق موھرىنى بېسىپ، كىتاپ بىلەن بىللە تۈپلىۋەتكەن. بۇ ھۆججەت شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى تىل تەتقىقات ئىنستىتۇتىدىن ئىبراھىم مۇتىئى ۋە مىرسۇلتان ئوسمانوۋلارنىڭ ئوپالدىكى «ھەزرىتى موللام» مازىرىنىڭ ئەمەلىيەتتە مەھمۇت قەشقىرىنىڭ مازىرى ئىكەنلىكى توغرىسىدا يازغان دوكلاتىنىڭ چىنلىقىنى ئويغۇن ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ.

مەزكۇر موللا سادىق ئەلەم ئاخۇنۇم — شۇ زاماندىكى تەڭداشسىز بىر موتىۋەر ئۇلىما ئىدى. ئۇ، قەشقەردىكى خانلىق مەدرىسىگە مۇدەررىس بولغان. ئۇ، پۈتۈن جەنۇبىي شىنجاڭغا موھۇردار قازى ئەلەم كىشى بولۇپ، «زۇبدەتىل مەسائىل»، «ئادابۇس سالىھىن»، ئۇيغۇرچە «قۇرئان تەپسىرى» ۋە «قىياپەتۇل بەشەر»، «رىسالەئى كەسپدار» ناملىق كىتاپلارنى يېزىپ قالدۇرغان ئاتاقلىق ئالىم ئىدى. ئۇ، 128 يېشىدا قەشقەر شەھرىدە بولغان بىر قېتىملىق سىياسى توپىلاڭدا پاجىئەلىك ھالدا ۋاپات بولغان. موللا سادىق ئەلەم ئاخۇنۇم — ئەسلى قەشقەر شەھرىدىن. ئۇ، قەشقەر دۆلەتباغ يېزىسىدىكى مەدرەسەئى ھامىدىيە ناملىق مەدرىسىدە ئوقۇپ، دىنىي ھەم ئىلمى ئالىم بولغان.

ئېمىر ھۈسەيىن قازى ئاخۇنۇم قۇتلۇق ھاجىم شەۋقى ئوغلى

1983 - يىل 1 - ئاينىڭ 25 - كۈنى، قەشقەر.

# بۇ ساندا


قەشقەر مەمۇرى مەھكىمە يىغىن ئۆتكۈزۈپ، مەھمۇت قەشقەرىنىڭ يۇرتى ۋە قەۋرىسى توغرىسىدىكى يېڭى پا-
كىتلارنى مۇھاكىمە قىلدى ...... (ماقالا) ...... ئەيسا شاكىر 1
ئوپالدىكى «ھەزرىتى موللام» مازىرىنىڭ تەزكىرىسى ...... مەھەممەت ئىمىن ئەخمەت 4
ئوپال رايونىدىكى پىشقەدەملەرنىڭ «ھەزرىتى موللام» توغرىسىدا ئېيتقانلىرى ...... 15
ئىپتىخارلىنارلىق زور ئىش ...... (ماقالا) ...... كېرىم قاسىم 21
يولداش ئابدۇللا زاكىرنىڭ «ھەزرىتى موللام» توغرىسىدا ئېيتقانلىرى ...... 23
«ھەزرىتى موللام» ھەققىدە كۆرگەن، بىلگەن ۋە ئاڭلىغانلىرىم ...... مۇھەممەت ئوسمان 24
تۇڭا ئالىپ ئەر ...... (ماقالا) ...... ئىمىن تۇرسۇن 37
پەخىرلەن دۇنياغا مەھمۇت ۋەتىنى ...... (شېئىر) ...... نۇر مۇھەممەت ئېركى 52
ئاڭلا جاھان، مەھمۇت بىلەن ۋەتەنداشمەن ...... ( » ) ...... تاھىر تالىپ 55
ئەجدادىم تەشەككۇرى ...... (باللادا) ...... دىلبەر قەييۇم 56
«دىۋان» غا قاراپ ...... (شېئىر) ...... تۇرسۇن نىياز 58
ئىزدەپ ...... ( » ) ...... ئابابەكرى ئاباق 58
ئوپال تەسىراتلىرى ...... (سىيكىل) ...... ئابلەت ئىسمايىل 59
ئەجدادىمغا ۋارىسمەن بوۋا ...... (شېئىر) ...... مەمتىمىن ئەخمەت 61
ئۇلۇغ قامۇس ...... (نەسر) ...... ئابلىز نىياز 62

× × ×

ھەقىقەت نۇرى ...... (ھېكايە) ...... سېيىت زۇنۇن 64
مەرھابا، خەلق كۈيچىلىرى ...... (نەسر) ...... مۆمىن مۇھەممىدى 78
تەجەللى شېئىرلىرىدىن ...... 80
كۆلسۈپ ...... (شېئىر) ...... مۇكەررەم ئەبەيدۇللا 88
شېئىرلار ...... ( » ) ...... ئېلى ئەبەيدۇللا 89
ئىككى شېئىر ...... ( » ) ...... ئېلى ئىزىز 91
يۈرەك سۆزۈم ...... ( » ) ...... مەتتوختى ئەخمەت 92
ۋەتىنىم ...... ( » ) ...... ياسىن مەمەت 94
غەزەللەر ...... ( » ) ...... ئابدۇللا ئېلى 95
ۋەتەنگە مۇھەببەت ...... ( » ) ...... تۇنىسا ئوسمان 97
قەشقەر قىزى ...... ( » ) ...... ئەخمەت ئىگەمبەردى 97
ئىشچان يىگىت ...... ( » ) ...... بەلقىز ئىبراھىم 98
شېئىرلار ...... ( » ) ...... مەۋلان 98
قېرىنداشلىق مېھرى ...... ( » ) ...... ئابدۇرېھىم مەھەممەت 99
ئانام ئارزۇسى ...... ( » ) ...... مۇكەررەم كامىل 101
دەۋر ۋە يازغۇچى ...... (ئوبزور) ...... خۇدۋەردى ئابدۇللا 102
«مۇقامىم، يەنىمۇ ياڭرا!» نى ئوقىغاندىن كېيىن ...... ( » ) ...... قادىر سىدىق، گوبۇلاشىم قاسىم، مەمتىمىن ئەخمەت 106
مۇڭلىنىۋاتقان زېمىن ...... (ھېكايە) ...... بەردى ھاجى 108
چەتئەل يازغۇچىلىرىنىڭ يېزىقچىلىق ھەققىدە ئېيتقانلىرى ...... 111
بورى بىلەن تۈلكە ...... (ئۇيغۇر خەلق چۆچىكى) سۇزۇك رەتلىگەن 112
يىلاننى يەڭگەن باتۇر ئىدرىس، ئاچچىقنى يەڭگەن باتۇر ...... ( » ) ...... ئابدۇراخمان مۆمىن رەتلىگەن 113
موللا تاپقاق ئاخۇنۇم ...... (چۆچەك) ...... مۇھەممەت زوھۇر توپلىغان 115
ئانا، مېنى كەچۈرگىن ...... (ھېكايە) ...... ئىزىز ساۋۇت 121
قەشقەر ۋىلايىتىدە گۈزەل سەنئەت ۋە فوتو سۈرەت جەمئىيەتلىرى قۇرۇلدى ......
...... (خەۋەر) ...... ئەبەيدۇللا مەھەممەت 126

****************************************

# قەشقەر مەمۇرى مەھكىمە يىغىن ئۇتكۇزۇپ، مەھمۇت قەشقەرىنىڭ يۇرتى ۋە قەۋرىسى توغرىسىدىكى يېڭى پاكىتلارنى مۇھاكىمە قىلدى

## كونىشەھەر ناھىيىسىنىڭ ئوپال رايونى ــ مەھمۇت قەشقەرىنىڭ يۇرتى، «ھەزرىتى موللام» مازىرى ــ ئۇلۇغ ئالىمنىڭ قەۋرىسى ئىكەنلىكى ئېنىقلاندى

ئېيسا شاكىر

1983 ــ يىل ــ ئىلمىي تەتقىقات ساھەسىدە بىر يېڭىلىق بىلەن باشلاندى، ــ پورەكلەپ ئېچىلغان بىر دەستە ئەترە گۈل يېڭى يىلغا سوۋغا قىلىپ سۇنۇلدى. مەملىكىتىمىزنىڭ 11 ــ ئەسىردىكى ئۇلۇغ ئالىمى، «تۈركى تىللار دىۋانى» نىڭ ئاپتورى مەھمۇت قەشقەرىنىڭ يۇرتى ۋە ھاياتى توغرىسىدىكى تەتقىقاتتا يېڭى ماتېرىياللار ۋە پاكىتلار تېپىلدى. 1 ــ ئاينىڭ بېشىدا قەشقەر مەمۇرى مەھكىمە ھوكۇمەت نامىدىن مەخسۇس ئىلمىي يىغىن ئۇتكۇزۇپ، ئۇلۇغ ئالىمنىڭ يۇرتى ۋە ھاياتى پائالىيەتلىرى توغرىسىدىكى ماتېرىياللارنى ئىلىم ساھەسىدىكىلەرنىڭ مۇھاكىمە قىلىشىغا قويىدى.

ئىلمىي سوھبەت يىغىنىغا ھەر قايسى ساھەلەردىكى بىلىم ئەھلىلىرى، تىل ۋە تارىخ تەتقىقاتىغا قىزىقىدىغان پىشقەدەم زىيالىيلار، قەشقەر كونىشەھەر ناھىيىسى ۋە ئوپال رايونىدىكى بىر قىسىم كادىرلار ۋە ئاممىنىڭ ۋەكىللىرى، ۋىلايەتلىك پارتىيە كومىتېتى ۋە مەمۇرى مەھكىمىدىكى بىر قىسىم مۇناسىۋەتلىك مەسئۇل كادىرلار بولۇپ 25 كىشى قاتناشتى. يىغىنغا «تۈركى تىللار دىۋانى» 3 ــ تومىنىڭ تەرجىمىسىنى ئىشلەش ئۈچۈن قەشقەرگە كەلگەن جۇڭگو ئىجتىمائى پەنلەر ئاكادېمىيىسى شىنجاڭ شۆبىسى تىل تەتقىقات ئىنستىتۇتىدىن ئىبراھىم مۇتىئى، مىرسۇلتان يولداشلارمۇ تەكلىپ قىلىندى.

سوھبەت يىغىنىنى ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن سېكرېتارى، مەمۇرى مەھكىمىنىڭ ۋالىيسى مامۇتوپ قۇربان باشقۇردى.

ئىبراھىم مۇتىئى ۋە مىرسۇلتان يولداشلار 3 ــ تومىنىڭ تەرجىمىسىنى ئىشلەش جەريانىدا ئالىمنىڭ «تۈركى تىللار دىۋانى» دا ئۆز يۇرتى توغرىلىق بەرگەن مەلۇماتىغا ئاساسەن، كونىشەھەر ناھىيىسىدىكى ئوپال رايونىدا تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، ئالىمنىڭ ھاياتى ۋە پائالىيەتلىرى توغرىسىدا خەلق ئىچىدە ئەۋلادتىن ــ ئەۋلادقىچە ساقلىنىپ تارقىلىپ يۈرگەن نۇرغۇن رىۋايەتلەر، ھېكايە، چۆچەكلەر ۋە نەق تارىخى يادىكارلىقلارنى توپلاپ، تەكشۈرۈش دوكلادى يازغان ئىدى. يىغىندا ئۇلار ئالدى بىلەن تەكشۈرۈش ئەھۋالىنى تونۇشتۇردى. سوھبەت

يېغىنىغا قاتناشقان يولداشلار پاكىتلارنى سېلىشتۇرۇپ ، قايتا ـ قايتا مۇھاكىمە قىلىش ئارقىلىق ئوپال ـ مەھمۇت قەشقەرىنىڭ يۇرتى ، « ھەزرىتى موللام » مازىرى ـ ئۇنىڭ قەۋرىسى ، دەپ ھېساپلىدى .

سوھبەت يېغىنىغا قاتناشقان يولداشلار مۇنداق دېيىشتى : شۇنچە ئۇزاق ۋاقىت ئۆتكەن بولسىمۇ ، لېكىن، ئوپال رايونىدىكى كىشىلەر ئۆز يۇرتىدىن چىققان بۇ ئۇلۇغ ئالىمنى ئۇنتۇپ قالمىغان ، ئۇزىنى مەھمۇت قەشقەرىنىڭ ئۇرۇق ـ ئەۋلاتلىرى دەپ قارايدىغان كىشىلەر بۇ مەشھۇر ئالىمنىڭ نامىنى ئەۋلاتتىن ـ ئەۋلاتقا يەتكۈزۈپ كەلگەن . ئۇلار ئالىمنىڭ قەۋرىسىنى « ھەزرىتى موللام » مازىرى ، دەپ چوڭقۇر ھورمەت ۋە ئېتىقادىنى بىلدۈرۈشكەن . « ھەزرىتى موللام » مازىرىنىڭ تەزكىرىسى گەرچە 50 ـ يىللاردا يوقۇلۇپ كەتكەن بولسىمۇ ، لېكىن ، بۇ تەزكىرە مەدرىسلەردە كوپ ئوقۇلۇپ ، قۇلاقتىن ـ قۇلاققا ئاڭلىنىپ ، خەلق ئىچىدە يادا بولۇپ كەتكەچكە ، كىشىلەر ئۇنىڭ ئاساسى مەزمۇنىنى ئۇنتۇپ قالمىغان . بۇ جەھەتتىكى تارىخى ۋە رىيال پاكىتلارنى كىشىلەر ئوتتۇرىغا قويۇشقان :

1 . تارىخىي پاكىتلار ، بولۇپمۇ مەھمۇت قەشقەرىنىڭ ئۆز ئىسمىنىڭ ئاخىرىغا « قەشقەرى» دىگەن سوزنى تەخەللۇس قىلىپ قوشۇپ ئىشلەتىشى ئالىمنىڭ قەشقەرلىق ئىكەنلىكىنى ، ئانا يۇرتى مۇشۇ قەشقەر ئىكەنلىكىنى مۇنازىرە تەلەپ قىلمايدىغان ھالدا ئىسپاتلاپ بىرىدۇ . بۇ ، دۇنيا ئالىملىرى ئېتىراپ قىلغان پاكىت. مەھمۇت قەشقەرى « تۈركى تىللار دىۋانى » دا ئۆزىنىڭ يۇرتىنى قەشقەر شەھرى ئەتراپىدىكى جاي ـ ئوپال ، ئوپالنىڭ ئازىق كەنتى، دەپ ئېنىق مەلۇمات بەرگەن .

2 . ھازىرقى رىيال پاكىت شۇكى، قەشقەر شەھرىگە 45 كىلو مېتىر كېلىدىغان ئوپال رايونى پامىر تاغلىرىنىڭ ئېتىكىگە جايلاشقان ، قەشقەر شەھرىدىن 120 نەچچە مېتىر ئىگىز ، ساپ ھاۋالىق ، گۈزەل مەنزىرىلىك جاي . ئوپالدا ھەقىقەتەن ئازىق كەنتىمۇ بار . گەرچە ئازىقنىڭ نامى يېقىنقى 50 يىلدىن بۇيان سەل كېلىپ، قۇم بېسىپ كېتىش سەۋەبىدىن قۇمباققا ئۆزگىرىپ كەتكەن بولسىمۇ ، لېكىن ئوپالدىكى پىشقەدەم كىشىلەر بۇ ئەھۋالنى ئېنىق بىلىدۇ .

3 . « ھەزرىتى موللام » نىڭ ئۈستىدىكى تاغنى كىشىلەر " ھەزرىتى موللام تېغى " دەپ ئاتايدۇ. مەشھۇر « ھەزرىتى موللام » مازىرى مۇشۇ تاغ باغرىغا جايلاشقان. بۇ مازارنى ھازىرغىچە قەشقەر ئەتراپىدىكى كىشىلەر دائىم ئۇلۇغلاپ تاۋاپ قىلىپ تۇرىدۇ . " ھەزرەت " سوزى ئۇلۇغلاش ، ھورمەتلەش يۈزىسىدىن ئېيتىلغان ؛ " موللام " سوزى بۇ كىشىنىڭ بىلىملىك كىشى ئىكەنلىكىگە قارىتىپ ئەيتىلغان ۋە قەدىمقى چاغلاردىن تارتىپ تا يېقىنقى زامانلارغىچە ئىلىم تەھسىل قىلىپ، ئوقۇش پۈتتۈرگەن ئولۇمالار "ئىلىمگە ھوددىگەر پىرىم" دەپ تونۇغان، «ھەزرىتى موللام» غا بېرىپ، ئونۋان بېرىش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈپ، غەزەل ۋە ماقالىلار يېزىپ «نۇرۇز بۇلاق»قا تاشلىشىپ، «ھەزرىتى موللام» غا دوئا ـ تەكبىر قىلىپ، ئۇنىڭدىن ئىجازەت ئېلىشنى ئادەت قىلىپ كەلگەن. ھازىر ئوپالدا ئۆزىنى «ھەزرىتى موللام» نىڭ ئەۋلاتلىرى دەپ ئاتايدىغان كىشىلەرنىڭ ھەممىسى بۇ مازارنىڭ ئەسلى ئىسمى مەۋلانا شەمسىددىن مەھمۇدىيە ئىبىن ھوسەيىن، دەيدۇ ۋە مەۋلانا ئالىملىقىغا قارىتىلغان؛ شەمسىددىن ـ ھورمەتلەش نوقتىسىدىن بىرىلگەن ئونۋان؛ مەھمۇدىيە ـ مەزكۇر شەخسىنىڭ ئىسمى ۋە ئەخلاقىغا قارىتىلغان؛ ھوسەيىن ـ دادىسىنىڭ ئىسمى، دەپ تەرىپلىشىدۇ. شەيخلەر يەنە: موللام ئالىم كىشى ئىكەن، توت ئەتراپقا ئىلىمنى شۇ كىشى تاراتقان ئىكەن، ئىران، ئىراق تەرەپلەردە ئىلىم تەھسىل قىلغان ئىكەن، ئەرەپ، پارىس، تۈركى، رۇم تىللىرىنى بىلىدىكەن، ئۇ كىشى ئومرى ـ

نىڭ ئاخىرىدا ئۆز يۇرتىغا قايتىپ كېلىپ مۇشۇ مازارنىڭ يېنىدىكى مەدرىستە (هازىر خارا -
بىلىرى بار) مودەررىسلىك قىلغان ئىكەن، 97 يېشىدا مۇشۇ دىياردا ۋاپات بولغان، دەپ
ئىسپاتلىنىشىدۇ.

4. هازىرقى ئوپال رايونىدا قاراخانىلار دەۋرىدىكى تارىخقا ئائىت نۇرغۇن ئاسارە -
ئەتىقە ۋە يەر ناملىرى بار. مەسىلەن: «خان بېغى» ياكى «سولتانباغ» - (پادىشا بېغى)، «تەك-
يەگاھ» (خانلارنىڭ چەتئەل ئەلچىلىرىنى كۈتىدىغان مەخسۇس مېهمانخانىسى) قاتارلىقلار،
شۇنداقلا ئالىمنىڭ ئاتىسى، ئانىسى، ئۆزىنىڭ "مۇق يولى" (پامىردىكى "موغ" قەلئەسى بىلەن
ئوتىدىغان يول) ئارقىلىق سىرتقا چىقىپ قايتىپ كەلگەنلىكى توغرىسىدىكى مەلۇماتلار مۇئاز ئەمەس.

سوهبەت يىغىنىغا قاتناشقان يولداشلار مۇنداق دېيىشتى: ئۇلۇغ ئالىم مەهمۇت قەشقە-
رىنىڭ يۇرتى ۋە قەۋرىسى توغرىسىدىكى پاكىتلارنىڭ ئېنىقلانغانلىقى - ئىلمىي خادىملار-
نىڭ پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3- ئومۇمىي يىغىنى ئەسلىگە كەلتۈرگەن
ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەشتىن ئىبارەت ئىدىيىۋى لۇشيەنىنىڭ يېتەكچىلىكىدە ئىش ئې-
لىپ بارغانلىقىنىڭ نەتىجىسى. پارتىيە 12 - قۇرۇلتىيى روهىنىڭ ئىلهامى ئاستىدا ۋىلايىتىمىز-
نىڭ ئىلمىي تەتقىقات ساهەسىدە يېڭى مۆجىزىلەرنىڭ كۆپلەپ بارلىققا كېلىدىغانلىقىغا ئىشىنىمىز.

بۇ ئىشنىڭ ئېنىقلانغانلىقى بەزى چەتئەللىكلەرنىڭ مەهمۇت قەشقەرىنىڭ 11 - ئەسىردە
ئوتكەن جۇڭگو ئالىمى ئىكەنلىكىگە قايىل بولماي، ئۆزىنىڭ قىلىۋېلىش ئۈچۈن قىلغان ئۇرۇ-
نۇشلىرىنىڭ بىهۇدە ئاۋارىچىلىق ئىكەنلىكىنى يەنە بىر قېتىم ئىسپاتلاپ بەردى.

يىغىنغا قاتناشقان يولداشلار يەنە ئالىم مەهمۇت قەشقەرىنىڭ يۇرتى ۋە هاياتىغا دائىر
يېڭى پاكىتلارنى تەكشۈرۈپ ئېنىقلاشقا ئالاهىدە كۈچ سەرپ قىلغان ئىبراهىم مۇتىئى، مىر سۇل-
تان يولداشلارنىڭ تەتقىقات نەتىجىسىنى قىزغىن تەبرىكلەيدىغانلىقىنى ۋە ئۇلارغا هۆرمەت
بىلدۈرىدىغانلىقىنى ئىپادىلەشتى؛ يەرلىك هۆكۈمەت ۋە ئالاقىدار ساهەلەرنىڭ بۇ مەسىلىگە كۆ-
ڭۈل بولۇپ، مەهمۇت قەشقىرى ياتقان مازار ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى جايلارنى ئاسارە - ئەتىقە-
لەر بويىچە قوغداش رايونى قىلىپ بېكىتىشنى ھەمدە كۈچ ئۈيۈشتۈرۈپ، بۇ جاينى يەنىمۇ
ئىلگىرىلىگەن هالدا تەكشۈرۈپ-تەتقىق قىلىشنى تەكلىپ قىلدى.

يىغىن ئاخىرىدا يولداش مامۇتوپ قۇربان سوز قىلىپ مۇنداق دېدى: 1 . قەشقەر مەھۇ-
رى مەهكىمە بۇگۈنكى يىغىندىكى بىردەك پىكىرگە ئاساسەن، ئوپالنى ۋە ئوپالدىكى «ھەزرىتى
موللام» مازىرىنى مەهمۇت قەشقەرىنىڭ يۇرتى ۋە قەۋرىسى، دەپ بېكىتىپ، ئاپتونوم رايونلۇق
خەلق هۆكۈمىتىگە ۋە مەركەزدىكى مۇناسىۋەتلىك تارماقلارغا مەلۇم قىلىدۇ ۋە هازىردىن باش -
لاپ بۇ جاينى مۇهاپىزەت قىلىشقا ئادەم بېكىتىش، قوغداش، دەرەخ تىكىپ ئاۋات قىلىش ئى -
شىنى كونىشەر ناهىيىلىك خەلق هۆكۈمىتىگە هاۋالە قىلىدۇ. 2 . قەشقەردىكى پەن تەتقىقات
خادىملىرى، جۈملىدىن، كونىشەر ناهىيىسىدىكى يولداشلار هازىردىن باشلاپ مەهمۇت قەشقىرى
ۋە ئۇنىڭ هاياتىغا دائىر ماتىرىياللارنى يىغىشقا، تەتقىق قىلىشقا ئەهمىيەت بېرىشى لازىم.
3 . ئالىمنىڭ هاياتىغا دائىر يېڭى، ئىشەنچلىك ماتىرىياللارنى گېزىت - ژۇرناللىرىمىزدا
ئېلان قىلىپ تونۇشتۇرۇشىمىز، تەشۋىق قىلىشىمىز ۋە خەلق ئىچىدە ساقلانغان ئىلمىي قىممىتى
بار كىتاپ - ماتىرىياللارنى، ئاسارە - ئەتىقىلەرنى يوقۇتۇۋەتمەي، مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارغا
تاپشۇرۇپ بېرىشكە رىغبەتلەندۇرۇشىمىز، ئىلمىي قىممىتى بار بەزى نەرسىلەرگە مۇۋاپىق هەق
بېرىشىمىز لازىم.

# ئوپالدىكى «ھەزرىتى موللام» مازىرىنىڭ تەزكىرىسى

(قىسقىچە مەزمۇنى)

مەھەممەت ئىمىن ئەخمەت

### تەھرىر ئىلاۋىسى

يولداش مەھەممەت ئىمىن ئەخمەت تەرەپىدىن ئاتىسى موللا ئەھمەت خەتتاتتىن ئاڭلىغانلىرى ۋە ئوپاللىق قاسىم قازى ئاخۇنۇمنىڭ قىلغان قوشۇمچىلىرى ئاساسىدا رەتلەپ چىقىلغان «ھەزرىتى موللام» تەزكىرىسىدە بايان قىلىنغان ۋاقىئەلەر ئىلمىمىزنىڭ 11 - ئەسىردىكى مەشھۇر ئالىمى مەھمۇت قەشقەرىنىڭ ھاياتىغا ئومۇمەن ئۇيغۇن كېلىدۇ. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى تىل تەتقىقات ئىنىستىتۇتىنىڭ مەسئۇلى ئىبراھىم مۇتىئى ۋە مىر سۇلتان ئوسمانوۋلارنىڭ قارىشىغا ئاساسلانغاندىمۇ، تەزكىرىدە «شاھى ئەھرام» دېگەن ئەپسانىۋى نام بىلەن بايان قىلىنغان پادىشاھى مەھمۇت قەشقەرىنىڭ بوۋىسى مۇھەممەتنىڭ ئوبرازى دېيىشكە بولىدۇ. چۈنكى، بۇزات بىر مەزگىل قاراخانىلارنىڭ خاقانى بولغان ۋە ئىلىم - پەننىڭ ھامىسى ئىدى، ئۇنىڭ بۇ پەزىلىتى تەزكىرىدە ياشلارنى ئىلىم - ھۈنەرلىك قىلىش توغرىسىدا چىقىرىلغان پەرمانىدا ئوچۇق كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇ. مۇھەممەتنىڭ تەزكىرىدە «شاھى ئەھرام» نامى ئاستىدا زىكىر قىلىنىشى 1058- يىلى قاراخانىلار ئوردىسىدا يۈز بەرگەن قىرغىنچىلىقتا مۇھەممەتنىڭ ئۆلتۈرۈلۈشى ۋە خەلق ئىچىدە ئۇنىڭ ئىسمىنى ئاتاشتا بىر مەزگىل ئېھتىيات قىلىنغانلىقتىن بولسا كېرەك. شۇنىڭدەك تەزكىرىدە ھۆسەيىننىڭ «ئەمىرى سۇلتان» لىق دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلگەنلىكى مۇھەممەتنىڭ ئۆز تەختىنى ئوغلى ھۆسەيىنگە ئۆتۈنۈپ بەرگەنلىكى ھەققىدىكى تارىخى پاكىتنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ.

1930 - يىللىرى، مېنىڭ ياش ۋاقتىم ئىدى. نورۇز بايرىمىدا مەرھۇم ئاتام موللا ئەخمەت خەتتات بىلەن يېڭىسار قىرسايلىق رۇسۇل قارىملار ئۆز تالىپلىرىنى «ھەزرىتى موللام» غا ئېلىپ چىقىپ، ئىلىم تەلەپ قىلىپ تۈنەك قىلدۇرۇشتى، مەن شۇ كېچە ئاتام بىلەن بىللە چىققان ئىدىم. ئاتام «ھەزرىتى موللام» مەقبىرىسى يېنىدىكى گۇمبەزدە تالىپلارنى چۆرىدىتىپ ئولتۇرغۇزۇپ، "بۇ زاتنىڭ «ھەزرىتى موللام» دېيىلىشى ئۇنىڭ سۈپىتى بولۇپ، ئىلىمگە ھوددىگاردۇر، پىرىنىڭ ئەسلى ئىسمى - مەۋلانايى شەمسىددىن مەھمۇدىيە ئىبن ھۈسەيىندۇر، بۇ زات ھىجرى 450 - يىللىرىدىن باشلاپ ئىلىم نۇرىنى ئالەمگە يايغان ئالىمۇلئۇلەمادۇر"، دەپ كېلىپ، بۇ زات ھەققىدىكى رىۋايەتلەرنى شۇنداق بايان قىلغان ئىدى.

قەدىمقى زاماندا ئوپال ئاق دالادىكى قىزىل مەسجىد ئاتام ① ئەتراپىدا شاھى ئەھرام ناملىق چوڭ بىر پادىشا ئۆتكەن ئىكەن، ئۇنىڭ ئوغۇللىرى ئىچىدە ھۈسەيىن

① ئوپالدا بىر جاي ئىسمى

ئالمىق بىر ئوغلى بولۇپ، ئۇ ئۆزىنىڭ پەم-پاراسىتى ۋە پەھلىۋانلىقى، جاسارىتى بىلەن شاھنى ھەر ۋاقىت سۆيۈندۈرىدىكەن. شاھ يازنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە بىر كۈنى شىكارغا چىقماقچى بولۇپ تۇرغاندا، يىراقتىن يېقىن بىر مېھمىنى كېلىپ قاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن شاھ شىكارغا ئۆز ئورنىدا ھۆسەيىننى مەسئۇل قىلىپ تەيىنلەپتۇ. پەھلىۋان ھۆسەيىن بۇ ۋەزىپىنى ئۆزىگە تونۇش بولغان ئوپالنىڭ كۈن پېتىش تەرىپىدە بىجىرىشنى شاھقا ئىلتىجا قىلىپ، شاھنىڭ ئىجازىتىنى ئالغاندىن كېيىن، تازىم تەۋەززۇئلار بىلەن يولغا چۈشۈپتۇ.

ھۆسەيىن ئۆز كىشىلىرى بىلەن بوك-باراقسان جاڭگال، تاغ-قايراق ① لارغا بۇركۈت قويۇپ، ئوقيا ئۈزۈپ يۈرۈپ شاھنىڭ پەرمانىنى مۇددەتتىن بۇرۇن بىجىرىپ، قايتىشىدا، قايراق باغرىدىكى قۇمباغ ② توپىلىڭىگە كېلىپ قاپتۇ. تۇۋەنگە قارىغۇدەك بولسا، بوك-باراقسان باغلار، كۆپ-كۆك چىمەنزار، ئۇنىڭ ئوتتۇرىسىدا بۇلاق سۈيى خۇددى يىپەك تارتقاندەك ئېقىۋاتقان. ھۆسەيىن تەبىئەتنىڭ بۇ گۈزەللىكىدىن ھوزۇر ئېلىش مەقسىتىدە بۇ يەردە بىر قونۇپ ئۆتۈش قارارىغا كەپتۇ-دە، كىشىلىرىگە مۇشۇ يەرنى قونالغۇ قىلىشقا ئەمىر چۈشۈرۈپتۇ ۋە قوراللىرىنى، شىكاردا ئېرىشكەن غەنىمەتلىرىنى ئاتلىرىدىن چۈشۈرۈپ، بىر باغلىق ھويلىنىڭ ئالدىدىكى بوستانلىققا جايلىشىپتۇ.

ھۆسەيىن بۇ جاينى تاماشا قىلىپ، خۇددى ئۈنچە-مارجاندەك پارلىداپ، شىر-شىر ئېقىۋاتقان ئېرىق بويىدىكى مەجنۇن تاللار ئارىسىدىن كېتىۋېتىپ، چوڭ بىر باققا كۆزى چۈشۈپتۇ. قارىسا مويسىپىت بىر كىشى بويىغا يەتكەن بىر ساھىپجامال قىز بىلەن سېۋەتكە ئانار ئۈزۈپ قاچىلاشىۋاتقاندەك. شۇنىڭ بىلەن قىزنىڭ ھۆسنى-جامالى ھۆسەيىننى مەپتۇن قىلىپ، ئۇنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدىنى چىرماپ ئاپتۇ.

ھۆسەيىن ئۇردا كىشىلىرىگە خاس ئەخلاق-پەزىلىتى بويىچە دەرھال ھېلىقى بوستانلىققا قايتىپ ئۆز ئورنىدا ئولتۇرۇپ شىكارلەشكەرلىرىدىن ھاردۇق سوراپ تۇرۇشىغا، ھېلىقى مويسىپىت باغۋەن-سەيپىدىن ئاكا ھويلىسىدىن چىقىپ، بۇلارغا تازىم تەۋەززۇلار بىلەن ھۆرمەت بىلدۈرۈپ، ئەھۋال سوراپ، ئۆيىگە تەكلىپ قىپتۇ. "بىز شىكار كىشىلىرى، ھاۋاسى ياپ يەر ئىكەن، مۇشۇ بوستانلىقتا كەچلەپ ئۆتۈپ كەتسەك، رەخمەت" دەپ ئۆزرە ئېيتىشىپتۇ ۋە موللا سەيپىدىن ئاكىنى تورگە ئولتۇرغۇزۇپ سورۇن تۈزۈشۈپتۇ. ھۆسەيىن ئۆز كىشىلىرىگە تىنىق سۇدىن بىر پىيالە كەلتۈرۈشنى ئېيتقان ئىكەن، موللا سەيپىدىن ئاكا "تىنىق سۇنى ئۆزەم كەلتۈرەي" دەپ، دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ ئۆيىگە كىرىپ، قىزى بۈبى رابىيەگە ئېيتقان ئىكەن، بۈبى رابىيە چەبدەسلىك بىلەن بىر ئانارنى سىقىپلا پىيالىنى تولدۇرۇپ، خونچىسىغا سېلىپ ئاتىسىغا بېرىپتۇ، ئاتىسى ئۇنى ئېلىپ چىقىپ ھۆسەيىنگە سۇنۇپتۇ. بۇ ئورنىغا ئانار شەربىتى سۇنغان ئاتىلىنىڭ سەممىيىتىنى چۈشەنگەن ھۆسەيىن، يەنىمۇ چوڭقۇر سىناپ كۆرۈش ئۈچۈن يەنە بىر پىيالە سۇ بېرىشنى ئۆتۈنۈپتۇ. موللا سەيپىدىن ئاكا، تازىم بىلەن پىيالىنى ئېلىپ يەنە ئۆيىگە مېڭىپتۇ.

بۇ چاغدا ھۆسەيىننىڭ كۆڭلىدىن "بۇ ئەھۋالنى ئاتام شاھقا ئېيتسام، رەئىيەگە

---

① قايراق - كىچىك دۆڭلۈك

② قۇمباغ - ئوپالدا بىر جاي ئىسمى.

ئانار سېلىنغى سېلىنسا، ئوردا ئەمىرلىرى سۇ
ئورنىغا ئانار شەربىتى ئىچسەك، نېمە دېگەن
ياخشى» دېگەن ئوي كېچىپتۇ. موللا سەيپە ـ
دىن قىزىنىڭ بۇ قېتىم سېقىۋاتقان ئانىرى ـ
دىن سۇنىڭ كام چىقىۋاتقانلىقىنى كورۇپ،
قىزىغا: «قىزىم، بۇ مېھمانلار سۇ سورىغاند ـ
دىن كېيىن، كۇپنىڭ تېنىق سۇيىدىن بەر ـ
سەك بولماسمىدى» دېگەن ئىكەن. قىزى بۇ ـ
بى رابىيە: «سۇ سورىغان مېھمان ئانار شەر ـ
بىتىگە لايىق بولغانلىقتىن» دەپ يەنە چوڭ
بىر ئانارنى سىققان ئىكەن، پىيالە يېرىمىمۇ
بولماپتۇ، يەنە بىرنى سىقسا، ئۇنىڭدىن تې ـ
خىمۇ ئاز چىقىپتۇ. شۇنداق قىلىپ ئۇچ ئا ـ
ناردا پىيالە ئاران ئوتتۇرا بوپتۇ. موللا
سەيپىدىن ئاكا، ۋاقىت ئوتمىسۇن قىزىم،
دەپ پىيالىنى خونچىسىغا ئېلىۋاتقىنىدا،
بۇبى رابىيە ئۇلۇق ـ كىچىك تىنىپ: «دادا،
قىسمەت ئوزگۇرۇۋاتىدۇ، پىيالىنىڭ يېرىمىنى ـ
غى سورىلىپ قالسا، شاھزادىمىزنىڭ كوڭلى ـ
گە خەلق سېلىغىنى ئاشۇرىدىغان بىرەر خى ـ
يال كەچتىمىكىن، ئانارىدىكى بەرىكەت قىچى ـ
ۋاتىدۇ، دەڭ» دەپتۇ. موللا سەيپىدىن شەربەت ـ
نى ئېلىپ چىقىپ سۇنۇپتىكەن، راس، دې ـ
گەندەك، ھۇسەيىن سەۋەبىنى سوراپ قاپتۇ،
موللا سەيپىدىن ۋەقەنى ۋە يېتىم قىزىنىڭ
پەرىزىنى بايان قىپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان ھۇ ـ
سەيىن بايا تىن كوڭلىگە كەچكەن پىكرىدىن
يېنىپ، دەرھال توۋا ـ ئىستىغفار ئوقۇپتۇ.
مېھمانلار كەڭ داستىخان يېيىپ ئوزلىرىنىڭ
شىكار غەنىمەتلىرىدىن قويۇپتۇ. موللا سەي ـ
پىدىن ئاكىمۇ باغدىن كۇزنىڭ مېۋىلىرىدىن
ئېلىپ كەپتۇ. شۇنداق قىلىشىپ بۇلار ھەم ـ
تاۋاق بولۇشۇپتۇ. ئويگىمۇ نەسىۋە سۇنۇ ـ
لۇپتۇ. ھۇسەيىن كېچىچە بۇبى رابىيەنىڭ
ئېقىللىقلىغى، بىلىملىكلىگى ئۇستىدە ئويلۇ ـ
نۇپ تاڭ ئاتقۇزۇپتۇ، ئەتىسى موللا سەيپە ـ
دىن ئاكا بىلەن خەيىرلىشىپ يولغا راۋان
بوپتۇ.

ھۇسەيىن ئوردىغا قايتىپ بىر نەچچە كۇن
ئوتكەندىن كېيىن، ئاتىسىغا بۇ قېتىم شىكار ـ
دا كورگەنلىرىنى ۋە بۇبى رابىيەگە بولغان
مۇھەببىتىنى يەتكۇزۇپتۇ. شاھ بۇبى رابىيە ـ
نى ئوزى بىر سىناپ كورمەكچى بولۇپ،
ئوزى شىكارغا چىققان ۋاقىتلىر ـ
ىدا موللا سەيپىدىن ئاكا بىلەن ئايرىم
ئۇچرىشىپتۇ، قىزى بىلەن ئوردىغا تەكلىپ قى ـ
لىپ ئائىلە ـ تاۋابىئاتلىرى بىلەن كورۇشۇپ،
ئەدەپ ـ ئەخلاقىنى بايقاپتۇ ۋە بىر كۇنى ئەل ـ
چىسىدىن موللا سەيپىدىن ئاكىغا «ئۇچ يىل ـ
دا تۇغدۇرۇپ، يىگىرمە بىر قىلىپ بەرسۇن»
دەپ يەتتە قوچقار ئېۋەتىپتۇ. ئۇنىڭدىن مول ـ
لا سەيپىدىن قاتتىق قايغۇغا چۇمۇپتۇ. بۇبى
رابىيە بولسا، ئاتىسىغا تەسەللى بېرىپ، «ئەل ـ
چى شاھىنىڭ يارلىغىنى يەتكۇزۇشىلا بىلى ـ
دۇ، جان ـ دىل بىلەن قوبۇل قىلىپ
ئالايلى» دەپ، ئەلچىگە تازىم بىجا كەلتۇرۇپ،
يەتتە قوچقارنى ئېلىپ قاپتۇ. ئەلچىنى ئۇ ـ
زۇتۇشقا بىرنى سويۇپتۇ. قالغانلىرىنى ھەم
ئۇدۇللۇق سويۇپ، سېتىپ يەپ، ئاخىرى بىرى ـ
سى قاپتۇ. بىر كۇنى ئاڭلىسا، ھېلىقى ئەلچى ـ
نىڭ چىشى ئاغرىپ قاپتۇ. بۇبى رابىيە دەر ـ
ھال ھېلىقى بىر قوچقارنى سويدۇرۇپ، داس ـ
تىخان قىلىپ، ئەلچىنى يوقلاپ كەپتۇ.
داستىخانلىرىنى يېيىپ بولغاندىن كېيىن،» مۇ ـ
بارەك بولسۇن، ئەلچىم، كوزىيىۋاپىلا » دەپتۇ.
چىش ئاغرىغىغا چىدىيالماي ياتقان ئەلچى
ئورنىدىن سەكرەپ قوپۇپ » نېمە دەۋاتىسىز،
ئەركىشىمۇ كوزىيىمەدۇ ؟ » دەپتۇ. بۇبى رابىيە
تەمتىرىمەي تۇرۇپ «تەخسىر، قوچقارمۇ قوزى ـ
لامدۇ؟ » دەپتۇ. جاۋاپ تاپالماي ئاچچىغىنى

يۇتقان ئەلچى دەرھال شاھقا بېرىپ داتلانغان ئىكەن شاھ قاقاھلاپ كۈلۈپ كېتىپ، بۇبى رابىيەنى ئالدۇرۇپ كېلىپ، «بارىكاللا قىزىم، ئەقلىڭگە» دەپتۇ ۋە ئىنئام - ئېھسانلار قىلىپ يولغا ساپتۇ، ھۇسەيىننىڭ خىزمىتىنى ئەمرى شەبلىككە ئۇستۇرۇپ، بۇبى رابىيە بىلەن ئىكاھلىنىش تەلىۋىنى قوبۇل قىلىپ تەستىقلاپتۇ.

بىر كۈنى ئوردا ئەلچىلىرى موللا سەيپىدىننىڭ كەڭ ئېتىكى، تار قويىنىغا سىغىنىپ كەلگەن ئىكەن. موللا سەيپىدىن قىزى بۇبى رابىيەنىڭ بېشىنى كوكرىكىگە يېقىپ، سىلاپ كوز يېشى قىپتۇ ۋە «قىزىم، بىز سەھرا يىگادا تۇرساق، ئۇلار شاھ - سىپا تۇرسا، ئۇلار بىلەن قانداق قۇدىلىشالىمىز» دەپ غەمگە چۆمۈپتۇ. بۇبى رابىيە دادىسىنىڭ ئىسسىق يېشىنى سۈرتۈپ تۇرۇپ: «ئاتا، شاھنىڭ شاھزادىسى ھۇسەيىننىڭ ھۈنىرى بارمىكەن، ئىلىم ئۆگۈنۈپتىكەنمۇ؟ دىگەن سوزدىن باشقىنى دىمىسەك» دەپتۇ، ئەلچىلەرگە مۇشۇ سوئاللارنى قويۇپ لايىغىدا زىياپەت قىلىپ ئۇزىتىپتۇ.

شاھ ئەلچىلەرنىڭ سوزلىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن توي تەييارلىغى پىشقىچە ئىلىم - ھۈنەر ئۆگىنىپ كەلسۇن، دەپ قىرىق خېچىرغا مال يۈكلەپ، ھۇسەيىننى ئۈچ ئاي ئىچىدە ئىلىم-ھۈنەرلىك بولۇپ كېلىشكە بۇيرۇپتۇ. ھۇسەيىن ئاتىسىغا ئېھتىرام بىجا كەلتۇرۇپ، كارۋىنىنى باشلاپ، يېڭىسارنىڭ توپلۇق يايلىغىدا كېتىۋاتسا، بىر توپ پادىچىلار لايدا شاترەنج (شاخمەت) ياساپ ئويناۋاتقىدەك، بۇنى كورگەن ھۇسەيىن دەرھال يۈكلىرىنى چۈشۈرۈپ، ئىككى كۈن ئىچىدە قېتىقىنىپ ئۇلاردىن شاخمەت ئويناشنى ئۆگىنىۋاپتۇ. ئاندىن يەنە مېڭىپ ياركەنتكە چۈشۈپتۇ. بىر كۈنى بىر مەدرىسىنىڭ ئالدىدىن ئوتۇۋاتسا، بىر قانچىلىغان تالىپلار ئەبجەد ھىساۋى ئۈستىدە مۇنازىرىلىشىۋاتقىدەك. ھۇسەيىن ئىككى خېچىر مالنى ئۇلارنىڭ ئۇستازىغا سوۋغا قىلىپ ئىككى ھەپتە ئىچىدە ئەبجەد ھىساۋىنى ئۆگىنىپ، رەقەملەردىن جۈملە تۈزەلەيدىغان بوپتۇ. ھۇسەيىن ئۇستازىنىڭ ئالقىشىغا سازاۋەر بوپتۇ. ھۇسەيىن ياركەنتنىڭ سەھرا - يېزىلىرىنى ئارىلاپ، بىر باغ ئىچىدە بىر ئائىلە كىشىلىرىنىڭ زىلچا توقۇۋاتقانلىغىنى كورۇپتۇ ۋە 10 خېچىر مال بېرىپ، قىرىق كۈندە ئۇستازىغا ئوخشاش توقۇيالايدىغان بوپتۇ. ئۇستازى «قولىڭىز مەندىن تېز بوپتۇ، قولى ئاستا كاسىپتىن ئايىغى تېز قەلەندەر ياخشى» دەپتىكەن، «قولىڭىز بەركەتلىك بولغاي» دەپ دۇئا قىپتۇ. شۇنداق قىلىپ يۈرۈپ ھۇسەيىن:

ئۇيالما مەرىپەتنى ئۆرگەتۇردىن،
بولۇر ھالىڭ تونۇر، قالساڭ قاتۇردىن.

دىگەننى دائىم ئېسىدە تۇتۇپ، ئىككى خىل ئىلىم ۋە ئۈچ خىل ھۈنەر ئۆگۈنۈپ، قالغان خېچىردىكى ماللىرىنى سېتىپ ئوردىغا قايتىپتۇ.

ھۇسەيىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، شاھ ئۇنىڭ ئوقۇغان ئۆگەنگەنلىرىنى بىر قۇر ئوقۇتۇپ، ئىنشىلىتىپ كورۇپ، ئەمدى تويۇڭنى باشلاي، دەپ، موللا سەيپىدىنگە سوۋغا - سالاملار بىلەن قايتا ئەلچى ئېۋەتىپتۇ. بۇلار ھېچقانداق سوئال قويماستىنلا، توي باشلاشنى ماقۇل كورۇپ، شاھقا جاۋابەن سوۋغا - سالاملار يوللاپتۇ.

شاھ توي ئەلچىلىرىدىن ئەھۋالنى ئاڭلاپ، موللا سەيپىدىن بىلەن بۇبى رابىيەدانىشمەنلەردىن ئىكەن، بولمىغاندا، ئالدىنقى قېتىم قويغان سوئاللىرىنىڭ جاۋابىنى كۈتمىشى لازىم ئىدى، دەپتۇ. شۇنداق قىلىپ، شاھ شەھەر-شەھەرلەرگە نامە ئەۋەتىپ،

قىزىق كېچە ـ كۈندۈز توي قىلىپ، هۇسەيىن بىلەن بۈبى رابىيەنى نىكاھلاندۇرۇپتۇ. يىراق شەهەرلەردىن كەلگەنلەر ئەمرىشەب هۇسەيىننىڭ توي ـ تاماششەسىدە كورسەتكەن ئات ئويۇنىنىش، چېلىش، ئوقيا ئېتىش قاتارلىق ماهارەتلىرىنى، شۇندەك داۋازلارنىڭ ئاغامچا ئۈستىدە يۈرۈش قاتارلىق ماهارەتلىرىنى كورۇپ، مەدهىيىلەر ئوقۇپتۇ، تارتۇقلار سۇنۇشۇپتۇ، شاهنىڭ شوهرىتىگە شوهرەت قوشۇلۇپتۇ.

ئەمىر شەب هۇسەيىن تويدىن كېيىن بۈبى رابىيەبىلەنلا بولۇپ كېتىپ، خىزمىتىگە ئۈزە قاراپتۇ. بۈبى رابىيە هامىلدار بوپتۇ. بىر كۈنى بۈبى رابىيە گەپ باشلاپ: "ئەي ئەمىرىم، شاهىمىز سىزنى بىر ناۋاي قىلىپ يېتىشتۈرگەن ئىكەن، بېشىڭىزدا كوتۈرۈپ يۈرگەن تەۋەگدەتۇگمەس نېنىڭىز بار ئىكەن، ئىشتىها يىگىز كەلگەندە قولىڭىزنى سۇنۇپلا ئېلىپ يەيدىكەنسىز، ناۋاي بويىنىنى تىك تۇتۇپ تۈز يولدا ماڭسا، بېشىدىن تەۋەك چۈشۈپ كېتىپ، نانىنىڭ بۇلغۇنىشى تۇرغان گەپ. بېشىڭىزدىكى تەۋەك يانتۇ كۈرۈنىدۇ، پەخەس بولمايدىكەنسىز، تەۋەگنىڭ چۈشۈپ كېتىش خەۋپى بار كورۇنىدۇ" دەپتۇ.

ئايالىنىڭ بۇ مەنىلىك سوزلىرىدىن تەسىرلەنگەن هۇسەيىن دەرهال هوشىنى يىغىپتۇ.

ئۇ رەئىيەنىڭ ئەهۋالىنى بىلىش ئۈچۈن، بىر كۈنى ئوتانچى قىياپىتىدە كىيىنىپ، بېلىگە ئىككى زاغرىنى تۈگۈپ، ئىككى ئېشەككە ئوتۇن ئارتىپ، "ئوتۇن قانچە؟" دىگەنلەرگە "چاغلاپ بېرەلا، كام بولا" دەپ قويۇپ، شەهەرنىڭ كوچىلىرىنى ئايلىنىپتۇ. سېپىتەچى، قانساپ، ناۋاي، كاۋاپچى هەممىلا ساهەدىكىلەرنىڭ گەپ ـ سوزلىرىنى، بىر قىسىم پىتنە ـ پاساتلارنى ئاڭلاپتۇ. پاششاپ، چەكەدى، دېنەكچىلەرنىڭ توغرىلىرىنى ۋە رەئىيەنىڭ ئاهۇ ـ زارىغا قۇلاق سالماي، رەئىيەنى مەگسىتمەي تەكەببۇرلىشىپ كەتكەنلەرنى، ئوغرى، مەككار خىيانەتچىلەرنى ئەتراپىغا يىغىۋالغانلىرىنى پايقاپتۇ. خەلقىنىڭ بۇ جەهەتتىكى نارازىلىقلىرىنى ئاڭلاپتۇ.

ئاخىرى، ناماز شام ۋاقتىدا بىر كاۋاپچىنىڭ دۇككىنىغا كېلىپ قاپتۇ. كاۋاپچى ئوتۇنغا كوزى چۈشۈپ، "ئوتۇن قانچە؟" دەپتۇ. هۇسەيىن: "چاغلاپ بېرەلا" دىگەن هامان، كاۋاپچى: "تازا بىر سەهرايى ئىكەن بۇ" دەپ ئويلاپتۇ ـ دە، هۇسەيىننىڭ كېلىشكەن گەۋدىسىگە سەپسېلىپ قاراپتۇ. هۇسەيىن كاۋاپچىنىڭ قىياپىتىنىڭ خەۋپلىك ئىكەنلىگىنى پايقاپ، سالۋا تۇمىغىنى چوكۇرۇپ كىيىپ، ئىشەكنى "قىخ" دەپ ماڭغۇزغا، كاۋاپچى باشقىلارنىڭ سالاسۇلەسى بىلەن ئوتۇننى ئورىرەك باھادا ئالماقچى بوپتۇ. كاۋاپچى هۇسەيىنگە ئوتۇننى بالىخانىغا تىزدۇرۇپتۇ. ۋاقىت خۇپتەندىن ئوتۇپ قاپتۇ. كوچىدا كىشىلەرمۇ قالماپتۇ. كاۋاپچى هۇسەيىنگە: "هوي ئوتۇنچى، مەيەرگە كېلىپ قوساقنى تويغۇزۇۋال" دەپ ئالدىغا تورت زىخ كاۋاپ بىلەن چاي قويۇپتۇ. هۇسەيىن كاۋاپنىڭ پۇرىغىدىن: "ئېهتىمال ئادەم گوشىمىكىن؟" دەپ شۈبهىلىنىپ، ئۇز نېنىنىلا يەپتۇ ۋە "پۇل خىجىللىغىم بار ئىدى، چىقىم قىلىۋەتسەم، هونەردەسما يەم كېمىيىدۇ" دەپ، ئوزرە ئېيتىپتۇ ۋە كېتىشكە ئالدىراپتۇ.

كاۋاپچى ئەتراپتا كىشى قالمىغانلىغىنى پايقاپ، گوش پارچىلىغۇچىغا: "بولمىسا، ئاۋۇ ساندۇقتىكى پۇلدىن ئېلىپ بەرگىن" دەپتۇ. هۇسەيىن ساندۇقنىڭ يېنىغا پۇلنى ساناپ ئېلىش ئۈچۈن بارغان ئىكەن، دەسسەپ تۇرغان ئورنىدىن بىر ئىشىك ئاستى تەرەپكە ئېچىلىپ، هۇسەيىن ئادەم گوشىدە كاۋاپ ساتقۇچىنىڭ يەر ئاستى زىندانىغا چۈشۈپ

كېتىپتۇ. قارىسا، بۇنىڭ ئىچىدە تۇزاققا ئىلىنـ
دۇرۇپ چۈشۈرگەن نۇرغۇنلىغان كىشىلەر ياتقان.
بۇلارمۇ ھۇسەيىنگە، "ۋاي ئىستەي، كېلىشكەن
يىگىت ئىكەنسەن..." دېيىشىپ ئىچ ئاغرىتىپتۇ.
ھۇسەيىن ئۇلار بىلەن ئەھۋال سورىشىپ،
ئىشنىڭ ئۇجۇر - بۇجۇرىنى بىلىۋاپتۇ. ھۇ-
سەيىن بۇ يەردىكىلەرنىڭ دىققەتچىلىكىنى
بىر تەرەپ قىلىش ئۈچۈن، لايدا شاخمەت يا-
ساپ، ئۇلارغا ئۆگىتىپ، ئوينىشىپ مېيلىكە
بولۇشۇپتۇ.

بىر كۈنى كاۋاپچىنىڭ جاللاتى پىچىغىنى
چىشلەپ كىرىپ، ئۇنى-بۇنى مىجىقلاپ كۆرۈپ،
ھۇسەيىننى گوداك بېشىغا سورەپتۇ. زىندانـ
دىكىلەر ئاللا-چۇۋقان كوتىرىشىپ، "بۇ ئوتۇنـ
چىنىڭ ئورنىغا باشقىمىزنى كاۋاپ قىلىڭ"
دېسىمۇ، ئۇنىمىماپتۇ. جاللات ھۇسەيىننى باغ-
لاپ، پىچاق سۈرگىلى تۇرغاندا، ھۇسەيىن
"ۋاي ئىبىسىت، ھۈنەر - بىلىم! گوش قىلساڭلا،
بىر ئاخشاملىق كاۋاپ بىلەن تۈگەيمەن، مۇ-
شۇ ئادەملەر بىلەن ھۈنەر قىلسام،
نەچچە يۈز تىللاغا يارايتتى،
بۇنىڭدىن جىق پايدا ئالاتتىڭىز"
دەپتۇ. جاللات: "ھۈنىرىڭ نېمە؟، تېز ئېيت"
دەپتىكەن، ھۇسەيىن: "زىلچا توقۇيمەن" دەپـ
تۇ. جاللات پىچىغىنى قايتۇرۇپ، ھۇسەيىنـ
نى جايىغا سولاپ قويۇپتۇ ۋە زىلچا توقۇشـ
قا كېرەكلىك نەرسىلەرنى تەييارلاپ بېرىپـ
تۇ. ئۈچ كېچە - كۈندۈز دېگەندە ھۇسەيىن
چىرايلىقلىغىدىن ئوتتەك چاقناپ تۇرىدىغان
بىر زىلچا توقۇپتۇ. ئۇنىڭ ئوتتۇرىسىدا
بىر يولۋاس، يولۋاسنىڭ بېشىدا خەنجەر
چىشلەپ تۇرغان بىر مۈشۈكنىڭ يولۋاسقا
چاڭگال سېلىۋاتقان سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن.
سۈرەتلەرنىڭ قوساق تەرىپىگە ئەبجەد رەقەمـ
لىرىنى گۈل شەكلىدە بېرىپ، ئوزىنىڭ كا-
ۋاپچىنىڭ زىندانىدا ئىكەنلىگىنى بىلدۈرۈپتۇ.

كاۋاپچى زىلچىنى كۆرۈپ كۆزلىرىدىن
ئوت چاقناپ كېتىپتۇ. "دەرھال پەدەزلە،
دىگىنىمگە ساتىمەن، ئىككىنچىسىنى توقۇشـ
قا كىرىش"، دەپتۇ. ئىچىدە "بازارغا سالىـ
مەنۇ، لېكىن مىڭ تىللاغىمۇ بەرمەيمەن،
شاھنىڭ ئوردىسىغا سېتىپ، تىللا دىگەننى
لىگەنلەپ ئالمايمەنمۇ" دەپ ئويلاپتۇ.

ئەمدى گەپنى ئوردىدىن ئاڭلايلى:

ھۇسەيىن بەلگىلەنگەن مۇددەتتە
قايتىپ كەلمىگەندىن كېيىن، بۇنى رابىيە
شاھقا مەلۇم قىلماقچى بوپتۇ ۋە شاھنىڭ
ھوزۇرىدا ئوز كىشىلەر ۋولۇپ قالسا ئېغىز
ئېچىپ سوزلەپ بولماس، دەپ ئويلاپ، "ھور-
مەتلىك شاھ ئاتام، ھەزرەتلىرىگە مەلۇم
ئەمرى شەبابىرى ھۇسەيىن خىزمەت يۈزىسـ
دىن ئىككى ئۇلاق ئوتۇن بىلەن ئوتۇنچى
سۇپىتىدە چىقىپ كېتىپ، بەلگىلەنگەن
مۇددەتتە قايتىپ كېلەلمىدى، قايسى ئېلىمـ
نى ئوقۇغان، ھۈنىرى نېمە ئىدى، ۋاقىپ
بولۇشىڭىزنى سورايمەن، پەرمانىڭىزنى كۈـ
تۈمەن" دەپ ئىككى ئىلىك خەت يېزىپ،
ھامىلدارلىق بويى بىلەن شاھ ھوزۇرىغا كىـ
رىپ، تازىم بىجا كەلتۈرۈپ، خەتنى سۇـ
نۇپتۇ. شاھ خەتنى ئېلىپ ئوقۇپ، بۇبىـ
رابىيەنى خاس خانىسىگە باشلاپ كىرىپ كېـ
تىپتۇ. بۇ ئەھۋالنى كورگەن ئوردا ئەمىرلىرى
"قانچە كۈندىن بېرى ئەمرى شەپ
ئوردا سالامىغا ئىشتىراك قىلالمىدى.
بۈگۈن - ئەتە كوز يۇرۇشى تۇرغان بۇبى را-
بىيە خېنىمنىڭ خاس كېلىشىدە ئېھتىمال
سەۋەپ بار. شەۋكەتلىك شاھىمىزنىڭ ئېلىنـ
نىڭ ئامانلىغىغا بىرەر خاۋپ يۈزلەنگەنـ
مىكىن؟"... دېيىشىپ پەرمان كۈتۈپ تۇرۇشۇپتۇ.

شاھ خاس خانىسىدا ھۇسەيىننىڭ نىكاھلىنى

نىش ئالدىدا ئۆگەنگەن ئىلىم - ھۈنەرلىرى-
دىن بۇبىرابىيەنى خەۋەرلەندۈرۈپ، بىرىنچى
قېتىم تىزدىن ئىزلەش چارىسىنى ئويلىشىپتۇ.
ئەتىسى شاھ ئوردىغا زىلچا سېتىۋېلىش
توغرىسىدا شۇنداق دەپ پەرمان چۈشۈ-
رۈپتۇ :

«پەرمان

بۈگۈندىن ئېتىۋارەن ئوردىغا ھەرخىل
نۇسخىدىكى زىلچىلار سېتىپ ئېلىنىدۇ، بار-
لىق زىلچا ساتقۇچىلار ياكى ئائىلىسىدە زىلچىسى
بارلار ئوردىغا ئېلىپ كېلىپ كورسەتسۇن، زىلچا
يارىسا، دىگەن باھاسىغا ئېلىنىدۇ؛ يارىماي قال-
غاندىمۇ، شاھنىڭ ئەمرى-پەرمانىنى ئىجرا
قىلغانلىغى يۈزىسىدىن كېلىش - كېتىش
ھەققى بېرىلىدۇ، زىلچا سېتىش ئۈچۈن ئور-
دىغا كىرگۈچىلەرگە زىياپەت بېرىلىدۇ. يارى-
غان زىلچىلارنىڭ پۇلى نەق بېرىلىدۇ، ئور-
دىنىڭ تەستىقىسىز بازاردا زىلچا ساتقۇچى-
لار، شاھنىڭ ئەمرى-پەرمانىغا خىلاپلىق قىل-
غۇچىلار، دەپ قارىلىپ، جازاغا مۇستەھىق
قىلىنىدۇ.»

بۇپەرمان ھەممە يەرگە يەتكۈزۈلۈپتۇ. زىل-
چا كورۈش ئۈچۈن ئايرىم ئۆي راسلىنىپتۇ.
خەزىنىچى، مېھمان كۈتكۈچىلەر ھەممىسى تەي-
يار بولۇشۇپتۇ. شاھنىڭ ئالدىدا بولسا
ۋەزىرى ئەئزەملەر، ئەمرى لەشكەرلەر، ئا-
لاقىدار قاراۋۇللار سەپراست بولۇشۇپ تۇ-
رۇپتۇ.
شاھنىڭ ئەمىر - پەرمانىدىن ۋاقىپ بول-
غان خالايىق ھېيتلىق كىيىملىرىنى كىيىشىپ،
زىلچىلىرىنى قولتۇقلىرىغا قىسىشىپ ئوردىغا
قاراپ ئېقىشقا باشلاپتۇ.
ئەھۋالنى كورگەن كاۋاپچى كاۋاپنى شا-
گىرتلىرىغا تاشلاپ، ئويىگە كىرىپ جابدۇ-
نۇپ، ھېلىقى زىلچىنى قولتۇغىغا قىسىپ
شاھ ئوردىسىغا يول ئاپتۇ. زىلچا تاللاش
خانىسىغە كىرىپ زىلچىنى ياياغان ئىكەن،
ئوردا كىشىلىرى زىلچىنىڭ گۈزەللىگىگە ھەي-
ران قېلىشىپتۇ. بۇبى رابىيە زىلچىنى كو-
رۇپلا ئەھۋالنى چۈشۈنۈپتۇ. «مانا مۇشۇنداق
رەڭدىكى، مۇشۇنداق نۇسخىدىكى گىلەم قان-
چە بولسا شۇنچىلىك ئالىمىز» دەپ، كاۋاپ-
چىنى زىياپەتخانىغا باشلاپ قويۇپ، زىلچى-
نى ئېلىپ شاھنىڭ ھوزورىغا كىرىپتۇ. قال-
غانلار كاۋاپچى بىلەن سوھبەتلىشىپ تۇرۇپ-
تۇ. كاۋاپچى مەغرۇرلۇق بىلەن: «بۇنداق
زىلچىنى مېنىڭ خوتۇنۇم توقۇيدۇ. باھا-
سىغا كەلسەكلا، قانچە بولسا توقۇپ بېرىمىز»
دەپتۇ. كاۋاپچىنىڭ ئويىگە تىزدىن كىشى ئە-
ۋەتىپ قارىغىدەك بولسا، خوتۇنى بويىدىن
ئاجراپ ياتقان، زىلچا تۈگۈل ئىشتانىباغ
توقۇغۇچىلىك تىلەتى يوق. شۇنداق قىلىپ
باھالىشا - باھالىشا، كاۋاپچىنىڭ دىگى-
نىگە يەتكىچە بولغان ئارىلىقتا، شاھنىڭ پەر-
مانى بىلەن كاۋاپچىنىڭ دۇكىنى قورشاۋغا
ئېلىنىپ بوپتۇ ۋە زىندان ئىشىگى پاچا قىلى-
نىپ، ئەمرىشەپ ھۇسەيىن باشلىق بەندى
زىندانىلار ئازات قىلىنىپتۇ. كاۋاپچىنى
ھەددىدىن ئاشقان جىنايىتى ئۈچۈن شەھەر-
نى ئايلاندۇرۇپ سازايى قىلىپ يۈرگەندە،
شائىرلارنىڭ پارسى زەبانىدىكىلىرى:

«ھۈنەردار ھۈنەر ئەست،
بى ھۈنەر خار ئەست»

دىيىشسە، تۈركى زەبانىدىكىلىرى:
«تىكەنىكى باش چىقارسا مەملىكەت گۈلزارىدىن،
سىياسەت تىغى بىلەن باشىنى ئۈز مەگىلىك كېرەك»
دىيىشكەن ئىكەن.
ئاخىرۇلئەمىر، بىر ئىگىز دارىيا سىتىلىپ، كا-
ۋاپچىنىڭ پۇلغا تويماس نەپسىگە ھېلىقى

زىلچا باھاسىغا كېلىشكەن تىللانى ئېرىتىپ ئاغزىدىن قويۇپ، دارغا ئېسىپ ئۆلتۈرۈپتۇ.

بۇبى رابىيە شاھنىڭ ئالدىغا زىلچىنى ئېلىپ كىرىپ، ئەمرى شەپ هۇسەيىننىڭ سالامەت قېلىشىغا ۋە ئۇنىڭ بىلەن يۈز كۆرۈشكە ئامال بولىدىغانلىقىنى بىلگەندىن كېيىن، يەڭگىش ئىپادىسى بىلىنگەچكە شاھقا ئۇزرە بايان قىلغان ئىكەن، ئاتىسى موللا سەيپىدىننىڭ ئالدىغا ئاسراپ ئېۋەتىلىپتۇ.

ئەمرى شەب هۇسەيىن پاجىئەدىن قۇتۇلۇپ، ئۆز مەرتىۋىسىگە ئولتۇرغان كۈنى پىرىم ھەزرىتى موللام ئۇپال سوسەر ئاغزى ئازىق مەھەللىسىدە موللا سەيپىدىن ئاكىنىڭ باغى ئىرەملىك ھويلىسىدا دۇنياغا كەلگەن ئىكەن.

موللا سەيپىدىن ئاكا سۆيۈنۈپ "شاھىمغا، نۇردىدەم ئەمرى شەب هۇسەيىنگە ئۆزەم خوش خەۋەر يەتكۈزىمەن، ياخشى سائەتتە دۇنياغا كەلگەن نەۋرەمگە موللا، مۇنەججىم، ئەقىل ئىگىلىرى بىلەن مەسلىھەتلىشىپ ئات قويۇشنى ئىلتىجا قىلىمەن" دەپ يولغا راۋان بوپتۇ.

شاھ قىرىق بۇلاق (ئۇپال ئارت) تا ئوردا ئەمىرلىرى بىلەن سەيلىدە ئىكەن. موللا سەيپىدىننىڭ كەلگىنىنى ئاڭلاپ، ئالدىغا چىقىپ كۆرۈشۈپتۇ. هۇسەيىن باشلىق ئەمىرلەرمۇ قۇچاقلىشىپ كۆرۈشۈپتۇ. موللا سەيپىدىن شاھنىڭ غەلىبىسىنى مەدھىيە بىلەن تەبرىكلەپتۇ ۋە خوش خەۋەرنى يەتكۈزۈپتۇ. شاھ خوجا سەيپىدىننىڭ مەدھىيىسىگە بارىكاللا ئوقۇپ، "بۈگۈندىن ئېتىۋارەن شەنىڭىز غوجا سەيپىدىن بۈزرۈك بولغاي، بۇبى رابىيە قىزىمىزنىڭ ئوغۇل پەرزەنت كۆرگىنىگە مۇبارەك بولغاي"، دەپتۇ. ھەممەيلەن خوجا سەيپىدىن بۈزرۈك بىلەن ئەمرى شەب هۇسەيىننى تەبرىكلىشىپتۇ. شاھ يەنە پەرمان چۈشۈرۈپ، ئەمرى شەب هۇسەيىنگە ئەمرى سۇلتان مەرتىۋىسىنى بېرىپتۇ ۋە مۇنەججىملەرگە قاراپ: "بىزنىڭ شان - شەۋكىتىمىزگە بىر ئوغۇلنىڭ دۇنياغا كۆز ئاچقانلىقى شەرەپتۇر. قېنى مۇنەججىم، ئۆلىمالىرىمىز ئىسىم بەلگۈلەيدىلى"، دىگەن ئىكەن، ھەركىم ئۆز مۇتالىئەلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇشۇپ، ئاخىرى، "م (مىم) - مەمنۇنىيەتلىك، ھ - ھەمدۇ سەنا (شۈكرى قىلىش)، م (مىم) - ماھارەتلىك، و (ۋاۋ) - ۋارسۇلئىلىم (ئىلىمنىڭ ۋارىسى)، د (دال) - ئىلىم - بىلىم بىلەن، ھۈنەر-ماھارەت بىلەن ماختانغۇچى، شوھرەت قازانغۇچى بولسا"، دىيىشىپتۇ. شۇندىن كېيىن، شاھ: "ئاندان بولسا، نەۋرىمىزنىڭ ئىسمى مەھمۇت (مەھمود) ئىبىن هۇسەيىن بولغاي" دەپ دۇئاغا قول كۆتىرىپتۇ. ھەممەيلەن "قۇتلۇق، قۇتلۇق..." دەپ مۇبارەكلىشىپتۇ. ئاندىن كېيىن شاھ: "ھازىردىن باشلاپ ھەر بىر ياشقا مىڭ خىل ئىلىم - ھۈنەر ئازلىق قىلىدۇ، ھاياتلىقتىن ماماتلىققىچە ھەر قانداق ئەر-ئايال ئىلىم - ھۈنەر ئۈگىنىپ، ئۆزىنى قەدىرلىسۇن. كىمكى ئىلىم - ھۈنەر ئەھلى بولۇشقا ئادەتلەنمەيدىكەن، سېلىقنىڭ كۆپ قىسمى شۇلاردىن ئېلىنسۇن، چۈنكى، مۇنداق كىشىلەر ئۆزىنى ئۆزى خار قىلغۇچىلاردۇر" دىگەن پەرمانىنى چۈشۈرۈپتۇ.

شۇندىن كېيىن، رەئىيە مۇشۇ پەرمان ئاستىدا ئىش قىلىپ، پۈتۈن مەملىكەت ئاۋات، رەئىيە خۇشال - خۇرام دەۋر سۈرگەن ئىكەن.

مەھمۇت كىچىكىدە ئائىلىدە تەربىيە ئالغان ئىكەن، ئۇ كىچىكىدىن ئۆزىنىڭ بىلىملىك ۋە زىرەكلىكى بىلەن تونۇلغان ئىكەن، مەرىپەتلىك ئايال بولغان ئانىسى بۇبى رابىيە ۋە ئىلىم - ھۈنەرنىڭ قەدرىگە يەتكەن ئاتى-

سى ھۆسەيىن ئۇنى كىچىكىدىن ئىلىمگە ھەۋەسكار قىلىپ تەربىيىلىگەن. كېيىن چوڭراق بولغىنىدا، قەشقەرگە كېلىپ دەۋرىنىڭ ئاتاغلىق مەلۇماتلىرىدىن تەلىم ئالغان. ئۇنىدىن كېيىن، ئۆز ئىلمىنى يەنىمۇ تولۇقلاش يۈزىسىدىن مۇق يولى ئارقىلىق غەرپ دۆلەتلىرىگە ئىلىم تەھسىل قىلىش ئۈچۈن چىقىپ كېتىپ، باغداتتا ئۇزاق تۇرۇپ قالغان ئىكەن. بۇ يەرلەردە ئىلىم تەھسىل قىلغان، مۇدەررىس بولغان ۋە نۇرغۇن كىتابلار تەسنىپ قىلغان ئىكەن.

مەھمۇت كەتكەندىن كېيىن ئانىسى رابىيە ئۇزاق كۈتۈپتۇ، بالىسى كەلمەپتۇ. ئاخىرى "قېرىغىنىمدا بولسىمۇ، كۆز نۇرۇم - بالامنى ئىزلەپ تاپاي، ئۇنى كۆرۈپ ئۆلەي، ئاھ - بالام نەدىسەن» دەپ، مۇق يولىغا قاراپ مەغرىبكە ئىزلەپ، ھەر قەدەمدە ئىككى رەكئەت نامىز ئوقۇپ مېڭىپتۇ، بەدەنلىرى يېرىلىپتۇ، تىزلىرى يېغىر بوپتۇ. ئاخىرى، ئورە يۈرەلمەي، ئومۇلەپ مېڭىپتۇ. بىچارە بۇۋى رابىيەگە بالىسىنى كۆرۈش نېسىپ بولماپتۇ. مۇق يولىدا «بالام» دەپ كېتىۋېتىپ جان ئۈزۈپتۇ①.

ئارىدىن بىر قانچە يىللار ئۆتۈپتۇ. ئاخىرى، ئوپالدىن باغداتقا ھەزرىتى موللامنىڭ دېرىكىنى ئېلىش ئۈچۈن بىر سودا كارۋىنى مېڭىپتۇ. كارۋان بېشى باغداتتا بىر مەزگىل تۇرۇپ قايتىشىدا ھەزرىتى موللامنى بىللە ئېلىپ قايتىپتۇ.

پىرىمىز ھەزرىتى موللام دەۋتىدىن② ئوتۇپ، گەز دەرياسىنى بويلاپ، قىرىق كىچىكتىن ئۆتۈپ، ئۇلۇغ ئارتداۋىنىغا يېتىپ كەلگەندە، يۇرتداشلىرى ئۇنى داۋاندىن يۈدۈپ ئۆتكۈزۈپ كېلىدىك قېنى توكۇلگەن ئوپالغا ساق - سالامەت ئەكېلىپ قويغان ئىكەن③.

- ھەزرىتى موللامنى ئېلىپ كەلگەن كارۋان بېشى ئوپالدىن كېتىدىغان چاغدا ئايالى ھامىلدار قالغان ئىكەن. ئۇ كەتكەندىن كېيىن، بۇ ئايال تۇغۇتتىن كېيىن ۋاپات بولىدىكەن. تۇغۇلغان قىزچاق بولۇپ يېتىمىشىدىكەن، كېيىن بىر - ئىككى ياتلىق بولۇپ ئەردىن بەختسىز بولۇپ، يېتىمچىلىك بېسىپ تۇل ئولتۇرىدىكەن. شۇ چاغدا كېلىپ قالغان كارۋان بېشى بۇ ئايالغا نىكاھلىنىش نىيىتىگە كېلىپ، ئۇيا قىتىن - بۇيا قىتىن سۈرۈشتۈرۈپ كورسە، ئۆزىنىڭ قىزى چىقىپ قاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن "خۇدانىڭ ئالدىدا گۇناھكار بولۇشقا ئازلا قاپتىمەن» دەپ تەۋبە - ئىستىغپار كەلتۈرۈپ، ھەزرىتى موللامدىن قانداق قىلىشنى سورىغاندا، ھەزرىتى موللام: "ھەممىمۇ خۇداسا قىلاپتۇ. گۇناھقا پۇتۇلۇشكە ئازلا قاپسىز، شۇنداق بولسىمۇ، بىر قانچە تۈپ ئۈژمە دەرىخى تىكىپ ئۆستۈرۈپ قويۇڭ»، دەپتىكەن. مۇشۇ ئۈژمىلىك كۆچىدىكى ئۈژمىلەرنى شۇ سودىگەر بىنا قىلغان ئىكەن. شۇندىن بېرى بۇ جاي "ئۈژمىلىك كوچا» دېيىلىدىكەن.

ھەزرىتى موللام يېنىپ كەلگەندىن كېيىن مۇشۇ مارجان بۇلاق بېشىدىكى دەرس

---

① بۇ بۇۋى رابىيەنىڭ مازىرى ھازىر ئوپالنىڭ پامىرغا ماڭىدىغان چوڭ يول بويىدىكى «زىكچى مەھەللىسى» دىگەن يەردە.

② دەۋەت بۇ گۈن تۈپ سوگەت بار بىر مەۋھۇم بەندىگان.

③ ھازىرقى ئوپالنىڭ شائاشۇق قورۇل مەھەللىسىدە ئەينى زامانىدا قاراۋۇل بولۇپ، ئۆتكەن كىشىلەرنىڭ ئەۋلادى بولغاچ، ھازىرمۇ شۇ مەھەللىدىكىلەر قورۇل لەقىمى بىلەن ئاتىلىدۇ. بۇندىن 20 نەچچە يىل بۇرۇن 90 يېشىدا ۋاپات بولغان ئىسمائىل قورۇل ماڭا «ھەزرىتى موللام دەۋىتىدىن قايتىپ ئۇلۇغ ئارتقا كەلگەندە، بىزنىڭ ئەۋلادىمىز داۋاندىن يۈدۈپ ئۆتكۈزۈپ، ئوپالغا ئېلىپ كەلگەن، بىزنىڭ ئەۋلادىمىز ھەزرىتى موللامنىڭ دۇئاسىغا يولۇققان»، دەپ بەرگەن.

خانىدا دەرس ئوتۇپتۇ. ئۇنىڭ ئىككى شاگىرتى بار ئىكەن، بىرسى، ئىمام مالىك ئەژدەر، بىرسى، ئىمام مالىك ئەسقەر. ئىمام مالىك ئەژدەرنىڭ ئەسلى ئىسمى ئىمام مالىك ئەكبەر ئىكەن. بىركۈنى بۇ ئاكا - ئۇكا ئىككىيلەن كېچىسى سىرتقا چىقىپ كىلىۋاتسا، بىر دىخان يىگىت يېرىم كېچىدە قوش ھايداۋاتقان، يىگىتنىڭ ئانىسى ئارقىسىدىن يىغلاپ ئەگىشىپ يۈرگەن. بۇنى كۆرگەن ئىمام ئەكبەر «نىمىشكە يىغلايسىز»، دەپ سورىسا، ئەھۋال مۇنداق ئىكەن: شۇ ئەتراپتا بىر ئەژدىھار بولۇپ، ھەر يىلى دىخانلارنىڭ بىردىن بالىسىنى يەيدىكەن، بولمىسا خەلققە بالايى ئاپەت ياغدۇرىدىكەن. شۇ كۈنىنىڭ ئەتىسى ئۇ يىگىتنى يېيىش نۇۋىتى كېلىپ قاپتۇ. شۇڭا يىگىت ئۆلۈش ئالدىدا ئالدىراپ ئانىسىغا يەرنى تېرىپ بېرىپ كىتىش ئۈچۈن كېچىلەپ قوش ھايداۋاتقان. ئانىسى بولسا، بالىسىغا چىدىماي، ئارقىسىدىن ئەگىشىپ يىغلاۋاتقان ئىكەن. ئىمام ئەكبەر ئەژدىھارنى ئۆلتۈرۈشكە جەزىم قىپتۇ ۋە ھەزرىتى موللامدىن ئىجازەت سوراپتۇ. ھەزرىتى موللام ئىمام ئەكبەرنىڭ بارماسلىغىنى، ئەژدىھارنى ئۆلتۈرۈشكە ئۆزى بېرىشنى قارار قىلىپ، ئىككى قىلىچنى ئېلىپ چىقىپتۇ. ئىمام ئەكبەر ھەزرىتى موللامنىڭ پۇتىغا ئېسىلىپ، «مەن باراي» دەپ يالۋۇرۇپ تۇرۇۋاپتۇ. ھەزرىتى موللام ئاخىرى ئامالسىز ئىمام ئەكبەرگە ئەژدىھارنى ئۆلتۈرۈشكە ئىجازەت بېرىپتۇ. ئىمام مالىك ئەكبەر كۆك ئىنەكنىڭ سۈتىنى ئىچىۋېلىپ، بېلىگە ئىككى قىلىچنى ئىككى يانغا قىرىپ چىڭ تېڭىپ، ئەژدىھارنىڭ ئالدىغا بېرىپتۇ. ئەژدىھار دەم تارتىشى بىلەنلا ئىمام ئەكبەر ئۇنىڭ ئاغزىدىن كىرىپ، ئۇنى ئىككىگە بولۇپ تاشلاپتۇ.

لېكىن، ئىچكەن سۈتىگە سۇ ئارىلاشقان بولغاچقا، زەھەر قايتماي، ئۆلۈپ كېتىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ھەزرىتى موللام بۇ پىداكار شاگىرتىنى ئۇلۇغلاپ ئۇزىتىپتۇ ۋە ئۇنىڭغا «ئىمام مالىك ئەژدەر» دەپ نام بېرىپتۇ.

ھەزرىتى موللام باغداتتىن قايتقاندىن كېيىن، ئوپالدا سەككىز يىل مۇدەررىسلىك قىپتۇ ۋە نۇرغۇن تالىپلارنى يېتىشتۈرۈپتۇ. ھەزرىتى موللام ھەر يىلى نورۇز ئېيىدا ئۆز تالىپلىرى بىلەن سوسەر ئاغزىدىكى بۇلاققا چىقىپ، نورۇزلۇق يېزىشىپ، سەيلە قىلىشىدىكەن (شۇڭا بۇ بۇلاق كېيىن «نورۇزبۇلاق» دەپ ئاتىلىپ كەتكەن).

موللام ئۆز ئۇستازىدىن «مەن قەيەردە دەپىن قىلىنىمەن» دەپ سورىغاندا، ئۇستازى «سەن مۇشۇ ھاساڭنى قەيەرگە سانجىساڭ شۇ ھاساڭ كۆكلىگەن يەردە دەپىن قىلىنىسەن» دەپتىكەن. ھەزرىتى موللام ھاسىسىنى مۇشۇ مارجان بۇلاقنىڭ يېنىغا سانجىغان ئىكەن، قايرىلىپ كېلىپ قارىسا، ھاسا كۆكلەپ كېتىپتۇ. موللام ھەيران بولۇپ، «ھاي، ھاي كۆكلەپ كېتىپسەنغۇ!» دىگەن ئىكەن، شۇنىڭ بىلەن بۇ تېرەك «ھاي-ھاي تېرەك» دەپ ئاتىلىپ قاپتۇ (بۇ تېرەك تا ھازىرغىچە شۇ بۇلاق بېشىدا كۆكلەپ تۇرماقتا).

موللام 97 يېشىدا دۇنيادىن ئۆتكەن ۋە مۇشۇ «ھاي - ھاي تېرەك»نىڭ ئۇدۇلىغا قويۇلغان ئىكەن.

دادام سوراقلارغا جاۋاپ بېرىپ كېلىپ: بىزنىڭ «ھەزرىتى موللام» دەپ سۈپەتلىشىمىز بۇ زات ئىلىمگە ھوددىگار پىرىمىزدۇر، ئۇ ئەنە شۇنداق زاماندا دۇنياغا كەلگەن، كېيىن ئىلىم - ھۈنەردە تەڭداشسىز بولغانلىغى ئۈچۈن مەۋلانايى شەمسىدىن مەھمۇدىيە ئىبنى ھۈسەيىن دەپ ئاتالغان، - دىدى.

گۈمبەزنىڭ ئىچى يورۇشقا باشلىدى، ئۇستازلار بىلەن تالىپلار خەتمە قۇرئان قىلىشىپ، يىغا - زارە بىلەن تەلەپ ۋە تەۋەججۇھلار قىلىشىپ، يان تەرەپتىكى مەسجىددە ناماز بامداتنى ئوقۇدۇق ۋە مەقبەرە سۇپىسىغا قويۇلغان كىتاپلار دوۋىسى ① ئىچىدىن ھەر قايسىمىز ئۆزىمىز خالىغان كىتاپلىرىمىزنى ئېلىپ كورۇشتۇق.

ئاندىن كېيىن دادام بەزى ئەھۋاللارنى تونۇشتۇرغىلى تۇردى: مانا بۇ تاغ «ھەزرىتى موللام تېغى» دەپ ئاتىلىدۇ. ھەزرىتى موللام دۇلدۇلىنى مۇشۇ يەردە قويۇپ، ئۇي تەرەپكە قاراپ غەزەللەر يازغان ئىكەن. بىر كۈنى سەھەرلىكى بىر ساھىپ جامال قىز موللامنىڭ ئالدىغا تۇيۇقسىز چىقىپ قاپتۇ-دە، ئۇيۇلۇپ، يۈزىنى تۇتقانچە كېتىپ قاپتۇ. موللام "ئۇيدا چولپان كوردۇم" دېگەن ئىكەن. شۇنىڭ بىلەن بۇ مەھەللىنىڭ ئىسمىمۇ "ئۇي چولپان" بولۇپ قاپتۇ.②

— ئەنە، ئاۋۇ ئاغامچا سورەتكەندەك كورۇنگەن سۇلتانباغ دارىسى، بۇ جايدا قەدىمى سۇلتانلار باغى ئىرەملىرى بولغان ئىكەن، خادا تاش، قايچى يول، باداڭ باستى دېگەن ناملار ئەينى ۋاقىتتا سۇلتانباغ دارىسىنىڭ سۈيىنى ياقىلاشتا قىلىنغان توغانلار. ئەنە ئاۋۇ قىزىل مەسجىد ئاتامنىڭ تېغى. ئىبادەتخانا خارابىسى تەۋەررۇك قىلىنىدىغان تۈز بۇلاق شۇ يەردە. شاھى ئىھرامنىڭ شەھەرلىرى شۇ ئەتراپلاردا بولغان ئىكەن. ئەنە قاراڭلار، چىمگەن، بورەتوقاي يايلاقلىرى، مۇق يولى شۇ يەردە.

— مانا قاراڭلار، بوك - باراخسان ئورمان دوڭ تۇۋىدىكى تەكيە مەھەللىسى. ئۇۋۋا قىتىتا ئەتراپتىن كەلگەن شاھزادىلەر، ئەلچىلەر سايياھەتچىلەر، خارىجى مېھمانلار مۇشۇ يەردە قونىدىكەن، ئەسلى ئىسمى "تەكيەخانە" بولسىمۇ، كېيىن ئۆزگۈرۈپ "تەكيە مەھەللە" بولۇپ كەتكەن.

— ئەنە قاراڭلار سوسەر ئاغزى ئازىق كەنتىنىڭ توپىسىدىكى مەقبەرە، بۇ، ھەزرىتى موللامنىڭ چوڭ دادىسى خوجا سەيپىددىن بۈزرۈكۋارنىڭ مەقبەرىسى. ③

— ئەنە ئىمام مالىك ئەژدەر، ئىمام مالىك ئەسقەرلەرنىڭ مازىرى. ئەنە نورۇز بۇلاق! -دەپ دادام جايلارنى بىر-بىردىن كورسەتتى. بىز نورۇز بۇلاقتا چۈشۈپ ئۇنىڭ سۈيىدىن ئىچىشتۇق.

تالىپلار ئۆز ئارا تەربىيەت (بىرىسى ئېيتقان بېيىتنىڭ ئاخىرقى ھەرپىدىن باشلاپ يەنە بىرىسى بېيىت ئېيتىش) ئېيتىشتۇق. شۇندىن كېيىن، ھەر قايسى تالىپلارغا ئۇنۋانلار بېرىلدى.

بىزنىڭ «ھەزرىتى موللام»غا بولغان بىر كۈنلۈك سەيلە پائالىيىتىمىز شۇنىڭ بىلەن تاماملاندى.

① ھەر تەرەپتىن كەلگەن ئولىمالار ھەزرىتى موللامنى زىيارەت قىلىشقا كەلگەندە، دۇئا - تەكبىر قىلىپ، قايتىشىدا ئۆزلىرىنىڭ ئەسەرلىرى ۋە ياخشى كورگەن كىتاپلىرىنى مازارغا تەقدىم قىلىش بىر ئادەتكە ئايلانغان.

② بۇ مەھەللە ھازىرمۇ شۇنداق ئاتىلىدۇ.

③ ھەزرىتى موللامنىڭ ئەجداتلىرىنىڭ مازارلىرى بۇ يەردە ئوچۇمەن «بۈزرۈكۋارلىرىم» دەپ ئاتىلىدۇ.

# ئوپال رايونىدىكى پىشقەدەملەرنىڭ «ھەزرىتى موللام» ھەققىدە ئېيتقانلىرى

(1982 - يىل، 12- ئاينىڭ 19 - كۇنى، ئوپال ھەزرىتى موللام مازىرى)

## I

### باۋۇدۇن قارىنىڭ «ھەزرىتى موللام» ھەققىدە ئېيتقانلىرى

«ھەزرىتى موللام» دىگەن سوز، بۇ مازاردا ياتقۇچىنىڭ لەقىمى. ئەسلى - ھەزرىتى مەۋلانا شەمسىددىن مەھمۇدىيەئىبن ھەسنىيە دىيىلىدۇ. بۇنى بىزگە تۇردى ھاجىم دىگەن (بوۋىسى- م) دەپ بەرگەن. "مەۋلانا" دىگەن سوز ئۇزىنىڭ ئالىملىقىغا قارىتىلغان، "شەمسىددىن" دىگىنى "دىنىنىڭ قوياشى" دىگەن سوز، "مەھمۇدىيە" دىگىنى ئۇزىنىڭ ئېتى ۋە ئەخلاقلىقلىقىغا قارىتىلغان.

ھەزرىتى موللام ئەسلىدە «ئازۇق» كەنتىدىن بولۇپ، ئىران، ئىراق تەرەپلەردە ئىلىم تەھسىل قىلغان. ئەرەپ، پارىس، تۇركى، روم قاتارلىق 8 - 9 تىلنى بىلىدىكەن. ئەڭ ئاخىرىدا مەن يۇرتۇمغا بېرىپ كەلسەم، دەپ مۇشۇ يەرگە كېلىپ ئاشۇ مەدرىسىدە (مازارنىڭ يېنىدىكى مەدرىسىدە) مۇدەررىس بولغان. مەدرىسىنىڭ ئېتىنى بىلمەيدىكەنمەن. بۇ يەرگە ھەممە ئىلىمنى شۇ كىشى تارقاتقان، باشقا جايلارغا بېرىپ، شۇ كىشى (ھەزرىتى موللامنى دىمەكچى) ئەسەر قالدۇرغان. ئۇ كىشى كەلگەندىن كېيىن ھەر پەيشەنبە كۇنى نورۇز بۇلاق (ھەزرىتى موللام مازىرىغا ئۇدۇل ھساپلىغاندا 300 مېتىرچە جەنۇپتا، ئازىق كەنتىدىن 400 - 500 مېتىرچە غەرپتىكى بىر بۇلاق) دىگەن يەردە بۇلاقتا نورۇزلۇق نەزمە يېزىپ تاشلىشىپ، تالىپلىرى بىلەن سەيلە قىلىشىدىكەن. چەتتىن قايتىپ كېلىپ 8 يىلدىن كېيىن، 97 يېشىدا ۋاپات بولغان ئىكەن. ھىجرى ھساۋىدا بۇنىڭغا ھازىر 1150 يىل بولغاندۇ؟

ھەزرىتى موللامنىڭ تەلەبىلىرىنىڭ بىرى، ئىمام مالىك ئەكبەر، بۇ كىشى ئەژدەرھانى ئۇلتۇرگەنلىكى ئۇچۇن ئىمام مالىك ئەژدەرمۇ دىيىلىدىكەن. يەنە بىرى، ئىمام مالىك ئەسقەر-بۇ ئىككى ئىمامنىڭ مازىرى بىر جايدا بولۇپ، ئىماملىرىم مازىرى دىيىلىدۇ. غوجا سەيپىددىن بۇزرۇكۋار، بۇ كىشىنىڭ مازىرى سوسەر ئېغىزىنىڭ جەنۇبى دۇقمۇشىدا، ئازىق كەنتىنىڭ غەربىدە.

ھۇسەيىن بىلىم بىلەن شۇغۇللانغان كىشى ئىكەن، ئۇلۇغلۇغىدىن ھەزرەت دىيىلىدىكەن.

بۇ مازارنىڭ شەيخلىقى بىزگە ئاتا-بوۋىدىن مىراس قېلىپ كېلىۋاتقان شەيخلىق. ئارىلىقتا مەنسۇر دىگەن كىشى بالىسىنى شۇ تاغا ئوقۇشقا بەرگەچكە، شەيخلىقنى بىر مەزگىل تارتىپ

ئالغان بولسىمۇ ، 1947 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى ( مىنگونىڭ 36 ـ يىلى ، ھىجرىيە 1366 ـ يىلى ) قۇددۇس قارى ھاجىم شەيخنىڭ ئەرزىسىگە بىنائەن، ئوپال مەھكىمەئى شەر ـ ئىيە تەرىپىدىن قايتىدىن قۇددۇس قارى ھاجىم شەيخقە گۇۋانامە بىلەن قايتۇرۇپ بەرگەن (بۇ گۇۋانامە بەك تىتىلىپ كەتكەن ، ئوپال مەھكىمە شەرئىيىنىڭ تامغىسى بار ـ بىز كوردۇق) .

مازارنىڭ تەزكىرىسى بار ئىدى . 1956 ـ يىلى ھازىرقى توققۇزاق كونىشەر ناھىيە مە ـ دىنىيەت يۇرتىنىڭ باشلىغى ئىسمايىل ئىبراھىم ( ئوپاللىق ) مەھەممەت چوڭسا دىگەن كىشىدىن يۇ ـ سۇپ بەگ مۇخلىسقا ئېلىپ بەرگەن . مەن بۇ مازاردا خەت يېزىلغان تاش كورمۇدۇم ، مازار ـ نىڭ شىمالىدىكى غارنىڭ ئاغزىدا بۇتخانا بار ئىدى.

## II

## ئوسمان قارى شەيخنىڭ « ھەزرىتى موللام» ھەققىدە ئېيتقانلىرى

دادام قۇددۇس قارى ھاجىم شەيخ "بۇ مازارنىڭ ئىسمى مەھمۇدىيە ئىبنىھۇسەيىن دىگەن كىشى، بىز شۇلارنىڭ ئۇرۇغلىرى"، دىگەن ئىدى . ھەزرىتى موللامنىڭ دەرس ئېيتقان يېرى دەپ بۇلاق بېشىنى ( نورۇز بۇلاقنى دىمەكچى ) كورسەتكەن. بۇ كىشى توت ئەتراپقا ئىلىم تار ـ قاتقان ئىكەن . بۇ كىشى ئۇستازىدىن مەن قەيەردە ۋاپات بولسەم ۋە دەپنە قىلىنىمەن دى ـ گەندە ، سەن هاساڭنى قەيەرگە سانجىپ قويساڭ ؛ شۇ يەردە هاساڭ كوكلىسە شۇ يەر سېنىڭ ياتىدىغان جايىڭ بولىدۇ، دىگەن ئىكەن.ھەزرىتى موللام مۇشۇ يەرگە هاسىسىنى سانجىغاندا ، ئايلىنىپ كېلىپ قارىسا ، هاسىسى كوكلەپ كېتىپتۇ . شۇنىڭ بىلەن " هاي ـ هاي " دىگەن ئى ـ كەن ، شۇ كوكلىگەن تېرەك " هاي ـ هاي تېرەك" بولۇپ قالغان ( ھەزرىتى موللام مازىرى ـ نىڭ ئالدىدىكى بۇلاقنىڭ تۇۋىدىلا ناھايىتى چوڭ بىر تىرەك بار ، بۇ تېرەكنى ھازىر "هاي ـ هاي تېرەك دىيىشىدۇ ) . ھەزرىتى موللام قايتىپ كەلگەندە، يۇسۇپ قادىرخان پاشايىم بار ئى ـ كەن، بۇ مازارنى ئاستانەم ھەم دەيدۇ . ئوز ۋاقتىدا مازار ئالدىدىن ئاتلىق ئوتەلمەيدىكەن. دادامنىڭ ئېيتىشىچە مازارغا بىرمىڭ200 يىل بولدى. بۇ يەر ئىلىمگەھوددىگەر يەر. ئۇژمەپىش ـ قاندىن تارتىپ بۇ يەردە سەيلە قىلىشىدۇ . شەمسىدىن دىگىنى ـ لەقىمى، دىنىنىڭ نۇرى دىگىنى.

## III

## مەھەممەت رېھىم شەيخنىڭ « ھەزرىتى موللام » ھەققىدە ئېيتقانلىرى

بۇلارنىڭ ( يەنى باۋۇدۇن قارى بىلەن ئوسمان قارىنىڭ ) ئېيتقانلىرى توغرا ، مەن 60 ياشقا كەلدىم . مەنسۇر شەيخ ( مەن تۇغۇلۇشتىن 8 ـ 10 يىل ئىلگىرى ) بالىنىنى شوتاڭ ـ

غا بەرگەچكە شەيخلىقنى سىرتتىن كېلىپ ئېلىۋالغان . ئەسلىدە ئەۋلادى ۋەقف ( يەنى ، ئاتا ـ بوۋىسىنىڭ مازىرىغا بالىلىرى شەيخ بولۇپ قارايدىغان ۋەقپى تۇزۇمى ئىدى. ئۇ چاغدا ئوپالدا 7 ئويلۇك كىشى بار ئىكەن (؟)

دادام: شەمسىددىن دىگەن ئۇنىڭ لەقىمى دەپ كېلىپ، ئۇز ئىسمىنى ( مازارنىڭ ) مەھەممەت دىگەنىدەك قىلغان ئىدى . ئىران تەرەپتىن كەلگەن ئىكەن .

سۇلايمان قازى ھاجى مادوتەي زامانىدا شەيخلىقنى تالىشىپ يامۇلغا ئەرز قىلغاندا، دادام ئەسلىدىكى موھور خېتىنى ئېلىپ بارغان . بۇ خەتتىكى موھور ꙮ شەكلىدە ئىدى . بۇ بىزنىڭ ئەۋلادىمىزنىڭ موھرى . مادوتەي شۇ خەتنى كورگەندىن كېيىن ، شەيخلىقنى يەنىلا دادامغا ئېلىپ بەرگەن . چۈنكى بىزدە نۇرغۇن ئەۋلادى ۋەقف بار ئىدى .

(«موللام بېغى » مەلىسىدە ئولتۇرۇشلۇق.)

IV

## « ئازىق » يېزىسىدىن داۋۇت زۇمۇن ( 90 ياش ) نىڭ ئېيتقانلىرى

مېنىڭ دادام 1952 ـ يىلى 110 ياشتا ۋاپات بولغان . بوۋامنىڭ ئىسمى كەنجە غوجىكام. مەلىنىڭ ئەسلى ئىسمى Izak kənti ئىكەن.كېيىن سوسەر ئاغزىدىن كەلگەن سۇ بېسىپ كېتىپ قۇم سالغانلىقتىن « قۇم باغ » قا ئۆزگەرگەن . بىز چوك بولغاندا « قۇم باغ » بولغان. بۇنى دادام دەپ بەرگەن . ھازىر سوسەر ئاغزى دېيىلىدۇ . بۇرۇن Izak darisi ( ئازىغ ئېقىنى ـ دىمەكچى ) دېيىلەتتى . نورۇز بۇلاقنىڭ ئىسمى بۇرۇندىن تارتىپ شۇنداق . بۇرۇن بۇ چوك كەنت ئىدى . جامە مەچىت بار ئىدى . بۇ يەردىكى مازارلاردىن ھەزرىتى موللام بىلەن خوجا سەيپىدىن ھەممىدىن بۇرۇن ، ھەزرىتى پاشايىم ئۇندىن كېيىن دەپ ئاڭلىغان .

ھەزرىتى موللام ئالىم كىشىكەن . بىر ئاڭلىشىمىزدا بىر ئەژدەرھا بار ئىكەن ، كۆنلىگى بىر ئادەم يەيدىكەن، بىر تۇل خوتۇننىڭ بالىسىغا نوۋەت كەلگەندە موللام ماڭا كوك ئىنەكنىڭ سۇتىدىن ئەكىلىپ بەر ، مەن ئەژدەرھانى ئولتۇرىمەن دەپتۇ ، موللام بىلىگە قېلىچىنى باغلاپ ، ئەژدەرھا دەم تارتقاندا ئىككىگە بولۇپ تاشلاپتۇ . ئامما ئىچكەن سۇتى ساپ سۇت بولماي ، سۇ قوشۇلغان ئىكەن . شۇڭا زەھەر قايتماي ئولۇپكەتكەن. دادام قوي كوزلۇك، چوك بەستلىك قاڭشارلىق ئادەم ئىدى . موزدۇزلۇق قىلاتتى . بۇ يەردە 3 ئېرىق بار ئىدى : قاتار تېرەك، چوك تېرەك، لەڭزە ئېرىغى ـ مەنچىسك ۋاقتىدا سېلىنغان يىڭپاك ئېرىغى .

## V

## توختى ئېلاجى ( 76 ياش، هازىرقى ئوپالنىڭ ئىمامى ) نىڭ « هەزرىتى موللام » هەققىدە ئېيتقانلىرى

هەزرىتى موللامنىڭ ئاپىسى بۇبى رابىيە بەسرى دېيىشىدۇ . بۇنى ئۇستازىم قۇناخۇن خەلپىتىم ( 52 ـ يىلى 75 ياشلاردا ۋاپات بولغان ) دەپ بەرگەن . ئۇستازىم ئومەر دامولام " هەزرىتى موللام شەيخ سەئىدىدەك تولغان ، يېتىشكەن موللا ئىدى . دۇنيانى سایاهەت قىلغان » دەپ بەرگەن . هەزرىتى موللام بار ۋاقتىدا پاشالىق باغ بار ئىكەن ، هازىر بۇ « سۇلتانباغ » دېيىلىدۇ . بۇ ئوپالنىڭ غەربىگە توغرا كېلىدۇ .

## VI

## « هەزرىتى موللام » مازىرىنىڭ ئومۇمى كۆرۈنۈشى

« هەزرىتى موللام » مازىرى ئوپالنىڭ غەربى شىمالى تەرىپىگە جايلاشقان . مازارنىڭ شىمالى يېنى قەدىمقى كىشىلەر ياشىغان تاغ باغرى بولۇپ ، ئۇنىڭدا كىشىلەر ياشىغان ئۆڭكۈرلەر ، دۈگىلەك كوزىغا كۆمۈلگەن ئۆلۈكلەرنىڭ قېزىلغان دۈگىلەك ئىزلىرى ، قەدىمىرەك بولغان ساپال قاچىلارنىڭ سۇنۇقلىرى ئۇچرايدۇ.

هازىرقى مازارنىڭ تەخمىنەن 30 ـ 40 مېتىر شەرقى شىمالىدا ـ پەسرەكتە مەسجىد بار ، هازىر بۇ مەسچىت ، مازار ۋە شۇ ئەتراپتىكى دەرەخلەرگە ئوسمان قارى قارايدۇ . مازاردىن تەخمىنەن 30 مېتىرچە جەنۇپتا بىر كونا مەدرىسىنىڭ ئىزى بار . ئېيتىشلىرىچە ، بۇ مەدرىسە تامىلىرى مۇندىن 20 ـ 30 يىل بۇرۇن خېلى دەرىجىدە ساق ئىكەن ، هازىر ئورۇلۇپ ، پەقەت ئىزناسىلا قاپتۇ ، مەدرىسىنىڭ ئىچىگە بولسا ، كېيىن ئۆلۈكلەر قويۇلۇپ كېتىپتۇ .

سوسەر ئاغزىغا كىرگەندىن كېيىن ئوڭ تەرەپنى بېسىپ 400 مېتىرچە ماڭغاندا نورۇز بۇلاققا كېلىدۇ . نورۇز بۇلاقنىڭ شەرقى جەنۇبى ، يەنى سوسەر ئاغزىنىڭ جەنۇبى ئىچ تەرىپى بۇرۇن «aziķ tikən darisi» ئازىق تىكەن ئېقىنى دېيىلەتتى ، هازىر «aķ tekən darisi» دېيىلىدۇ. ئازىق تىكەن ~ ئاق تىكەن ، ئۇششاق ، قىپقىزىل مېۋىسى بولىدۇ ! ئۇنى ئېيىق يېسە كېرەك .

سوسەر ئاغزىنىڭ غەربى تەرەپ بېشى بوستان تېرەك . سوسەر ئاغزىنىڭ جەنۇپ تەرەپ دۆڭىدە خوجا سەيپىدىن بۇزرۇكۋارنىڭ مازىرى . ( مەهمۇت قەشقىرىنىڭ ئەجداتلىرىنىڭ مازار-

لىرى ـ " بۈزرۈكۋار " دېيىلىدىكەن ) ، سوسەر ئاغزىنىڭ شىمالى تەرىپىدوگىدە ھەزرىتى پاشا-يىم مازىرى ، بۈنى ھەزرىتى موللامدىن بۈرۈن دېيىشىدۇ .

ئازىق كەنتىنىڭ ئۈرنى ھازىرقى سۆيۈزىدىن ئىگىز ، سوسەر ئاغزىغا جايلاشقان، سۈيىمۇ بەك ئاز .

## VII

## ئوپالدىكى « ھەزرىتى موللام » مازىرىنىڭ رېمونت قىلىنغانلىقى توغرىسىدىكى خاتىرىلەر

1 . جەسەت قويۇلغان بولمىنىڭ شەرق تەرەپ پەنجىرىسىنىڭ ئىچىنىڭ يۇقىرى تەرىپىگە ئىككى پارچە تاختىغا قاراسىيا بىلەن پارسى نۇسقىدا بىر تەرەپتە پارىسچە ئىل بىلەن يىل ۋە بىر تەرەپتە رېمونتىغا مەدەت قىلغۇچىلار نەزم ئۇسۇلىدا خاتىرىلەنگەن . تاختاينىڭ بىر پارچىسى دۈم قويۇپ قويۇلغان . دۈم قويۇلغان تاختايدىكى خەتلەرنى دەرھال ئوقۇماق تەس بولدى . ئوڭ تەرەپتىكى پارىسچە يىل خاتىرىسى مۇنداق :

«سالى شىرەست ھازارۇ دوسەت چېھلى پەنجەست،
بۇد تەئمىرى مازارۇ مەددىدى سىددىقەست،»

تەرجىمىسى :

يولۋاس يىلى ـ 1245 ( ھىجرى )
مازارنى رېمونت قىلىشقا كۈچ چىقارغۇچى كىشى سىدىق دۇر.

سول تەرەپتىكى ئىككى پارچە تاختىنىڭ ئوڭ قويۇلغىنىدا :

«شاھى سىددىقبەك، ئەلەم بەك بىر ـ بىرىگە يار بولۇپ،
قىلدى بۈزرۈكۋارى ئالىنى بىنا.»

2 . مازارنىڭ شەرققە قارىغان ئىشىگىنىڭسىرت تەرەپتىكى بېشىغا :

«كى بىرمىك ئۈچيۈز ئونبەشتە قىلدى بۇ ئىمارەتنى،
نامازۇ ـ رۇزە ئەيلەپ قىلسا ھەركىمكى تىلاۋەتنى»

دەپ يېزىلغان .

دېمەك ، بۇ 2 ـ قېتىملىق رېمونت بولۇپ ، يوقۇرىدىن 70 يىل كېيىن قىلىنغان .

## VIII

## باۋۇدۇن قارىنىڭ ئاغزاكى مەلۇماتى بويىچە «ھەزرىتى موللام» مازارى شەيخلىرىنىڭ ئىسخىمىسى

موللا زوھۇرىدىن شەيخ

↓

ئابدۇكېرىم شەيخ

↓

ئابدۇراخمان شەيخ

↓

موللا نىياز شەيخ

↓

مەھەممەت رەھىم شەيخ

↓

① 1 تۇردى ھاجىم شەيخ

↓

1 ③ ئابدۇرەشىت ئاخۇن — 2 مامۇتخان

1 - تۇمەككەل

2 - باۋۇدۇن قارى ☆ (ھازىر 75 ياش)

2 موللانىياز ھاجىم شەيخ

↓

مەھەممەت رەھىم شەيخ ☆ (ھازىر 60 ياش)

3 قادىر ئاخۇن

⑤ 4 قۇددۇس قارى ھاجىم شەيخ

↓

1 بەيزۇللا قارى

2 ھىدايىتۇللا

3 رەخمان ئاخۇن

4 قۇدرەت ئاخۇن

5 ئوسمان قارى ☆ (ھازىر 80 ياشتا)

5 قايىم ھاجىم

6 سەيدۇللا ھاجىم

---

① تۇردى ھاجىم ئۇلۇغ كىشى بولغان. قارا خانىلار تەزكىرىسىنى يازغان ئىكەن. ۋاپاتىغا 60 يىل بولغان، 130 ياشتا ۋاپات بولغان.

② 1947 (مىنگو 36-يىلى) يىلى 10 - ئاينىڭ 12 - كۈنى، ئوبال مەھكىمەئى شەرئىيە تەرىپىدىن ئارىلىقتا تارتىلىپ كەتكەن شەيخلىقى قۇددۇس ھاجىمنىڭ ئەرزىسىگە بىنائەن قايتىدىن گۇۋاھنامە بىلەن بەلگۈلەنگەن، (گۇۋاھنامىنى كوردۇق) بۇ كىشى 83 ياشتا ۋاپات بولغان. تەخمىنەن 40 يىل بولدى.

③ قۇددۇس قارى ھاجىم بىلەن بىللە شەيخ بولغان، (93 يېشىدا ۋاپات بولغان، ھازىر 47 يىل بولدى)

☆ بەلگىسى قويۇلغانلار: بىزگە ئاغزاكى ماتېرىيال بەرگۈچىلەر.

# ئىپتىخارلىنارلىق زور ئىش

كىرىم قاسىم

(كونىشەر ناھىيە ئوپال رايون پارتكوم سېكرېتارى)

پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومومىي يىغىنىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، قەشقەر مەمۇرى مەھكىمىسى، كونىشەر ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ قوللىشى ۋە يېقىندىن ماسلىشىشى بىلەن، يېقىنقى بىر نەچچە يىللاردىن بۇيان، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ مۇنەۋۋەر پەرزەنتى، ئۇيغۇر خەلقى ئىچىدىن چىققان مەشھۇر ئالىم مەھمۇت قەشقەرىنىڭ يۇرتى ۋە قەۋرىسى ھەققىدە «ھەزرىتى موللام» مازىرىنى نۇقتا قىلىپ، تەكرار - تەكرار تەكشۈرۈش ۋە ئىزدىنىش خىزمىتىنى قانات يايدۇرغان ئىدى.

پارتىيە 12 - قۇرۇلتىيى ۋە جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى ئاساسىي قانۇنىنىڭ تۈرتكىلىكىدە، قەشقەر مەمۇرى مەھكىمىسى بۇ يىل 6 - يانۋار كۈنى كونىشەر ناھىيىسىدە ئالاقىدار ئالىم - پىروفېسسورلار، تارىخچىلار، ھەر ساھەدىكى ئۇقۇمۇشلۇق زاتلار ۋە پارتىيە، ھۆكۈمەت مەسئۇللىرى قاتناشقان ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ئۆتكۈزدى. يىغىندا كۆپچىلىك ئالىم مەھمۇت قەشقەرىنىڭ شانلىق ئەسىرى «دىۋان» دا ئۆز يۇرتى توغرىسىدا بەرگەن بايانلىرىغا يەنى: «ھەزرىتى موللام «شەيخلىرىنىڭ مازارىنىڭ ئىسمى «مەۋلانە شەمسىددىن مەھمۇت بىن ھۇسەيىن» دەپ بەرگەن مەلۇماتىغا؛ مەھمۇت قەشقەرىنىڭ ئاتىسى ھۇسەيىن، ئانىسى بۇبى رابىيە ھەققىدىكى ھەممىلا ئادەمنىڭ ئاغزىدىن ئوخشاشلا چىقىدىغان تارىخىي ۋەقە - رىۋايەتلەرگە ئاساسەن، شۇنىڭدەك «مۇخ يولى»، «ئازىخ كەنتى»، «نورۇز بۇلاق»، «ماللام بېغى»، «تەكىياگاھ»، «سۇلتان باغ»، «ئوي چولپان»، «بۇرا بەسىرىم»، «قاراخان پادىشاھىم»، «بۇزرۇكۋارلىرىم»، «ئىماملىرىم» قاتارلىق ئورۇن - جايلارنىڭ ناملىرىنىڭ ئىسپاتلىنىشىغا ئاساسەن، ئىلمىي تەھلىل ئېلىپ بېرىپ، دى ۋە ئاخىرىدا مەھمۇت قەشقەرىنىڭ چەتئەللەردىكى پائالىيەتلىرىنى ئايا قلاشتۇرۇپ، ئۆز ۋەتىنىگە قايتىپ، ئۆمرىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا ھازىرقى «ھەزرىتى موللام» دا ئىلىم تەھسىل قىلىش بىلەن شۇغۇللىنىپ، 97 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويۇشتى. نۇرغۇن دەلىل - ئىسپات ۋە قايىل قىلارلىق پاكىتلارغا ئاساسەن، ھازىرقى «ھەزرىتى ماللام» مازىرى ئەمىلىيەتتە، مەھمۇت قەشقەرىنىڭ قەۋرىسى دىگەن ئىلمىي يەكۈن چىقىرىلدى. بىز ئوپالدىكى ھەر مىللەت خەلقى بۇ دۇنياۋى خاراكتېرلىك يېڭى خەۋەردىن ئىنتايىن خوشاللىق ھېس قىلىمىز.

بىزنىڭ ئوپال رايونىمىز پامىر تاغلىرىغا تۇتۇشۇپ كەتكەن بىر گۈزەل جاي، بۇ يەردە ئۇيغۇر، ئۆزبېك، قىرغىز قاتارلىق مىللەتلەر ياشايدۇ. بىز نۇرغۇن - نۇرغۇن يىللاردىن بۇيان ئەجدادىمىز مەھمۇت قەشقەرىنى تۈرلۈك سورۇنلاردا ياد ئېتىپ كەلدۇق، تەرىپلەپ كەلدۇق. ئەم-

ما، ئۇ چاغلاردا تۈرلۈك سەۋەپلەر تۈپەيلىدىن، ئۇ ھەققىدە ئىلمى يەكۈن چىقىرىلىشىغا مۇمكىن بولمىغان ئىدى. پارتىيە مىللى سىياسىتىنىڭ پارلاق نۇرى ئاستىدا، ئالىمنىڭ يۇرتى ۋە قەۋرىسى توغرىسىدىكى كوپ قېتىملىق تەكشۈرۈش ۋە ئىزدىنىشلاردىن كېيىنكى بۈگۈنكى كۈندە مەھمۇت قەشقىرى بىلەن قەلبىمىز ئىدىراكىدا قايتا قۇچا قلىشىپ كورۈشۈشكە، ئۇنىڭ قەۋرىسىگە يېنىشلاپ سويۈشكە مۇيەسسەر بولدۇق. مەشھۇر ئالىم مەھمۇت قەشقىرىنىڭ ئانا يۇرتى، قەۋرىسى، ھاياتىنىڭ ئاخىرىدىكى پائالىيەتلىرى توغرىسىدا تارىخى چىنلىققا ۋە رىيالىققا ھورمەت قىلىنغان ئاساستا چىقىرىلغان بۇ ئىلمى يەكۈن — جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ جۈملىدىن بىز ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئارزۇسىنى ئەكس ئەتتۈردى. بۇ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ سىياسى، مەدىنى ھاياتىدىكى ئېھتىمارلىق زور ئىش. بۇ مۇناسىۋەت بىلەن بۇ بىر دۇنياۋى خاراكتىرلىك مۇھىم خىزمەتكە قىزغىن كوڭۈل بولۇپ، مەدەت بەرگەن ھەر دەرىجىلىك پارتىيە، ھوكۇمەت ئورۇنلىرىغا، ئالىم ھەققىدىكى تەكشۈرۈش، ئىزدىنىشكە قاتناشقان ئىبراھىم مۇتىئى، مىر سۇلتان يولداشلارغا چوڭقۇر مىننەتدارلىغىمىزنى بىلدۈرىمىز. شۇنىڭ بىلەن بىر چاغدا ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان مەھمۇت قەشقىرى توغرىسىدىكى تەكشۈرۈش، ئىزدىنىش خىزمەتلىرىگە يېقىندىن ياردەملىشىپ، تۈرلۈك يىپ ئۇچلىرى بىلەن تەمىنلىگەن، بىراق، يەكۈننى ئاڭلاشقا ئۈلگۈرەلمەي قالغان مەرھۇم قاسىم رەھمىمۇ چوڭقۇر مۇھەببەت بىلەن ئەسلىمەي تۇرالمايمىز. «ئىلىمگە ھوددىگار پىرىم» مەھمۇت قەشقىرى بىلەن يۇرتداش، قان - قېرىنداش بولغانلىغىمىز بىزنىڭ چوڭ پەخرىمىز. بىز چوقۇم ئۇلۇغ ئالىم مەھمۇت قەشقىرىنىڭ ئىلىم - مەرىپەتكە ئومۇر بويى قان - تەر سىڭدۈرگەن ئېسىل ئەنئەنىلىرىگە ۋارىسلىق قىلىپ، ئۇنى ئەۋلاتتىن - ئەۋلاتقا يەتكۈزۈپ، مىللى مەدىنىيەتنى راۋاجلاندۇرۇش ۋە گۈللەندۈرۈشكە تىگىشلىك ھەسسىمىزنى قوشۇمىز.

## ماقال - تەمسىللەر

△ بىلىم - بەخت بەلگۈسىدۇر.
△ بەلگۈ بولسا، يولدىن ئازماس، بىلىم بولسا، سوزدىن ئازماس.
△ تۈلكە ئوز ئۇۋىسىغا قاراپ ھوۋلىسا، قوتۇر بولۇر.
△ قاغا غازنى دورىسا، پۇتى سۇنار.
△ ئېرىنچەككە بوسۇغىمۇ داۋان كورىنىدۇ.
△ ياشلىقتا تىرىشمىسا، قېرىغاندا خار بولۇر.
△ ئوي ئۇتۇنسىز بولماس، يىگىت كەمچىلىكسىز بولماس.
△ ئىككى ئات تېپىشسە ئوتتۇرىدا قالغان تاي ئولىدۇ.
△ كوسەي ئۇزۇن بولسا، قول كويمەس.
△ ئوي بولىدىغان كالا موزاي چېغىدىنلا بەلگۈلۈك.
△ ئەرسىرىگەن ئەرگە تېگەلمەس، ئالدىرىغان ئويگە يېتەلمەس.
— «تۈركى تىللار دىۋانى» دىن

## يولداش ئابدۇللا زاكىرنىڭ « ھەزرىتى موللام » توغرىسىدا ئېيتقانلىرى

ئۇپالدا مېنىڭ ئابدۇراخمان مەھمۇت ئىسىملىك ئۆگەي چوڭ دادام بولۇپ (1939 - يىللى-
رى 90 نەچچە ياشتا ۋاپات بولغان). ئۇ 1934 - 1935 - يىللىرى ئەتراپىدا مېنى «ھەزرىتى مول-
لام» مازارىغا ئېلىپ چىقىپ، قەۋرە ئالدىدىكى پېشايۋاندا ھەزرىتى موللام قەۋرىسىنى كۆرسۈتۈپ
تۇرۇپ: " بىز مۇشۇ كىشىنىڭ ئەۋلادى، بۇ كىشىنىڭ ئىسمى " مەۋلانە شەمسىدىن مەھمۇت، بۇئى-
سىمنى مەن ئاتامدىن، ئاتام ئاتىسىدىن ئاڭلىغان ئىكەن. بىزنىڭ ئەجدادىمىزدىن باشلاپ شۇ
ئىسمنى باللىرىغا يەتكۈزۈپ ئۇختۇرۇپ قويۇش ئادىتى بار. شۇبويىچە بۇنى مەن ساڭا ئۇخ-
تۇردۇم. ئېسىڭدە ساقلاپ، سەنمۇ چوڭ بولغاندا باللىرىڭغا ئۇختۇرارسەن " دېگەن ئىدى. " بىز-
نىڭ قالغان ئاتا - بوۋىلىرىمىزمۇ مۇشۇ پېشايۋان ئالدىدا " دەپ بىر مۇنچە قەۋرىلەرنى كۆر-
سەتكەن ھەم بۇلاق ئالدىدىكى خارابىنى كۆرسۈتۈپ " مۇشۇ جاي مەۋلانە شەمسىدىن مەھمۇتنىڭ
دەرس ئۆتكەن مەدرىسىنىڭ ئورنى ئىكەن. ھازىر ۋەيران بولۇپ كېتىۋاتىدۇ، بۇنى بىلىپ قوي" دەپ
ئېيتقان. مەن شۇۋاقىتتا 10 نەچچە ياشتا بولۇپ، دىني مەكتەپتە ئوقۇيتتىم. قەدىمدىن ئۇپالدا "بۇ
كىشى ئىلىمگە ھوددىگەر " دېگەن ئەقىدە داۋام قىلغانلىقى ئۈچۈن مەنمۇ شۇ ئىسمنى ئىخلاس
بىلەن ئاڭلاپ، نەچچە يۈز قېتىم تەكرارلاپ، چوڭ دادامنىڭ ۋەسىيىتى بويىچە ھازىرغىچە ئې-
سىمدە ساقلاپ كېلىۋاتىمەن. شۇڭا — « ھەزرىتى موللام » دەپ ئاتالغان بۇ قەۋرىنى مەۋلانە
مەھمۇت قەشقىرىنىڭ قەۋرىسى دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ.

ئۇپالدىكى ھەزرىتى موللام مازىرى ھازىرغىچە « ھەزرىتى موللام » دەپ ئاتىلىدۇ. بۇنىڭ
قاچاندىن باشلاپ شۇنداق ئۆزگەرتىلىپ ئاتالغانلىقى مەلۇم ئەمەس. ئومومەن ھەزرىتى مول-
لام سۆزى - ھەزرىتى مەۋلانە سۆزىنىڭ بۇزۇلغان ياكى ئاتاشقا ئۇڭغا يلاشتۇرۇلغان بىرخىل شەكلى بو-
لۇپ، " مەۋلانە " سۆزى " موللام " بىلەن ئالماشقان بولسا كېرەك. شۇڭا بۇ چوقۇم مەۋلانە مەھ-
مۇتنىڭ قەۋرىسىدۇر.

ئازاتلىققا قەدەر ھەزرىتى موللام مەۋلانە مەھمۇت قەۋرىسى ئەتراپىدا ھەر يىلى بۇغداي
سېرىقتال بولغان مەزگىلدىن باشلاپ، بۇغداي ئورىدىغان مەزگىلگىچە، يەنى ئۈژمە پىشقاندا
بىر ئاي چامىسىدا ھەر ھەپتىنىڭ شەنبە كۈنلىگى بىر كۈن سەيلە بولاتتى. بۇ سەيلىگە ئۇپال-
نىڭ چوڭ - كىچىك ئاھالىلىرى يىغىلغاندىن تاشقىرى، كونىشەھەر ناھىيىسىنىڭ تاشمىلىق،
بۇلاقسۇ، توققۇزاق ۋە يېڭىسار ئەتراپلىرىدىن بۇغداي ئورىدىغانغا يېقىنلاشقان 7 - ئاي باشلىرىدا
بىر نەچچە مىڭ ئادەم توپلىناتتى. دېمەك، ھەزرىتى موللام مازىرى قەدىمدىن ئۇپالدا چوڭ
سەيلىگاھ بولۇپ كەلگەن، بۇنى ئۇپالدىكى 30 ياشتىن يۇقۇرى ھەممە ئادەم بىلىدۇ.

قەشقەر ۋىلايەتلىك ئوقۇتقۇچىلار بىلىم ئاشۇرۇش مەكتىۋىدىن: ئابدۇللا زاكىر

# «ھەزرىتى موللام» ھەققىدە ئاڭلىغان، كورگەن ۋە بىلگەنلىرىم

مۇھەممەت ئوسمان

## 1

مەن خىيلى ئۇزۇندىن تارتىپ ئوپالدىكى «ھەزرىتىموللام» دېيىلگەن بۇزۇكۋار ھەققىدى-
كى رىۋايەتلەرنى ئاڭلاپ، ئىزكەشكە قىزىققان ئىدىم. ماڭا بۇ ھەۋەس تۇۋەندىكى سەۋەپلەر تۇ-
پەيلىدىن مۇيەسسەر بولدى:

1 . 1934 - يىللىرى دادام بىلەن ئوپال ھول جىگدىلىك نامەت
ھاتتا دېگەن كىشىنىڭ ئۆيىگە شەھەردىن ئىمىن ئاخۇن ( شەيتان لەقىمى ) قاتارلىق كىشىلەر
بىلەن سەيلىگە چىققان ئىدۇق. سەيلە داۋامىدا ھول جىگدە كەنتىنىڭ ئوي - ئويلىرىگە قىچقى-
رىلدۇق. يول ئۇستىدىن بىر كەڭرى كەتكەن جايغا كەلگەندە، مامۇت چاكادى ( بۇ ئادەم شۇچاغ-
لاردا 50 ياش ئوپچورىسىدىكى ئەچكۇسا قالكەلگەن ساۋاتسىز ئادەم) بىر يەرنى كورسىتىپ بىزلەرگە:

— بۇ يەر ئوپالنىڭ ناھايىتى قەدىمقى خانلىرى دەۋرىدىكى بازار خارابىسىدۇر. ئوپال
ئاق دالادىكى قىزىل مەسچىت ئاتامدا شاھى ئىبھرام ناملىق بىر شاھىن-شاھ ئوتكەن ئىكەن.
ئۇنىڭ دەۋرىدە بۇ يەر كاتتا بازار بولۇپ، توخۇ سۇتىدىن تارتىپ، تۇتىيا، مەرگىياغىچە ھەمە-
مە نەرسە كىرىدىكەن. بىر كۇنى شاھى ئىبھرام بىلەن كورۇشمەك بولۇپ كەلگەن ئۇلۇغ بۇغرا-
خان ئوغۇللىرىدىن كەنجىسى بولغان قىلىچ بۇغراخاننى ئوۋدىن يېنىپ، سەيلە ئۇچۇن بازارنى
كورسەتمەك بولۇپ ئېلىپ كەلگەنلىرىدە، ئېتى ھۇركۇپكېتىپ، قىلىچ بۇغراخان ئاتتىن يىقىلىپ،
شۇ ئاندا مۇشۇ يەردە بەختىگە قارشى قازا تاپىدۇ. شاھى ئىبھرام بۇ تاسادىپى ۋەقەدىن پەرى-
شان بولىدۇ. ئۇلۇغ بۇغرا خەۋەر تېپىپ، ئوغلىنىڭ نامازىغا ھازىر بولۇپ، تەقدىرگە تەن بې-
رىپ، قىلىچ بۇغراخاننى يىقىلغان يېرىدە دەپنە قىلىدۇ. كېيىن سۇلتان شاھى ئىبھرام خىجا-
لەتتىن پەرمان چۇشۇرۇپ، بۇ بازارنى " ئايىغى ياراشمىدى " دەپ ئەمەلدىن قالدۇرۇپ. ...
دىكى ... دېگەن جاينى يېڭىدىن ئوپال قىلىپ تەيىنلەيدۇ. ھوپىگەرلەر خان يارلىغىغا بى-
جانىدىل پەرمان بەردارلىق بىلدۇرۇشىدۇ. قەدىمقى ھول جىگدىدىكى بازار ئاستا - ئاستا ھۇ-
ھۇقۇشلار ماكانى بولۇپ قالىدۇ. قىلىچ بۇغراخان دەپنە قىلىنغان جاينى " بۇغرام مازىرى -
قىلىچ بۇغراخان مازىرى " دەپ، شۇندىن ئېتىۋارەن بۇ يەردە دۇئا-تەكبىر قىلىپ، تۇنەكلەر ئوتكۇ-
زۇپ، خالايىق قىلىچ بۇغراخاننى دۇئادە ياد قىلىشىدىغان بولۇپ قالغان، - دەپ سوزلەپ بەر-
گەن ئىدى. ئارىدىن بىر نەچچە كۇن ئوتكەندىن كېيىن يەنە شۇ مېھمانلار بىلەن « قۇمباغ » دې-
يىلگەن جايدىكى مۇساخۇن تېۋىپ دېگەن كىشىنىڭ بېغىغا سەيلىگە تەكلىپ قىلىندۇق، بۇ ئا-
دەم شۇ چاغلاردا قەشقەردە نام چىقارغان ۋە تېۋىپى ھازىق دەپ ئاتالغان مەشھۇر تېۋىپ ۋە
بىلەرمەن كىشى. ( بۇ كىشى شۇنچە كاتتا تېۋىپ مەن دېسىمۇ، تۇنجى قېتىم قەشقەرگە كەلگەن ۋە
سىبلىس ئىللىتىگە قارشى دارا دەپ نام شوھرەت چىقارغان " نوۋار رىنسول " دېيىلگەن ئو-

كۆلنى تومۇردىن بېرىشنى بىلمەي، گوشىدىن بېرىپ، بىر بىچارە ئادەمنىڭ سەكرەپ يۇرۇپچىـ
نى چىقىشقا سەۋەپمۇ بولغان ) بىز كەلگەن سوسەردىكى بېغىدا، ئۇ كىشىنىڭ ماش گۇرۇچ ساـ
قاللىق ئىنىسى جالالىدىن ئاخۇن دىگەن كىشى سۆكۈنەت قىلىدىكەن. باغنىڭ يۇقارقى تەرىپى
كوپ - كوك چىم ئوتلۇق يايلاق بولۇپ، ئۇنىڭدا تايچىغى بىلەن باغلانغان بىر نەچچە بايتالـ
لارنى كوردۇق. ئوتلار ئارىسىدىن ئاققان بۇلاق سۈيى بىر نەچچە تۈپ يوغان قارا سوگەت يېـ
نىغا سېلىنغان سۇپا تۈۋىدىن ئوتۇپ، باغنىڭ تۆۋەن تەرىپىگە چۈشۈپ بارىدىكەن. بۇ كىشى
شۇ كۈنى چۈشلۈك تاماقنى " قېمىز " دىگەن ئۇسسۇلۇق بىلەن بىزگە بېرىپ، ئۇنىدىن كېيىن
ھەزرىتى موللام مازىرىغا بېرىپ، پېشىن نامىزىنى شۇ يەردە ئادا قىلىشقا دەۋەت قىلدى. ھەمـ
مىمىز بۇلاق، ئېرىق سۇلىرىدا تاھارەت ئېلىپ، پېشىندىن كېيىن ھەزرىتى مازارىدا تاۋابە ـ
زىيارەتتە بولدۇق. قېرىلار باشلىرىنى تۆۋەن سېلىشىپ ئۇزۇنغىچە "ئىستىغپار" قىلىپ ئولتۇـ
رۇشتى. تاۋابە - زىيارەتتىن يانغاندىن كېيىن، بىزگە جالالىدىن ئاخۇن ئاكام ( بۇ كىشى ساۋاتـ
لىق، 50 دىن ئاشقان، دىخانچە ئەمەس، موللىچاق نۇسقىدا تىزى بىلەن تەك شەھەر پورمىدىراق
كامزۇل كەيگەن ) ئەتراپى جايلارنى كورسىتىپ مۇنداق سوزلەپ بەردى:

— ... بۇ ئالدىمىزدىكى كاتتا تاغ ناھايىتى قەدىمدىن تارتىپ ئالىم ئولىما ھەزرىـ
تى موللامنىڭ نامىغا ئاتىلىپ « ھەزرىتى موللام تېغى » دەپ يورۇتىلىدۇ. ھەزرىتى موللام ھاـ
يات چېغىدا ئۇ زاتقا ئىخلاسمەن بولغان كىشىلىرىدىن بىرى، موللام ھوزۇرلىرىغا كېلىپ: " مەن
دەرگاھى ھەقتىن دايىم ناھايىتى كاتتا نەرسىنى سورايمەن ۋە دەيمەنكى، يەنە سېنىڭ دەرگا
يىڭدىن ئاز نەرسە سورىغۇچىلارنىڭ كوزى كور بولسۇنمۇ دەيمەن " دەپتۇ. ھەزرىتى موللام ئۇ
كىشىدىن: " سىنىڭ دەرگاھى ھەقتىن سورىماقچى بولغان كاتتا نەرسەڭ نىمە ئۇ؟ " دەپ سوراپـ
تۇ. ئىخلاسمەن: "مېنىڭ سورىغان كاتتا نەرسەم جاناپلىرى ئالدىدىكى مۇشۇ تۇرغان تاغنى
قىپقىزىل ئالتۇن قىلىپ بەرسە، دىگەن ئىلتىجا ئىدى " دەپتۇ. موللام بۇنى ئاڭلاپ تەبەسسۇم
قىپتۇ. شۇندىن بىر نەچچە يىل كېيىن يەنە ھېلىقى ئىخلاسمەنى بىر كىشىگە يوتۇلەتكەن ھالدا
ھەزرىتى موللام چورىدەپ ئولتۇرغان تالىپلىرىغا دەرس ئېيتىۋاتقاندا كىرىپ كەپتۇ ۋە: " ئەسـ
سالامۇـئەلەيكۇم!" دەپ سالام بېرىپتۇ. سوڭرە ئوز ئەھۋالىنى بايان قىلىپ، كوزىنىڭ خېرە بوـ
لۇپ قالغانلىغىدىن زارلىنىپ بوكرەپ يىغلاپ كېتىپتۇ. ھەزرىتى موللام ئۇ كىشىگە تەسەللى
بەرگەندىن كېيىن سوزلەپ: " ... جانابى ئاللا بىزگە يەتتە ئەزادىن
ئىبارەت بۇ توگىمەس بايلىقنى بەردى . ئۇنى چۈشۈنۈپ يېتىشكە تېخى سېنىڭ ۋە بىزنىڭ
ئەقلىمىز كۈتالىق قىلىدۇ . چۈنكى ، بىزگە بەرگەن بۇ نىمەت بايلىغىنى جايىدا ئىشلىتەلە ـ
سەك ، دۇنيادىكى ھەممە تاغلارنىڭ ئالتۇن بولغىنىدىنمۇ چوڭراق بايلىق بولىدۇ . مۇبادا سەن
دىگەن مۇشۇ تاغ بەر تەقدىرىنىڭ ئارزۇيىڭدەك ئالتۇن بولغىنىدىن كورە ، كوزۇڭنىڭ زەفىل
بەسەر ( كوز ئاجىزلىغى ) بولمىغىنى خۇپراق ئىدى " دىگەندىن كېيىن ئىخلاسمەنى يىغلاپ :
" مەن ئاللاغا دۇئا قىلىپ ، ئۇنىڭدىن نىمەت سورىسامۇ ، مېنىڭ كوزۇمنى ئەما قىلىپ
قويامدۇ ، بۇ قانداق ئادالەت ؟ " دىگەنلىرىدىن كېيىن ھەزرىتى موللام جاۋابەن :
"... سېنىڭ دۇئالىرىڭنى ئاللا قويماي ئىجابەت قىلدى ۋە ئادالىتىنى زاھىر قىپتۇ .
سەن بىرىنچى دۇئايىڭدا تاغنى ئالتۇن قىلىپ بىرىشنى ئوتۇنگەن ئىكەنسەن ، ئۇنىڭدىن كاتـ

تىراق بايلىغى ھەقىقى تەنسىھەتلىرىگىنى بىرىپ ، ساڭا مەرھەمەت ۋە ئېھسان قىپتۇ . سەن ئۇنى
توغرا ئىشلىتىپ ۋە ئىستىپادە ( پايدىلىنىش ) قىلىپ ، شوكرانە كەلتۈرەلمەي ، خەسىس دۇنيا
ئارزۇسىدا بولۇپ ، خىيالى فاسىيە ئويلىغان سەن ، ئىككىنچى دوئا يىگىدا ئاز ندىمە سورىد-
غورچىلارنىڭ كوزى كور بولسۇن ، دىگەن دوئا يىگمۇ يەنە ئىجابەت بوپتۇ . چۈنكى ، دەرگاھى
ھەقىنىڭ نەزىرىدە تاغلارنى ئالتۇن قىلماقتىن ئاز نەرسىمۇ بولامدىكىن . ئەگەر سەن مەن-
دىن خۇداغا دوئا قىلىشتىكى مەسلىھەتىڭىز نىمە دەپ سورىغان بولساڭ ، ئۇندا مەن : " خۇدا-
يا ، دىنىمىدە مۇستەھكەم قىل ، ئىلمىمنى زىيادە قىل ، بەدىنىمنى سالامەت قىل ، رىزقىمنى
يەتكۇدەك بەرگىن ... ، دەپ دوئا قىل ، خۇسۇسەن تۈگۈمەس - پۈتمەس بايلىق - ئىلىم بەر-
گىل دەپ دوئا قىلساڭ قاندىق ، دىگەن مەسلىھەتنى بەرگەن بولۇر ئىدىم " دەپتىكەن .

ئۇ يەنە بىر تەرەپتىكى تاغنى كورسىتىپ تۇرۇپ :

— بۇ - كورۇنگەن تاغنى " قىزىل مەسچىد ئاتام تېغى " دەيمىز ؛
ئۇ تاغدا خالايىق تەۋرۈك قىلىپ ، يىراقتىن - يىراقتا سۇيىنى
ئېلىپ كىتىدىغان تۇز بۇلاقمۇ بار . يەنە شۇ يەردە قەدىمقى چاغلاردىكى ئىبادەتخانىلار خارا-
بىسى تېخىچە يالتىراپ تۇرۇپتۇ . بۇ - يۇرتنىڭ ھەزرىتى موللام ۋاقتىدىكى شاھىن شاھى
ئېھرامىنىڭ ئوردا تۇزۇپ تۇتقان شەھرىمۇ ئاشۇ تاغ ئەتراپلىرى ، دەپ بىزگە بوۋىلىرىمىز
كورسىتىپ ئوتكەن . ئۇ تاغ يانلىرىدا « چىمگەن يايلىغى » ، «بورە توقاي » يايلاقلىرى بار .
بىر چاغلاردا ھەزرىتى موللام تەھسىلى ئىلىم ۋە ساياھەتى ئالەم ئۈچۈن ياش نەۋقىران چاغ-
لىرىدا شۇ يەردىكى " مۇق " يولى بىلەن دەۋرى ئالەم سەپەرگە ماڭغان ئىكەن ،- دىدى ۋە
ئاندىن كىيىن يەنە بىر تەرەپكە بۇرۇلۇپ ، ئۇياقنى كورسىتىپ تۇرۇپ :

— ... بۇ ، بىز قارىغان تەرەپتىكى جاينى " سۇلتان باغ " ياكى " سۇلتانىم دارىسى "
دەپ ئاتايمىز . بۇ يەرنى شاھى ئېھرام باغ قىلماقچى بولغاندا ، ئۇ يەرگە بىرىنچى توغانلار-
نى ياسىتىپ ، ( قارا تاش ، قايچى يول ... توغانلىرى ) ئاندىن تولا تەسلىكتە سۇ چىقار-
غان ئىكەن . ئۇ يەردە خانلارنىڭ ئېپى.ئەۋلادى سەيلە - ساياھەت قىلىدىغان ، بۇغا مارالار ،
كىيىك ، توشقانلار .... سەكرىشىدىغان توقايلىقلارمۇ بولغان ئىكەن ،- دەپ ئۇ يەرنى تونۇشتۇ-
رۇپ بولغاندىن كىيىن ، بىر قەبرىنى كورسىتىپ تۇرۇپ :

— ... بۇزات ھەزرىتى موللامنىڭ بوۋىسى خوجە سەيپىدىن بۇزرۇكۋار ئەلەيھى رەھىم بو-
لىدۇ. بۇزات ئەتراپىدا ھەزرىتى موللام بوۋىلىرىنىڭ كوپى ياتقان ، ئۇلارنى " بۇزرۇكۋارلىرىم "
دەيمىز ،- دەپ سوزدىن توختىدى. بىز بىلەن بىللە بارغان مېھمانلاردىن بىرى، ئوي تەرەپنى كورسىتىپ:

— نىمىشقا پەستىكى بۇ - كورۇنگەن مەھەللىنى " ئوي چولپان " مەھەللىسى دەيدۇ ،
بۇنىڭدىكى سەۋەپنى بىلەملا ؟ ،- دەپ سورىدى. جالالىدىن ئاخۇن ئاكام :

— ... مەن ئوزۇم ئوپال قۇمباغلىق تۇرۇپ " ئوي چولپان " مەھەللىسىنىڭ شۇنداق ئاتىلى-
شىنى سۇرۇشتە قىلىپ كورمەپتىمەن ،- دىگەندىن كىيىن ئاكىسى مۇسا ئاخۇنكام تىۋىپ ( تەققى
تۇرۇقىدىن 60 ياشلاردا بولۇپ ، شۇ چاغدىكى شەھەر زىيالىلىرى ۋە تەرەققىپەرۋەر مەدىنىيەت-
لىك كىشىلىرىدىن ، سول پۇتىدا بىر ئاز ناقىسلىق بار . شۇڭا خەلقلەر مۇسا نىكام توكار دى-
سە ئاندىن بىلىشىدۇ . ئەمما كىسەل قوبۇل قىلىدىغان ھويلىسىدا گۇل ، دەرەخ ، كىنىك ،

توشقان،شاتۇتى، قىرغاۋۇل ... قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى موھەييا، شەخسىي ئىستىسنا قىلىنغاندا مەن ئېتىقادىمغا

— بۇنى مەن ئويلىمىدىم، دەپ سۆزگە كىرىشتى. — ... بوۋىمىزنىڭ ئېيتىشىچە، قارىغاندا: قەشقەر ھاكىمى زوھوردىن ھاكىم دەۋرىدە، ئۇ كىشىنىڭ ھوزۇرىدىكى ئوردىسىدا بەش كىشىلىك سەردارى كاتىپلىرى بولۇپ، رەھمان ئاخۇنۇم كاتىپ، ئىسپەندىيار ئاخۇنۇم كاتىپ، ئابدىرېھىم سىجىلات (ئا. نىزارى) لار پىشقەدەم ئەمەلدارلىرى ئىكەن. نورۇز ئاخۇنۇم كاتىپ ھەممىسىدىن ياش ۋە قىران ئىكەن، ئەمما ئابدىرېھىم سىجىلات ھەممىلىرىدىن چەبدەس، ئىستىداتى يۇقىرى بولغانلىقتىن، زوھوردىن ھاكىم بۇ كىشىنى قەدىرلەيدىكەن. لېكىن رەھىمسىز ئۇزۇندا سوزۇلغان ئىستىقا ئىللىتى ئابدىرېھىم سىجىلاتنى قىيناپتۇ. داۋگاڭ ھاكىمى زوھوردۇننىڭ مەخسۇس تەۋسىيە سوفى ئاخۇنۇمنىڭ مەسلىھەتى بويىچە، ئا. نىزارىنى ھاۋاسى ياخشى ۋە موسەپپا بولغان جايدا ئارام ئالدۇرۇش لازىم، دېيىلگەچ، قەشقەر شەھەر ئەتراپىدىكى توققۇز يۇرتنىڭ ھەممىسىنى سۈرۈشتە قىلىپ كۆرگەندە، سۈيى، ھاۋاسى، مەنزىرىسى قاتارلىق ... جەھەتلەردە ئوپالنىڭ «قۇمباغ» (قەدىمدىن ئازىق دەپ ئاتالغان) دىن ياخشى جاي تېپىلماپتۇ. ھاكىم بۇ يەرنى ئا. نىزارى ئۈچۈن «ئارامگاھ» غا تاللىغاندىن كېيىن، ئۇنىڭغا بەش پاتمان يەر، مەخسۇس بىر ئېرىق سۇ، ئالاھىدە بىر باغچاق، توقايلىقلار تەيىنلەپ خىزمىتىگە كىشىلەر قويۇپ، كۆتكەندىن كېيىن، ئاندا بىر ئاز ياخشىلىنىپ «دىيارى ئىمام» دېگەن كىتاۋىنى ھەزرىتى موللام تەزكىرىلىرىدىن پايدىلىنىپ يېزىپ پۈتتۈرۈپ، مىلادىنىڭ 1848دە ۋاپات بولغان ئىكەن. مەن ئۆز ئۆيۈمدىكى كېسەلخانامدا مۇندىن ئالتە، يەتتە يىل بۇرۇن كېسەل كورىۋاتسام، شەھەر بايلىرىدىن بولغان ئۆمەر باينىڭ خىزمەتچىسى مەھەممەت رەھىم ئاخۇن شەپەرەك دېگەن كىشى قىشمىغا سالاپەتلىك كېيىنگەن بىر ئەرەپنى باشلاپ كىرىپ، ئۆمەر باينىڭ تاپىلىشى بويىچە ئۇ كىشىنىڭ كېسىلىنى كوڭۇل بولۇپ تەكشۈرۈپ دارا قىلىشىمنى تاپىلىغان، دېگەنىنى ئېيتقاندىن كېيىن، بۇ ئادەمنىڭ ھەرەم شەرىفتىن كەلگەن شامى داموللام (سورىيىلىك بولسا كېرەك، مەھەممەت ئابدۇلئەسەد — ئۆز ئىسمى) لىقىنى دېدى. مەن سالام - سائەتتىن كېيىن ئۇ كىشىنى ھورمەتلەپ باشقا بىمارلارغا قارىماي، كوڭۇل بولۇپ، كېسەللىك ئەھۋالىنى سۈرۈشتە قىلىپ، شىكايىتىنى ئاڭلاپ قارىسام بۇ كىشىمۇ ئېغىر ھالدىكى «ئىستىسقا» (ئۆپكە سىلى) ئىكەن. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن بۇ كىشى بىلەن تونۇشتۇق. تومۇز كۈنلىرى ئىللىتى كۆچەيدى، نەپەس ئېلىشتا قىينالدى. مېنىڭمۇ شەھەردە ئىسسىق كۈنلەردە تۇرالمايدىغان بولغۇنۇم ئۈچۈن، ئۇ كىشىگە كوپرەك دورا ئېلىۋېلىشنى تەۋسىيە قىلسام سەۋەبىنى سورىدى. سەھراغا ھاۋالىنىش ئۈچۈن بارىدىغانلىقىمنى دېسەم بىللە بېرىشنى ئوتۇندى، بۇ يەرگە بىللە ئېلىپ كەلدىم. ھەپتىگە قالماي دورا، ھاۋا، قېمىز تەسىر كورسەتكىلى تۇردى. خىقىراشمۇ توختىدى. ئىشتىھاسى ئېچىلىپ سەمرىشكە يۈزلەندى. ئۇنىڭ مەشغۇلىيىتى ھەر كۈنى سەھەر تۇرۇپ، ھەزرىتى موللام بېشىغا بېرىپ، زىيارەت قىلىش، سوسەر ئاغزى، تەكىيە مەھەللىسى، خوجە سەيپىدىن ۋەلى يوللا مەقبىرەلىرىگە قەدەر ئايلىنىپ كېلىش بولۇپ، بىر كۈنى ئۇ ماڭا «زېمىن ئۈستىدە كوپ جايلارنى كوردۇم. ئەمما مۇنداق گۈزەل ۋە موسەپپا زېمىننى ئۇچراتمىدىم. جەننەت زېمىن ئۈستىدە مانا مۇشۇ يەردە ئىكەن. بۇ ھەزرىتى موللام ۋەلى، يوللا ئالىم

بولغاچ،بۇ يەردە تۇرۇشنى ئۆزىگە راۋا كورگەن . بۇزات ھەقىقەتەن ماڭا چۈشەنچە بەرسىڭىز » دەپ ئۆتۈندى . مەن ئۇ چاغدا خۇددى جالالىددىن ئاخۇندەك ئۆزە بىلگەنلىرىمنى ئېيتسام، ئۇ كىشى دىگەندەك ۋانا ئەتلىك چۈشەنچىگە ئىگە بولالمىغاچ، ماڭا ئەپسۇسلۇق بىلدۇرۇپ ، تەزكىردلەر تېپىپ بېرىشىمنى دىدى . بىر نەچچە ۋاقىت سۈرۈشتە قىلغاندىن كېيىن ( ئاگىنچە شامى دا موللا كېتىپ قالدى ) ئىككى - ئۈچ خىل تەزكىرىلەرگە ئىگە بولدۇم . بۇلار ئىچىدە ھەممىدىن مۇكەممەلرەك بولغىنى « دىيارى ئىمام » تەزكىرىسى بولۇپ ، ئۇنىڭدا بايان قىلىنىشقا قارىغاندا ئوپال دىيارى ئەپرەپسىياپنىڭ ئارام گاھلىرىدىن بىرى ئىكەن . ئۇنىڭدىن كېيىن تۇراخان زامانلىرىدىمۇ ، كاتتىلار ياز كۈنلىرى ژۇدۇغ ۋاش تەرەپلەردىكى يايلاقلاردا سەيلە - تاماشالار قىلىپ ، قېمىز ئىچىپ ، قېزا يەپ ، قىزلەرنىڭ روخسارلىرىنى كورۇپ قايتىشىدىكەن . ئۇلۇغ سۇلتان ستوق بۇغرالار زامانىسىدىمۇ ، ماداينىغا بارغانلارمۇ ، « غوجە قونداق مازىرىم » دىگەن جايدا قونۇپ ، ھاردىقلىرىنى ئالغاندىن كېيىن ئارتوچ مەشھەت ۋە ياكى يىراقلارغا قاراپ ، كارۋان قوشۇنلىرىنى باشلاپ كېتىشىدىكەن ....

كۆنلەردىن بىرىدە ئوپال دىيارىنىڭ پادىشاسى شاھى ئېھرامنىڭ شاھزادىسى ئوغا چىقىپ ، قايىراق تېغىدا شىكار قىلىۋاتقاندا ، ئالدىغا بىر كېيىك ئۇچراپتۇ ، شاھزادە ئۇنىڭغا ئوقيا چىلتەسىدىن ئوق ئۈزۈپتۇ . ئەمما كېيىك ئولمەي مەجروھ بولۇپ قېچىپتۇ . ئۇنى قوغلاپ شاھزادە « ئازىق » دىگەن جايغا كەپقاپتۇ . كېيىك غايىپ بولۇپتۇ . تەنھا شاھزادە ئەتراپلارنى ئاختۇرۇپ ، چاتقاللىقلاردىن چىقىپ قارىسا ، چېغىر يولدا سۇ ئېلىپ كىرىپ كېتىۋاتقان بىر ساھىبى رەنا ئۇچراپتۇ . ئۇنى كورۇپلا ھۇشىدىن كەتكىلى تاسلا قاپتۇ . ئاتتىن سىرىلىپ ئاستا چۈشۈپ بىر ئاز ئۆزىنى ئوڭشىۋالغاندىن كېيىن ، ئۇ قىز كىرىپ كەتكەن ئىشىك تۈۋىگە كېلىپ ، قامچا دەستىسى بىلەن ئىشىكنى ئۇرۇپتۇ . باغ ئىچىدىن يەڭلىرى تۇرۇلگەن ئاپپاق ساقاللىق پىرىشتەدەك بىر قېرىسال كىشى چىقىپ ، ئىشىكنى ئېچىپتۇ . شاھزادە مويسىپىتقا ئەدەپ بىلەن ئىككى قولىنى كوكسىگە ئېلىپ، "ئەسسالامۇ ئەلەيكوم..." دەپ سالام بېرىپتۇ. ساھىپخان كىشى بوسۇغىدا تۇرغان شاھزادە سالاپەتلىك مىھماننى كورۇپ ئەۋۋەل ئارقىسىغا داجىپتۇ، كېيىن "ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام!" دەپ جاۋاپ بېرىپ ھويلىغا تەكلىپ قىپتۇ. شاھزادەم ھويلىغا كىرىپ، تەشنالىق سورىغان ئىكەن، چوڭ ھىجىرغا لىقمۇ - لىق توشقۇزۇلغان ئانار شەربىتىنى تەخىرسىز كىرىپلا ئويدىن ئەچىقىپ، تەكەللۇپ بىلەن سۇنۇپتۇ، شاھزادە شەربەتنى قولىغا ئېلىپ قانغىدەك ئىچىپتۇ، ئۇسسۇزلىقىغا قېنىپتۇ. سۇكرەدىخانى ئەشرەپكە قاراپ "ئىسمىلىرى نىمە؟" دەپ سوراپتۇ. "سەيپىدىن"دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ. "سىلەرنىڭ كولبەڭلەر دە ئوغۇل- قىزلىرىڭلار كوپمۇ؟"، "يوقسۇ، پەقەت سۇلبىيە قىزىم بىلەن ئىككىمىزلا بار" دەپ جاۋاپ بەرگەندىن كېيىن، شاھزادە ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ، خەيرلىشىپ بوسۇغىدىن ئۆزاپ ماڭغاندا، ئاندىن ئۆزىنى ئىزدەپ كەلگەن سەركەردىلەر بىلەن ئۇچرىشىپتۇ. ھەر قەدەمدە بىر چوڭ - كىچىك تىنىۋاتقان قىياپىتىگە قاراپ، قېرى باھادىرى شاھزادىدىن ئەنسىرەپ، سەۋەبىنى سوراي دەۋاتقاندا شاھزادە ھېلىقى باغچاق تەرەپكە قاراپ، چوڭ بىر تىن ئېلىپتۇ. تەجرىبىدار باھادىرى شاھزادەمگە "بىرەر ئىشقى-مۇھەببەت ئوتى سىرايەت ئەيلىگەن بولۇشى مۇمكىن" دەپ قىياس قىپتۇ.

شكاردىن يانغاندىن باشلاپ، شاھزادىنىڭ ئىشتىھاسى تۇتۇلۇپ، ھېچنەرسە يېمەپتۇ. كۈندىن - كۈنگە چىرايى سارغىيىپ، زەڭگى - روبى ئۆچۈپ، ئۇيقىسى قېچىپ بىئارام بولغىلى تۇرۇپتۇ. شاھ بۇنىڭدىن خەۋەر تېپىپ، دەرھال ھوكىمالارنى يىغىپ، ئوغلىنى كورسەتكەن ئىكەن، ھەر قايسىسى ئۆزىگە لايىق كېسەل ئېھتىمالىنى دەپ دورىلار بېرىشىپتۇ، لېكىن تەسىر كورسەتمەپتۇ. قېرى ئەمچى (تىۋىپ) يۈرەكتىكى سەكتاغە قاراپ ئانار شەربىتى بۇيرىغان ئىكەن، شاھزادە ئارقا - ئارقىدىن بىر نەچچە پىيالە شەربەتنى ئىچىپ ئاندىن كۈلۈپتۇ ۋە بېشىنى كوتىرىپتۇ. خەۋەر شاھقا يەتكەن ئىكەن، پۈتى - پۈتىغا تەگمەي ئوغلى قېشىغا كېلىپ مۇرەككەپ دالىق قىپتۇ ۋە نىمە پايدا قىلغانلىغىنى سورىغاندا "ئانار شەربىتى" دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ. ئەمما شاھزادە ئۈندىن باشقا تائامۇ يېمەپتۇ. يەنەباش قويۇپ يېتىپ كەتكەن ئىكەن، تىت - تىت بولغان شاھ "سىر" ئېلىش ئۈچۈن ئەسرارى قېرى باھادىرنى يېنىدا قويۇپتۇ. شاھزادىنىڭ تولىمۇ كوڭلىنى ئايايدىغان تەجرىبىكار باھادىر ياشلىغىدىكى سەرگۈزەشتىلىرىدىن سوزلەپ كېلىپ "پىراقى مۇھەببەت" دىن سوز ئاچقاندا، شاھزادە چۇراپ يەنە ئورنىدىن تۇرۇپ، كۆڭۈل قويۇپ، كوزىنى ئۈزمەي تىكىلىپ قاراپ ئاڭلاپ، "يەنەچۇ، يەنە قانداق بولغان؟ قانداق بولىتتى! ..." دەپ كېلىپ ئاخىرىدا قاتتىق بىر تىنىپلا يىغلاپ دۈم يېتىپتۇ. باھادىر ئاستا يولەپ تۇرغۇزغان ئىكەن، تەشنالىق سوراپتۇ. بۇ چاغدا ئانار شەربىتى تۈگەپ قالغىنى ئۈچۈن مۈزدەك كاشكاپلەر بەرسىمۇ، ئىچمەپتۇ. ئاندىن باھادىر ئاستىلاپ ئانار شەربىتىنى مۇنچە ياخشى كورۇشىنىڭ سەۋەبىنى سۈرۈشتە قىلىپ كورگەندە، شاھزادە سوز باشلاپ:

- شكارغا چىققان مۇندىن 6 ئاي بۇرۇنقى كۈندە مەجرۇھ بولغان كېيىكنى قوغلاپ ئازىق دىگەن جايغا كەلسەم، پەستىكى ئويدە بىر چولپان قىزنىڭ سۇ كوتىرىپ كېتىۋاتقانلىغىنى كورۇپ ئارقىسىدىن بېرىپ تەشنالىق سورىسام، شۇ ئاندا، ماڭا سۇ ئورنىدا ئانار شەربىتى بەردى، ئۇ ئۆي سەيپىدىن دىيىلگەن كىشىنىڭ ماكانى ئوخشايدۇ. شۇندىن بېرى مۇشۇ ھالغا قالدىم ... دەپ قېرى باھادىرغا ئەھۋالنى بايان قىپتۇ.

ئەسراردىن تولۇق ۋاقىپ بولغان باھادىر شاھقا ئەھۋالنى بىر - بىر بايان قىلغاندىن كېيىن، شاھ ئالاقچىلار ئارقىلىق سەيپىدىننىڭ ئائىلىسىنى بىلىپ يېتىپتۇ. ئۇلارنىڭ كەلتۈرگەن خەۋەرلىرىگە قارىغاندا دىيانەتكاردىخانى ئەشرەپ سەيپىدىننىڭ تولىمۇ ئاقىل ۋە دانىشمەن قىزى بۇۋى رابىيە ئانىسىدىن يەتتە ياشتا ئايرىلىپ يېتىم قېلىپ، ھازىر كامالەت يېشىغا يېتىپتۇ. ئاتىسىنىڭ ھەممە ئىشىغا بۇ قىز ئەقىل كورسىتىدىكەن. ئېپپەت - نۇمۇس كۈيلۈقتا بۇ يۇرتتا بۇ ئاتا - بالىدەك ئادەملەرنى تاپقىلى بولمايدۇ، دەپ ھەمسايىلىرىنىڭ ھەممىسى دىگىدەك شاھىدلىقلار بېرىپتۇ. شاھ تولىمۇ مەمنۇن بولۇپ، ئوغلىغا ئۇنى ئۆيلۈك - ئوچاقلىق قىلىش ئارزۇسىنىڭ بارلىغىنى، پەرزەنتلىك ئۈچۈن دىخان ئەشرەپ سەيپىدىننىڭ نورە چەشمىسى بۇۋى رابىيەنى لايىق كورگەنلىگىنى دەپ، ئوغلىدىن باھادىر ئارقىلىق رىزالىق سوراپتۇ، سۈرۈشتە قىلغاندىن كېيىن، رازىلىغىنى ئاتىسىغا بايان قىپتۇ.

ئەلچىلەر بېرىپ توي تەرەددۇتىنى پۈتتۈرۈپ، پۈتۈن ئەل-يۇرتقا يەتتە كېچە - كۈندۈز-

غىچە ئۆيىدە قازان ئاسماسلىقتا يارلىق بېرىلىپتۇ، ھەممە توي ئويناپتۇ. تويدا ئېھرام شاھنىڭ لەشكەرلىرى ماھارەتلىرىنى كورسىتىپتۇ. ئەمما شاھزادىنىڭ ئوقيا ئۈزۈشى، توپۇق ئويۇنى، چوتان ئۈرۈشلىرى، سۆ ئۈزۈشلىرى ھەممىنى ھاڭۇدقىپ، داڭ تۇرغۇزۇپ قويۇپتۇ. تاماشادىن كېيىن نىكاھ قوتبەسى ئوقۇلۇپ، ئوغۇل - قىزلارنىڭ رىزالىقى ھەمۋەدىلىرى ئېلىنىپتۇ.

شاھ ئوردىسىغا بۇرابىيەنىڭ كېلىن بولۇپ كىرىشى سەلتەنەتنىكى ئادالەتنىڭ راۋناق تېپىشىغا، يۇرتنىڭ مەمۇر، ئەلنىڭ بەختىيار بولۇشىغا سەۋەپ بوپتۇ.

ئاگىچە قىز ھامىلە بولۇپ، توققۇز ئاي، توققۇز كۈن، توققۇز سائەتتى توشقان ئىكەن، تېچ، ئامان، ساق-سالامەت ئاتىسىنىڭ خانىسىدا ئاپتاپ سۈرەتلىك بىر پەرزەنت تۇغۇپ، كوز يورۇپتۇ. ئاتىسى سەيپىدىن ئىنىك ئانىلىرىدىن "نىمە تۇغدى" دەپ سورىغان ئىكەن، ئۇلار "بورە" دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ. خوشال بولغان سەيپىدىن شاھىمغا خەۋەر قىلىمەن دەپ يۈگۈرگۈنچە يولغا راۋان بوپتۇ. شاھى ئېھرام شاھزادىسى بىلەن ئوپال ئارت فىرىق بۇلاقىرى ئەتراپىغا شىكارغا بارغان ئىكەن، تاغدىكى ھاڭ ئۈستىدىن ئىرغىغان ئاتىنىڭ تۇۋىغى تەمىلىپ كىتىپ شاھئېتى بىلەن ھاڭغا چۈشۈپ كەتكەن بولىسىمۇ، ئېتى قازا تېپىپ شاھ ئۆزى سالامەت قالغان مەھەلدە سەيپىدىن يېتىپ كېلىپ بۇ، قۇۋانچىلىق خەۋەرنى شاھقا ۋە كويەۋ ئوغلىغا يەتكۈزۈپتۇ. شاھ ئوزىنىڭ زور پالاكەت ۋە دىشۋارچىلىقتىن سالامەت قالغانلىقى، تۇنجى ۋە يېگى نەبرىسىنىڭ دۇنياغا كەلگەنلىكى شەرەپىگە شىكارغا مىنىپ چىققان قىرىق يىگىتىنىڭ ئاتلىرىنى نەزرە قىلىپ، شۈكرانەسىغا دۇئا-تەكبىر ئوتكۈزۈپتۇ، ئۇنىڭدىن كېيىنلا يۇرتتىكى پۈتۈن ئولىما - فوزۇلالەرنى، يۇرت كاتتىلىرىنى يىغىپ يېگى نەۋرىسىگە ئىسىم قويۇش تويى ئوتكۈزمەكچى بولۇپ، ئاتابىرلارغا خەۋەر بېرىپتۇ، ھەممە يىغىلىپ "ئات تويى" نى كاتتا زىياپەت تەنتەنە بىلەن قىزىل مەسجىد ئاتامدىكى ئوردىدا ئوتكۈزۈپتۇ. زىياپەت ئاخىرىدىكى دۇئايى خەيرىدىن كېيىن، يېگى نەۋرىسىنى تۈرك خاقانلىرىنىڭ ئەنئەنىۋى ئادىتى بويىچە ئاق كىگىزگە ياتقۇزۇپ، بىر توققۇز سۇپاھ كوتىرىپ، ئوردىنىڭ مېھمانخانىسى ئوتتۇرىسىغە ئەچىرىپ، يەردە قويماي كوتۇرۇشۇپ تۇرۇپتۇ. مېھمانلار ھەممىسى تەڭ "قۇتلۇق بولسۇن شاھىمىزغا" دەپ مۇرەكبادلىق قىپتۇ. ئاندىن يۇرت قازىسى ئوغۇلنى قولىغا ئېلىپ پىشانەۋە تاپانلىرىغا سۈيۈپ، "شاھزادە يەتتە ئىقلىمغا شاھ بولغاي!" دەپتۇ. شاھى ئېھرام مىيغىدا كۈلۈپتۇ. ئىككىنچىسى قولىغا ئېلىپ: "كاتتا باھادىر ۋە ئەقىللىق بولۇشى، قۇلاقنىڭ چوڭلىقى، پىشانىسىنىڭ كەڭلىكىدىن بىلىنىپ تۇرىدۇ. ئەلۋەتتە بۇ خاسيەت شاھزادىغا خاستۇر"، دەپتۇ. شاھقا بۇ سوزمۇ بىر ناۋئى تۇغۇلغاندەك قىياپەت بەشرەسىدىن كورۇنۇپ تۇرۇپتۇ. ئۈچىنچى، تۆتىنچى، بەشىنچى، ئالتىنچىلىرىمۇ شاھقا ياخشى كورۇنۇش ۋە خوشامەتتىن ياغلىما سوزلەرنى قىپتۇ. يەتتىنچى نوۋەتتە شاھنىڭ قۇدىسى سەيپىدىن يېگى نەۋرىسىنى قولىغا ئېلىپ:

— تەڭرىم بىزگە بۇ يېگى مېھماننى ئاتا قىپتۇ. مەن ئۇنىڭغا شۈكرىلەر بىجا كەلتۈرىمەن. ئاتا - ئانىلارنىڭ بالىلىرىغا قىلغان ياخشىلىقى-مىراسى ئىلىم ۋە ئەدەپ ئۆگۈتۈشتىن ئەۋزەل ئەمەسدۇر. نەۋرىمىز تەڭرىم نېسىپ قىلسا، تەربىيىمىز بىلەن ئالىم بولغۇسىدۇر، - دىگەن ئىكەن،

پۈتۈن مېھمانخانىدىكىلەر «بارىكاللا!» دەپ توۋلىشىپ كېتىپتۇ، ئارقىدىنلا «ئاللاھۇئەكبەر!....» دېگەن تەكبىر ساداسى ئاسمانغا كۆتۈرۈلۈپتۇ. شاھنىڭ خۇشاللىق يېشى كۆز چانىقىدىن نوروز بۇلاق سۈيىدەك ئېتىلىپ چىقىپتۇ. يۈگۈرۈپ كېلىپ سەييىدىننى قۇچاقلاپ، يېڭى نەۋرىسى بىلەن بىللە كۆتىرىپ، چوكۇلۇتۇپ ئاندىن يەرگە دەسسىتىپتۇ. سوڭرە نەۋرىنى قولىغا ئېلىپ باش كۆزىدىن سۆيۈپ، كېيىن خالايىققا قاراپ:

«ئىلىم ئىلەدۇر نىزامى ئالەم،
ئاراپ ئىلەدۇر كامالى ئادەم.»

مەن يەتتە ئىقلىمنىڭ شاھلىقىدىن ئەۋلادىمنىڭ ئالىمى بولغىنىنى چوڭ دەرىجە دەپ بىلىمەن. ئالىملىق ئىككىلا دۇنيا نىجاتلىقى ۋە شاھلىقىدۇر. مېنىڭ دىلىمدىكى ئارزۇيەمنى ۋەلى (ئالدىن بىلگۈچى ـ كارامەت قىلغۇچى) گە ئوخشاش قۇدىمىز سەييىدىن ئاكا تاپتى. مەن ھەقىقى رىزا بولدۇم. شۇڭا بۈگۈندىن باشلاپ، بۇ كىشىنىڭ نامىنى پۈتۈن ئەل سەييىدىن ۋەلىيۇللا» دەپ ئاتىغاي دەپ پەرمان قىپتۇ.

ھەممە بەيەكبار تازىم بىلەن «خوش!» دەپ رىزالىق بىلدۈرۈشۈپتۇ.

ئۇندىن كېيىن ئىسمىنى نىمە قويۇش ھەققىدە مەسلىھەت ـ مەشپىرەتلەر باشلاندى. ئۇلۇمالاردىن بىرى:

ـ شاھىمىز، بۈگۈن جاناپلىرى ئىلمۇ ـ ئىرفان پەرۋەرلىكلىرىنى ئايان قىلىپ، ئارزۇلىرىنى شاھلىقتىن يۇقۇرى؛ دەپ تونۇتۇپ، بىزگە سائادىتىمىزنى كۆرسەتتىلە، بىز ئىلىم ئەھلىلىرى تولىمۇ مەمنۇن بولدۇق. شۇڭا بىز سىلىدەك شاھىمىزنىڭ دەۋرى بىلەن ماختىنىمىز. ھەمىمىز مۇشۇ ماختىنىش ۋە مەمنۇنىيىتىمىزگە شۈكرىلەر بىجا كەلتۈرۈپ، بۇ ۋەدىمىزگە «ۋاپا» قىلىمىز، بىزنىڭ مۇشۇ نىيەت، مۇددىئايىمىزنى ئۇقتۇرۇش ئۈچۈن قۇتلۇق قەدەملىك پەرزەندلىرىگە بەش ھەرىپتىن ئىبارەت بولغان «مھمۇد» (ماختانغۇچى) ئىسىم قويۇشنى ئىلتىجا قىلىمىز. چۈنكى؛ بۇ ئىسىمنىڭ ھەر بىر ھەرىپىدە بىر مەنا يوشۇرۇنغاندۇر. بىرىنچى ھەرپ بولغان «م» (مىم) مەمنۇنىيەتنى بىلدۈرىدۇ؛ «ح» (ھى) ھەمدۇ ئېيتقۇچى دېگەن مەنىنى، «م» (مىم) مۇددىئا ـ مۇرادىغە ئېرىشكەن دېگەن مەنىنى، «و» (ۋاو) ۋاپادارلىق دېگەن مەنىنى، «د» (دال) دىيانەتكارلىق دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ، ـ دەپ ئىزاھ بەرگەندىن كېيىن، شاھى ئېھرام خالايىق موتىۋەرلىرى ئالدىدا:

ـ نۇرەدىدىمىزنىڭ ئىسمى مەھمۇد ئىبنى ھۈسەيىن بولسۇن. ئوغلىمىز ھۈسەيىننى بۇ مۇبارەك پەرزەند ھورمىتىدىن بۈگۈندىن باشلاپ ئەمىر سۇلتان ھۈسەيىن دەپ ئاتالسۇن. خالايىق ئىچىدە ئىلىم ـ ھۈنەر شۇنداق راۋاج تاپسۇنكى، ئىلىم ـ ھۈنەر بىلمىگەن بىرەر كىشى سەلتەنىتىمىز تەۋەسىدە كۆرۈلمىگەي، ھەر قانداق كىشى فەزىلىتىنى ئارتتۇرۇپ، ئۆزىنىڭ بى باھالىقىنى كۆرسەتكەي. ئىلمۇ ـ ئېرفانغا قىيا باققۇچىلارنى ھاشالەرگە ھەيدەپ، ئۇلارنىڭ سېلىغىنى ئېغىرلاتقاي، ـ دەپ پەرمانى ئالى قىپتۇ.

شاھزادە مەھمۇد تەلپۈنگەندە ئېھرام شاھ قوۋانىپ بىر توقسان قوي ئۆلتۈرۈپ، ئەنئەنىۋى ئادەت بويىچە «ھەقىقى تويى» قىپتۇ. ئۆلتۈرۈلگەن قوي سۆڭەكلىرىگە تىغ تەككۈزمەي،

ئۇستىخانلارنى تارتۇقلاپ، ئۇندىن كېيىن ئۇستىخاننىڭ ھەممىسىنى يىغىپ «كېپەنلەپ» بالا -
نىڭ ئۆمرى ئۇزۇن بولسۇن ئۈچۈن قىزىلچاي ئاتامدىكى زەرەتگارلىققا «دەپىن» قىپتۇ. يەتتە
ياشقا كىرگەندە قىرىق كېچە - كۈندۈز ئاش بېرىپ، پۈتۈن ئەل-يۇرتنى، ھەممە ئايماق قەبىلە-
لەرنى قىچىرىپ «خەتنە توي» ئۆتكۈزۈپ، ئاش تارتقاندىن تاشقىرى، ئوغلاق ئويۇنلىرى، قوش-
قار سوقاشتۇرۇش تاماششاسى، دارۋاز ئويۇنى، سەرىنگاھلىق، توپۇق تاماششاسى... قاتارلىق
ئويۇنلارنى ئۆتكۈزۈپ توينىمۇ قىزىتىپتۇ.

مەھمۇد توت ياش، توت ئاي، توت كۈنلۈك بولغاندا، «كونا قورغان» دېگەن جايدىكى
ئىككى ھېيت دامېزى ئوقۇلىدىغان كاتتا جەمە قېشىدىكى مەكتەپكە تەنتەنە بىلەن ئەپكىرىپ
بېرىپ، ھەممە ساۋاقداشلىرىغا بىر ئەتەكتىن ياڭاق، بىر توققۇزدىن توخو، يەتتە پۇلدىن ياماق
بېرىپ، ئۇستازى ئۈچۈن بىر ئات، دەستار، ئىراقتىن تىكىلگەن تون، كىمسەندىن تىكىلگەن
مەيسىلەر بىلەن تارتىقلايدۇ. بالىنىڭ زېھنى زاكاۋىتى كىرگەن كۈندىن باشلاپ كورۇلىدۇ.
ئۇردا تەرىپىدىن شاھ يەنە مەخسۇس تەربىيىلىگۈچى تەيىنلەپ، ئالاھىدە قېتىقىنىدۇ. مەكتەپكە
مەھمۇدنى ئېلىپ بېرىشتا بوۋىلىرى شاھى ئېھرام بىلەن سەيپىدىن ۋەلىيۇللالار ئوڭ ۋە سول
قوللىرىنى يېتەكلەپ، يولنىڭ ئىككى تەرىپىدە تۇرغان خالايىقلارغا خونچىدە كوتەرگەن كۈمۈش
دىنارنى ھەر دوقمۇشتا ئوغلىنىڭ بېشىدىن ئورۇپ، سىقىملاپ ياكى چېچىپ بېرىپ، ئۇلارغا
ساخاۋىتىنى كورسىتىپتۇ ۋە شاھ دەرسخانىغا كىرىپ، ئۇستازغا سالام قىلىپ،
ھال - ئەھۋال سورىغاندىن كېيىن، پەرزەنتى مەھمۇدنى ئوز قولى بىلەن مۇئەللىمگە تاپشۇ -
رۇپ، «پەرزەندىمىز ئۈچۈن بىز ئاتىلاردا بولغان ئىككىنچى ھەققى يەنى ئىلىم - تەلىم بېرىشنى
بۈگۈن سىلىگە تاپشۇرۇپ ئادا قىلىشقا كەلدۇق. ئۈمىدىمىز زايا بولمىغاي!» دېگەندىن كېيىن
ساۋاقداشلارغا يۇقۇرىدا بايان قىلغان تارتۇقلارنى ئېھسان قىلىپ، بىر ئاز دەرس ئاڭلىغاند -
دىن كېيىن، ئاندىن ئۇلارنى «سالاۋات» قويۇپ بېرىش تەكلىۋىنى بېرىپ، قايتىشىپتۇ. ئارزۇ-
سىنىڭ تۇنجى ئىشىكى ئېچىلغانىنى كورگەن بوۋىرابىيە مەھمۇدنى سەھەر تۇرغۇزۇپ، يۈز-كوزلە -
رىنى يۇيۇپ، ئۇچىسىغا شاھزادىلەرگە لايىق تون، كىمسەندىن تىكىلگەن ئوتۇك، بىلىگە كۈ -
مۈش ساۋۇتتىن ھەل بېرىلگەن بەلۋاغ، يېنىغا - شاپگىرلەر سەنئىتىنى كورسۇتۇپ ئىشلىگەن
كۈمۈش قاپلىق خەنجەر، بېشىغا لايىغىدا دەستار بىلەن كىيىندۇرۇپ، ناشتىلىق بەرگەندىن كې-
يىن: «ئوغلۇم! سىز بىزنىڭ ئۈمىدىمىز، ئىلىمنى مەكتەپتە ئۇستازىڭىزدىن ئۆگەنسىڭىزمۇ، ئەم-
ما ئەدەپ - ئەخلاقنى مەندىن ئۆگىنىۋېشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن. ھەر قاچان كۈن يورۇشتىن
ئىلگىرى قوپماق، خالى جايغا بېرىپ يەنگىللىمەك، يۈز، كوز، ئېغىز، بۇرۇن، قول پۇت، ئول-
تۇرىدىغان جايلارغا قەدەر پاكىزە يۇماق؛ ۋاقتىدا ئاز - ئازدىن تاماق يەپ، مەكتەپكە يۇرۇش -
كە تەييار بولماق؛ ئاتا - ئانا، ئۇستاز ۋە چوڭلارنى كورگەندە «ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم!» دەپ
سالام بەرمەك، ئاداشلار ۋە ساۋاقداشلارغا مېھرىبان بولۇپ، ئۇلارغا مەن شاھزادە تۇرسام دەپ
ئاتكاچىلىق قىلماسلىق، چوڭلار گەپ قىلغاندا شاككاكلىق قىلىپ بۇزماسلىق، كىشىلەرنىڭ
نەرسىلىرىنى ئېلىۋالماسلىق، يالغان سوزلىمەسلىك، كىشىلەرگە دۇرۇس مۇئامىلە قىلىش، يا -
مان غەرەزلىك كىشىلەر بىر نەرسە بەرسە ئالماسلىق، يامان - بىھودە تىللارنى ئۆگەنمەسلىك
قاتارلىقلار ئادەتتۇر ۋە ياخشى قىلمىقلاردۇر. سىز بۇ دېگەنلىرىمنى ئوبدان ۋە مەھكەم قۇلىغ -

مىزدا تۇتۇلۇڭ» دەپ يەلكىسىدىن قولىنى ئېلىپ، بويىنىغا دەسلەۋىدە كالا تاغىقىدىن ياسالغان «تاختا»، كېيىن «جىلىت»، ئۇندىن كېيىن بەلۋاغىغا ئىقىلغان «قەلەمدان» لارنى ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئاپپىرىشقا تەييارلەنگەن ئىككى ئاتلىق سوپاغا تاپشۇرۇپ بىرىشنى جىكىلەپ، ھەر كۈنى مەكتۈپكە ئېۋەرتىدۇ. توغما ئىستىداتلىق مەھمۇد 1-يىلى تاختا بىلەن ساۋادىنى چىقىرىپ، «ا، ب، ت، س» دىن ئىبارەت ھەرپلەرنى ئوبدانلا ئۆگىنىدۇ ۋە شۇ يىلىنىڭ باھارىدا ئۇستازىنىڭ قومۇش قەلەم بىلەن لاتا قەغەزگە يېزىپ، يېڭى يىلىنىڭ كىرگەنلىكىنى ئايان قىلىپ تارقاتقان:

«تېرەكلەر تەنگە بولاپتۇ - نەۋ باھار،
بولدى ئالەمگە پەرەھلىك سەد ھازار.
كىمكى ئەۋلادىنى مەكتەپكە بىرور،
ھورى-غولماندىن تاپار جەننەتتە يار.»

دىگەن «نوروزلۇق» نى بوۋىلىرى ئالدىغا كوتىرىپ بارغاندا، شاھى ئېھرام «بوغرا» توگە، سەپپىدىن ۋەلىيوللا توت چىشلىق ئېرىك قوي، سۇلتان ھۇسەيىن ئۆزى مىنگەن «ئارغىماقى بەدەخشانى»لارنى «موللام» ئۈچۈن خوشاللىقىدىن تەقدىم قىلىشىدۇ. ئىككىنچى يىلى «مەسھەف»نى، ئۈچىنچى يىللىرى سان - ساناق ئىلمى (ھىساپ) غە تەئەللۇق بىلىملەرنى ۋە «ھىسابى ئەبجەد» نى يادقا ئۆگىنىدۇ ۋە تېز كۈن ئىچىدە تىرىشىپ ھىسابى ئەبجەد يولى بىلەن جۈملىلەر تۈزەلەيدىغان بولىدۇ.

ئۆيىگە كەلگەندىن كېيىن ئانىسىدىن، تاماقلارنىڭ تۈرلىرىدىن تارتىپ كىيىم - كېچەك ئىسىملىرى، ئۆي جاھاز ئىسىملىرىنىمۇ ئۆگىنىۋېلىپلا قالماي، ئۇردىدا تەييارلەنگەن كىشىدىن سو - پاھ - سولالەرنىڭ ئاتلىرى، ياراغ-ئەسلىھە ناملىرى، يەر - جاي ئىسىملىرى، تاغ - دەريانىڭ قاپتال - قۇيۇلۇشلىرىغا قەدەر بىرنى چۈشۈرمەي ئۆگەنگىنى تۇرىدۇ. سۇلتان ھۇسەيىن ئوغلىنىڭ ھەۋىسىدىن ئارزۇسىغا يېتىدىغانلىقىغا كوزى يېتىپ، ئۇنى قەشقەرنىڭ شۇ چاغلاردىكى مەركىزى- مەشھەتتىكى «مەدرىسەئى ساچىيە» غە ئىبەرتىپ ئوقۇتىدۇ. تەھسىلى ئىلمىدىن كې - يىن يۇرتىنىڭ ھەممە تەرەپلىرىنى بىر نەچچە يىل كىزىپ، ئەل ۋە يۇرتنى تونۇيدۇ، ئالدىغا ئۇچرىغاننى يازىدۇ. نەزەر دائىرىسى تېخىمۇ كەڭرىپ، ئىلىمگە بولغان ئىشتىياقى سەۋەۋى بىلەن يۇرتىدىن «مۇق» يولى ئارقىلىق چىقىپ، بۇخارا، مەرۋى، سەمەر قەنت، نىشاپور، ئەڭ ئاخىرىدا باغدات مەدرىسلىرىدە ئوقۇپ، سوڭرە ئۇ يەردە مودەررىسمۇ بولۇپ، يەنە «كىتابول جاۋاھىرنىھوي» قاتارلىق ئەسەرمۇ يېزىپ، قېرىلىق بىلەن بەدەن زەئىپلىقىغا دۇچ كەلگەندە، ئۆزى تىركەپ كەلگەن تۈركى خەلقلەر ماقال - تەمسىللىرىدىن:

«دىخانىنىڭ ئوبدانى چامغور تېرىيدۇ،
ئادەمنىڭ ئوبدانى ئۆز يۇرتىدا قېرىيدۇ.»

دىگەننى كورىدۇ. ئالىمغا بۇ سوز ئۆز يورتىنى كورۇش ئوتى بولۇپ تۇتىشىدۇ. شۇ چاغلاردا «كارۋان بۇيۇك يولى» بىلەن باغداتقا بارغان قاپىلە قوشۇنىدىكىلەردىن ئوپاللىق

كارۋان بېشى مالىك ۋە ئەسقەر ئىسمىلىك ئىككى كىشى ئۆزىنىڭ ئۇستازى ۋە شاھزادىسى
بولغان مەھمۇد ئىبنى ھۇسەيىن (ھەزرىتى موللام) نى ئىزدەپ تېپىپ، زىيارەت قىلىپ، سوگرە
ئارزۇ-مەتلوپلىرىنى سورىغاندا، ئالىم ئاخىرقى ئۆمرىدە ئۆز يۇرتىغا قايتىپ كېتىش ئىكەنلىـ
گىنى بىلدۈرگەندە، كارۋانلار ئالىمنى توگە چومى ئۈستىگە شىۋەلىك ياساپ (كارۋات ئۆي) گاـ
ھى ئولتۇرغۇزۇپ، گاھى ياتقۇزۇپ، تاغ قاپتاللىرى، تار ۋە قىستىلاڭ يوللارغا كەلگەندە كوـ
تۇرۇپ ھاپاش ئېتىپ، دەۋتىغە كېلىپ، گەز دەريا ساھىللىرىنى بويلاپ مەشرەپ داۋانى، ئۇلۇغ
ئارت داۋانلىرىدىن ئېشىپ، قىرىق كېچىكتىن كېچىپ، ئوق سولـولار ئارقىلىق ئۆز يۇرتىغا
قايتىپ كېلىدۇ.

پەرزەنت پىراقىدا كويگەن ئانا بۇۋى رابىيە ئوغلۇمنى كورۇمەن دەپ غەرپكە قاراپ مېـ
ڭىپ، ئوپالنىڭ پامىر بويلاپ ماڭىدىغان چوڭ كارۋان يولىنىڭ بويىدىكى «ژىكچى مەھەللىسى» دىگەن
جايغا بارغاندا يول ئۈستىدە ئوغلى بىلەن ئۇچرىشالماي ۋە كورەلمەي ۋاپات ئېتىدۇ. (ھازىر
مەقبىرەسى شۇ يەردە بار.) ئوپالـغا يېتىپ كەلگەندىن كېيىن، كاشغەرنىڭ قىبلە تەرىپى تاغ
باغرىدىكى دەرسخانىنىڭ مېھرابىدە يەنە سەككىز يىل دەرسگويـلۇق قىلغانـدىن كېيىن، يۈز
ياشقا يېقىن بارغاندا ۋاپات ئەتكەن ئىكەن دىگەن سوزلەرنى « دىيارى ئىمام » تەزكىرەسىدە
ئوقۇغان ئىدىم،-دەپ مۇسا ئاخۇن ئاكام سوزىنى تۈگىتىدۇ. يەنە ئىزاھ بېرىپ: " شاھزادە ھۇسەيىن
قۇمباغ دوڭلىگىدە تۇرۇپ ئۇچراتقان بۇبى رابىيەنى " ئۆيدا چولپاننى كوردۇم " دىگىنى ئۇـ
چۇن رابىيەنىڭ يۇرتىنى ھازىرمۇ كىشىلەر « ئوي چولپان مەھەللىسى » دەپ ئاتايدۇ دەپ تەزـ
كىرىدىمۇ يېزىلغان ئىكەن " دەپ قوشۇپ قويىدۇ. ئاڭغىچە ھەممىمىز ھەزرىتى موللام زىيارـ
تىدىن قايتىپ، ساھىپخان جالالىدىن ئاخۇن ئاكامنىڭ بېغىغا كېلىپ، كەچلىك غىزاغا داخىل
بولساقمۇ، ھەممە گەپ يەنە « ھەزرىتى موللام » ھەققىدە بولدى ۋە تـۈن يېرىمغىچە بۇلاق يېنىـ
دىكى بوستانلىق سۇپىدا چوڭلارنىڭ گېپى تۈگىمىدى. مەن ياش بولغۇنۇم ئۈچۈن ئۇخلاپ كېتىپـ
تىمەن. ئەتىسى ئەتىگەنلىك چاي ۋاقتىدا ھەزرىتى مولـلام ۋاقتىدىـكى ھەژدەرھا ھەققىدە گەپ
باشلاندى. بۇ چاغدا بىز بىلەن بىللە كەلگۈچى ھـول جىگدىلىك ساھىپخان ھەزرىكام دىگەن
كىشى ( ياش قورامى 85 ياشلاردا بولۇپ، ئوزى چىكاڭ ۋە ئورۇق كەلگەن ساۋاتسىز ئادەم، قىـ
ياسىمچە ھەزرىتى موللامغا بولغان ئېيتىقاد ۋە ھورمەـتى ھەممىدىن زىيادىرەك كوزىنىدۇ.
ھەر بىر سوزىدە "جانابى ھەزرىتى موللام ھەزرەتلىرى" دەپ ئالاھىدە ھورمەت سوز
ئىشلىتىدۇ)

"ھەزرىتى موللام ھەزرەتلىرى ھايات ۋاقىتلىرىدا مۇشۇ بىزگە كورۇنگەن «ھەزرىتى مولـ
لام تېغى» نىڭ غارىغا بىر كېچىدە ناھايىتى كاتتا بىر ئەژدىھار پەيدا بولۇپ قېلىپ، پۈتۈن
يۇرتقا بالايى- ئاپەت بولۇپ، ھەر كۈنى ئاغزىدىن پۇرقىغان ئوت بىلەن ئوي ۋە تەسكىن تەرەپـ
لەردىكى باغلار، دەرەخلەر، گىيالار چۆچۈلە بولۇپ كەتكىلى تۇرۇپتۇ. بۇ خەۋەر ھەزرىتى موللامـ
غا ئاڭلىنىپتۇ. ئەژدەرھا ئاڭغىچە يەنە غاردىن چىقىپ ئوي تەرەپكە ماڭغىلى تۇرغان ئىكەن،
ھەزرىتى موللام قولىدىكى 41 پۇتاق ھاسىلىرىنى "ھاي - ھاي" دەپ مارجان بۇلاق بېشىدىكى
دوڭلۇككە قاداپ، بىر لەبزى قىلغان ئىكەن، شۇ مەھەلنىڭ ئوزىدىلا ھېلىقى قۇرۇق ھاسا يوـ
پۇرماق چىقىرىپ، كاتتا بىر دەرەخ بولۇپ، ئەتراپى چاتقاللىقلارغا ئايلىنىپ، ئەژدەرھا ھەمـ

لىسىنى توساپتۇ. ھەزرىتى موللامنىڭ بۇ «كارامىتى»غا ھەممە تەن بېرىپتۇ. ئەۋدەرھا قايتا - قايتا ئوت پۈركسىمۇ بۇ كارامەت قىلىنغان دەرەخلەر كويمەپتۇ. ئارىدىن يەنە بىر مەھەل ئۆتكەن ئىكەن ئېچىقاپ قالغان ئەۋدەرھا ئۆۋىسىدىن چىقىپ، يۇرتقا قاراپ يەنە ھەملە قىپتۇ. بىر نەچچە ئادەم ۋە ھايۋانلارنى يۇتۇپتۇ. يەنە خەۋەر ھەزرىتى موللامغا يەتكۈچە، كىشلەر مەسلىھەتلىشىپ ھەر كۈنلىكى ئەۋدەرھا ئۆۋىسى ئالدىغا بىردىن ئادەم ئاپىرىپ تاشلاپ بېرىشكەن ئىكەن، ئەۋدەرھا ئۆۋىسىدىن كىشىنى يەپلا چىقماپتۇ. يۇرت چوڭلىرى نۆۋەت بىلەن كۈنىگە بىر يۇرتتىن بىردىن ئادەمنى ئۆۋىغا تاشلاپ، ئۇنىڭدىن قۇتۇلاق دېيىشىپ، قارارلىشىپتۇ.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە ھەزرىتى موللامنىڭ تالىپلىرىدىن بولغان ئاكا - ئۇكا ئىمامى ئەكبەر بىلەن ئىمامى ئەسغەر سەھەردە ھەزرىتى موللام ھوزۇرىغا دەرسكە كېلىۋاتسا، ئالدىغا يەر ھەيدەۋاتقان بىر يىگىت ئۇچراپتۇ. ئەمما يىگىت بوقۇسىنى ھەر قېتىم ئايلاندۇرۇپ قايتقاندا، تاپ دەسسەپ ئارقىسىدا ياش ئورنىغا قان ئاققۇزۇپ يىغلاۋاتقان بىر قېرى لېپچەكلىك ئايالنىڭ ئاھۇ - زارىنى ئاڭلاپتۇ. ئاندىن كېيىن ئاكا - ئۇكا ئىماملار «ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ئانا ۋە بىر تۇققان يىگىت، ئەھۋالىڭلار نىچۈك؟ نىمىنىشقا مۇنداق كېچىدە يەر ھەيدەيسىلەر ۋە يىغلايسىلەر؟» دەپ سوراپتۇ. ئۇلۇغ - كىچىك تىنىغاندىنخا يىگىت «موللىلىرىم، بىزنىڭ يۇرتقا پەيدا بولغان ئەۋدەرھاغا يەم قىلىپ تاشلاش نۆۋىتى بۈگۈن ماڭا كەلگەن ئىكەن، ئوزرە ئېيتسام بولمىدى. ئانامنىڭ مەندىن باشقا ھېچكىمى يوق ئىدى. مۇبادا مەن يەم بولۇپ كەتسەم، بۇ يەر ئاق قېلىپ قالمىسۇن دەپ، ھەيدەپ بېرىۋاتىمەن. ئانام ماڭا چىدىماي يىغلاپ ئاھ-ۋايلا ئۇرۇۋاتىدۇ»، دەپتۇ.

ئىماملار بۇ خەۋەرنى ئاڭلايمىز دەپ، دەرسكە بىر ئاز كېچىكىپرەك بېرىپتۇ. ھەزرىتى موللام سەۋەبىنى سورىغاندا، ئىماملار يولدىكى ئاڭلىغان خەۋەرنى دەپتۇ. ھەزرىتى موللام خەۋەرنى ئاڭلاپ، دەرھال دەرسنى توختۇتۇپ، ئەۋدەرھانى يوقىتىش ھەققىدە مەسلىھەتلىشىپتۇ. شۇئاندا ھەزرىتى موللام ئۆزىنىڭ جېنىنى تىكىپتۇ. شاگىرتلار: «سىلە تىرىك - بىز تىرىك، سىلە بولمىسىلا بىزنى كىم ئوقۇتىدۇ، ھەممىمىز تەڭ قۇربان بولۇپ ئەۋدەرھانى يوقىتىمىز» دېيىشىپ ماڭغان ئىكەن، «توختاڭلار» دەپ ئۇلاردىن ئىمامى ئەكبەرگە ئىجازەت قىپتۇ. ئۇنىڭ ئوڭ ۋە سول بېقىنىغا ئىككى دانە قىلىچنى قىستۇرۇش بىلەن مۇستەھكەم «قانات» نۇسخىسىدا باغلاپتۇ. قالغان تالىپلارنىڭ ھەممىسىگە «كوك ئىنەك سۈتى» يىغىپ كېلىڭلار! دەپ بۇيرۇپتۇ. تالىپلار يىققان كوك ئىنەك سۈتىنى ئەككىلىشىپ، كاتتا بىر تەڭلىگە قۇيۇشۇپتۇ. لېكىن «قارىۋاش» دېيىلگەن يۇرتتىن كەلگەن تالىپ كوك ئىنەك سۈتىنى تاپالماي ئالا ئىنەك سۈتىنى ئەكىلىپ تەڭلىگە قۇيۇپ سادا قەتسىزلىك قىپتۇ.

ئەۋدەرھا ئۆۋىسىدىن غەزەپ بىلەن چىقىپ، ئوي تەرەپتىكى يۇرتقا قاراپ ھەملە قىلىپ غا قىراپ، تۈگۈلۈپ ئالغا ئىنتىلىپ «مارجان بۇلاق» قېشىغا كەلگەن ئىكەن، دەرسخانا ئالدىدا ھەممىدىن ۋە ھەزرىتى موللامدىن «تەڭرى يار بولسۇن» دەپ دۇئا ئالغان ئىمام ئەكبەر ئەۋدەرھا دېگەن مەخلۇقنىڭ ئالدىغا بېرىپ، ئۇنىڭ بىلەن رو - بۇرو بولاپتۇ، تۈرۈلۈپ «ھۇم...» دەپ ئىمام ئەكبەرنى ئەۋدەرھا دەم تارتقان ئىكەن، «ئاللاھۇ ئەكبەر» دەپ ئۇنىڭ قارنىغا ئې-

تىلىپ كىرىپ كېتىپتۇ. ئىمام ئەكبەر ئەژدەرھانىڭ ئاغزىغا كىرىش بىلەن تەڭ ئۇنىڭ ئىككى بېقىنىغا باغلانغان، جۇپ قىلىچ - ئەژدەرھانىڭ جاۋغىيىدىن باشلاپ، ئارقا توشۇگىگىچە تەكمۇ تەڭ ئىككى پارچە قىلىپ تاشلاپتۇ. ئىمامى ئەكبەر ئەژدەرھانىڭ ئىچىدىن قىپ - قىزىل قانغا بويالغان هالدا چىقىپ يەرگە يىقىلىپتۇ . تالىپلار ئۇنى ئەژدەرھانىڭ ئاغزىدىن پۇرقىۋاتقان ئۇتقا قارىماي كوتەرگەنچە تەگلىدىكى سۇتكە سېلىپ يۇيۇپتۇ. ئەمما ئىمام ئەكبەر يېشىلىپ كېتەلمەي، ئەژدەرھا ئىچىدە زەهەرلىنىپ كەتكەچ ۋە يۇيىدىغان سۇتىگە ئالا ئىنەك سۇتى ئارىلىشىپ قالغاچ، ئۇچ كۇندىن كېيىن ۋاپات بولۇپتۇ. هەزرىتى موللام ئىستىدا تىلىق ۋارىسىم بولۇپ قالىدۇ، دەپ قارىغان شاگىرىت ئىمام ئەكبەر ئۇچۇن قان يىغلاپتۇ. بۇنى كورگەن پۇتۇن ئەل-يۇرت، جۇۋا - تەلپەكلىرىنى تەتۇر كىيىپ، كوك تاياقتىن هاسىلار تۇتۇپ، يەتتە كېچە - كۇندۇز هازا تۇتۇپ يىغلىشىپتۇ.

توۋەندە ئېقىۋاتقان «قارا جىلغا» سۈيى بىلەن «قىزىل جىلغا سۈيى»مەۋج ئۇرۇپ، ئومرەن قوشۇلمايدىغان بۇ ئېقىن سۇلىرىمۇ قوشۇلۇپ، تەكمۇ - تەڭ تولغۇنۇپ قىرغاقلارغا ئوزىنى ئۇرۇپ، ئىمام ئەكبەرگە ماتەم تۇتۇشۇپتۇ.

بۇ هالنىكورگەن هەزرىتى موللام ئىمام ئەكبەرنى دەپنى قىلغان زاراتكارلىقتا: "بۇنىڭدىن باشلاپ ئىمام ئەكبەر ئىسمىنى "ئىمام ئەژدەر" دەپ ئاتاڭلار! چۇنكى، بۇ زات يۇرتىنى، ئەلنى ئەدەرهادىن قۇتۇلدۇردى ئەمەسمۇ؟" دەپ تەۋسىيە قىپتۇ. خالايىقمۇ شۇنىدىن باشلاپ "ئىمامى ئەژدەر" دەپ ئاتاپ دۇئا قىلىدىغان بوپتۇ.

يەنە بىر رىۋايەتتە ئەژدەرهانى پارچىلاپ تاشلىغان كىشى ئىمامى ئەكبەر ئەمەس، هەزرىتى موللام ئوزى دىگەن رىۋايەتنىمۇ ئاڭلىغان ئىدىم" دەپ هەززى ئاكام ئۇلار هەققىدە سوزلەپ بەردى.



# تۇڭا ئالپ ئەر

ئىمىن تۇرسۇن

تۇركى تىلدا سوزلەشكۇچى خەلقلەرنىڭ، جۇملىدىن ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئوتمۇشىگە تەئەللۇق تارىخىي پاكىتلار ۋە رىۋايەتلەر كوپ. شۇنىڭدەك، بىرمۇنچە مىللى ۋە ئەپسانىۋى ياكى تارىخىي شەخسلەر توغرىسىدا شۇكەمگىچە ساقلىنىپ كەلگەن يازما مەلۇماتلارمۇ ئاز ئەمەس. تۇركى تىلدا سوزلەشكۇچى خەلقلەرنىڭ ۋەقەلەرگە باي تارىخىنى يورۇتۇپ بېرىدىغان ئەدىبى مىراسلار ئىچىدە، قەھرىمان شەخسلەر توغرىسىدىكى تۇرلۇك مەرسىيىلەر، مەدھىيىلەر ۋە داستانلارمۇ كوزگە چېلىقىدۇ. كوپ داستان ۋە مەرسىيەلەرگە باش قەھرىمان بولغان شەخسلەردىن بىرى ”تۇڭا ئالپ ئەر» دۇر.

”تۇرلار» (تۇران») نىڭ ”تۇڭا ئالپ ئەر» دەپ ئاتالغان بۇ قەھرىمانىنى ”ئىرلار» (”ئىران») ”ئەفراسياب» دەپ ئاتىغان. تۇرانلار بىلەن ئىرانلار ئوتتۇرىسىدىكى ئۇزاق ئوتمۇشكە دائىر مۇناسىۋەتلەر ھەم ۋەقەلەرگە باغلىنىشلىق بولغان بۇ شەخس توغرىسىدا، تارىختا ئوتكەن مەشھۇر ئەدىپلەر، تارىخچىلار، ساياھەتچىلەر بىرمۇنچە مەلۇماتلارنى يېزىپ قالدۇرغان:

ئۇلۇغ ۋەتەنپەرۋەر ھەم مەرىپەتپەرۋەر بىلگۇچىمىز مەھمۇت قەشقىرى ئوزىنىڭ باھاسىز گوھەر ئەسىرىدە، ”تۇڭا ئالپ ئەر» توغرىسىدا يېزىلغان مەرسىيىلەردىن پارچىلارنى بىر قانچە جايدا قەيت قىلغان ۋە بىر مۇنچە مەلۇماتلارنى بەرگەن.

پەيلاسوپ شائىرىمىز يۇسۇپ خاس ھاجىپ ئوزىنىڭ يىگانە داستانى «قۇتادقۇ بىلىك» تە ”تۇڭا ئالپ ئەر» توغرىسىدا ھېكمەتلىك ۋە پاساھەتلىك مىسرالارنى يازغان.

مەشھۇر ئىران شائىرى ئەبۇلقاسىم فىردەۋسى ئوزىنىڭ شاھ ئەسىرى «شاھنامە»گە ئەفراسياپ (تۇڭا ئالپ ئەر) بىلەن بولغان ۋەقەلەرنى تېما قىلغان.

ئوتتۇرا ئەسىرلەردە ئوتكەن ئىران ۋە ئەرەپ تارىخچى - تەزكىرىچىلىرى (مەسىلەن: بىرۇنى، بەلئەمى، تەبەرى، يەقۇبى ۋە باشقىلار) ئوز ئەسەرلىرىدە ئەفراسياپقا دائىر رىۋايەت خاراكتېرىدىكى مەلۇماتلارنى يازغان.

ئەنە شۇ قەيتلەر ۋە مەلۇماتلاردىن بەزى مىساللارنى كەلتۇرىمىز.

## 1 مەھمۇت قەشقەرى «تۈركى تىللار دىۋانى» دا

### 1. تۇڭا ئالپ ئەر توغرىسىدىكى مەرسىيەدىن پارچىلار

### ئەسلى تېكست

1. ئالىپ ئەر تۇڭا ئۆلدىمۇ،
ئەسىز ئاژۇن قالدىمۇ،
ئۆزلەك ئۆچىن ئالدىمۇ،
ئەمدى يۈرەك يىرتىلۇر.
(«دىۋان» I توم، فاكسىمىل 33-بەت)

2. بەگلەر ئاتىن ئارغۇرۇپ،
قازغۇ ئانى تۇرغۇزۇپ،
مەڭزى يۈزى سارغارىپ،
كوركۇم ئاڭار تۇرتۇلۇر.
(«دىۋان» I توم، فاكسىمىل 244-بەت)

3. ئۇلىشىپ ئەرەن بورلەيۇ،
يىرتىپ ياقا ئۇرلايۇ،
سىقرىپ ئۈنى يۇنلايۇ،
سىغتاپ كوزى ئورتۇلۇر.
(«دىۋان» I توم، فاكسىمىل 104-بەت)

4. ئۆزلەك ياراغ كوزەتتى،
ئوغرى تۇزاق ئۇزاتتى،
بەگلەر بەگىن ئازىتتى،
قاچسا قالى قۇرتۇلۇر.
(«دىۋان» II توم، فاكسىمىل 383-بەت)

5. ئۆزلەك كۈنى تاۋراتۇر،
يالڭۇق كۈچىن كەۋرەتۇر،
ئەردىن ئاژۇن سەۋرەتۇر،
قاچسا تاقى ئارتىلۇر.
(«دىۋان» II تۇم، فاكسىمىل 431-بەت)

6. ئۆزلەك قامۇغ كۈفرەدى،
ئەردەم ئارىغ سەۋرەدى،
يۇنچىغ ياۋۇز تەۋرەدى،
ئەردەم بەگى چەرتىلۇر.
(«دىۋان» I توم، فاكسىمىل 64- بەت)

7. ئۆزلەك ئارىغ كۈفرەدى،
يۇنچىغ ياۋۇز تەۋرەدى،
ئەردەم يەمە سەۋرەدى،
ئاژۇن بەگى چەرتىلۇر.
(«دىۋان» III توم، فاكسىمىل 462-بەت)

8. كوڭلۇم ئىچىن ئورتەدى،
پىتمىش باشىغ قارتادى،
كەچمىش ئۇدۇك ئىرتەدى،
تۈن كۈن كەچۈپ ئىرتەلۇر.
(«دىۋان» I تۇم، فاكسىمىل 128-بەت)

9. ئۈگرە يۈكى مۇنداغ ئوق،
مۇندا ئازىن تىلداغ ئوق،
ئاتسا ئاژۇن ئوغراپ ئوق،
تاغلار باشى كەرتىلۇر.
(«دىۋان» I توم، فاكسىمىل 90-بەت)

### مەنىسى

(ئىلاۋە: تۇڭا ئالپ ئەر توغرىسىدا نامەلۇم شائىر تەرىپىدىن يېزىلغان مەرسىيە پارچىلىرىنىڭ هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى ئۇدۇل مەنىلىرى تىرناق ئىچىگە

لەزمە شەكلىدە بېرىلدى؛ ئەسىرى بايانلار بولسا، مەھمۇت قەشقىرىنىڭ شۇ كۆپلىتقا ئەرەپچە بەرگەن چۈشۈندۈگىنىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمىسىدۇر.)

1. (باتۇر ئەر تۇڭا ئۆلدىمۇ،
ۋاپاسىز دۇنيا قالدىمۇ،
پەلەك ئۆچىنى ئالدىمۇ،
ئەمدى يۈرەك يىرتىلۇر.)

خاقان ئەفراسىياپ ئۆلدىمۇ؟ بىۋاپا دۇنيا ئۇنىڭدىن قۇتۇلدىمۇ؟ پەلەك ئۇنىڭدىن ئۆچىنى ئالدىمۇ؟ ئەمدى، ئۇنىڭ ئۈچۈن زامانغا نەپرەتلىنىپ، يۈرەكلەر پارە-پارە بولماقتا.

2. (بەگلەر ئېتىنى ھارغۇزۇپ،
قايغۇ ئۇنى تۇرغۇزۇپ،
مەڭزى - يۈزى سارغىرىپ،
زەپەر ئاڭا سۈرتىلۇر.)

ئەفراسىياپنىڭ ئۆلۈمگە ئېچىنىپ دەيدۇ: بەگلەر ئاتلىرىنى ھارغۇزۇپ، چېپىپ كېلىشتى؛ ئۇلارنى قايغۇ بېسىۋالدى، ئۇلارنىڭ يۈزلىرى زەپىرەڭدەك سارغايدى.

3. (ئەرلەر بۆرىدەك ھۇلىشىپ،
يىرتىپ ياقا ئاھ ئۇرۇشۇپ،
چىقىراپ ئۈنى داتلىشىپ،
ئۆكسۈپ كۆزى ئورتىلۇر. )

ئادەملەر ئەفراسىياپنىڭ ئۆلىمگە ئېچىنىپ، بۆرىلەردەك ھۇلاشتى، ئاھ ئۇرۇپ ياقىلىرىنى يىرتىشتى؛ بەزىدە مۆڭلۈق نەغمىدەك ئۈن سېلىپ پەريات چېكىشتى؛ كۆپ يىغلاپ، كۆزلىرى كورمەس بولۇپ قالدى.

4. ( زامان پۇرسەت كۈزەتتى،
ئوغرى تۇزاق ئۇزاتتى،
بەگلەر بېگىنى ئازدۇردى،
قاچسا قانداق قۇتۇلۇر؟)

زامان پۇرسەت كۈزىتىپ تۇرغان ۋە يەر ئاستىغا ئوغۇرلۇقچە تۇزاق قۇرۇپ قويغان ئىدى، بەگلەر بېگىنى ئازدۇردى، ئۇ قاچسىمۇ ئۇنىڭدىن قۇتۇلالامتى؟ بۇ يەردە بەگلەر بېگى دىگەن سۆز ئەفراسىياپنى كۆرسىتىدۇ.

5. ( زامان كۆنى توسالدۇرۇر،
ئىنسان كۈچىنى ئاجىزلىتۇر،
كىشىدىن دۇنيانى بوشىتۇر،
قاچسا تېخى ئارتىلۇر. )

زامان كۆنلىرى ئىنساننىڭ كۈچىنى خورۇتۇش ئۈچۈن قەستلەيدۇ؛ بۇ يەردە ئەفراسياپ ۋە ئۇنىڭ ئادەملىرى كۆزدە تۇتىلىدۇ. ئۆلۈمدىن قاچقان كىشى ئۆلۈمگە تۇتىلىدۇ.

6. ( زامان ھەممە ئاينىدى،
ئەردەم ئېرىغ كېمەيدى،
يامان - ياۋۇز تەۋرىدى،
ئەردەم بېگى يوقلىپ.)

زامان زەئىپلەندى، ئەردەم - پەزىلەت ئازايدى، بۇزۇق - يامان ئادەملەر تەۋرەپ باش كوتەردى، پەزىلەت بېگى يەنى خاقان ئەفراسياپ ئۆلگەنلىگى ئۈچۈن شۇنداق بولدى.

7. ( زامان ئېرىغ ئاينىدى،
يامان - ياۋۇز تەۋرىدى،
ئەردەم يەنە كېمەيدى،
دۇنيا بېگى يوقلىپ.)

زامان پۇتۇنلەي زەئىپلەشتى، بۇلۇڭ ـ پۇچماقتا قالغان يامانلار كۇچەيدى، ياخشى خىسلەتلەر ئازىيىپ كەتتى. چۇنكى، دۇنيانىڭ ئەمىرى، يەنى ئەفراسياپ ئۆلگەنلىگى ئۇچۇن شۇنداق بولدى.

8. ( كوڭلۇم ئىچىنى ئورتىدى،
پۇتكەن يارىنى تاتىلىدى،
كەچكەن ئۇ دوكنى ئەسلەتتى،
تۇن ـ كۇن كېچىپ ئىزدىنۇر.)

كىشىگە مەرسىيە بىلدۇرۇپ، شۇنداق دەيدۇ: ئۇنىڭ مۇسىبىتى يۇرەك ـ باغرىمنى كويدۇرۇۋەتتى؛ ساقىيىپ ـ پۇتۇپ بولغان يارامنى تاتىلاپ ئېچىۋەتتى؛ ئوتكەن ئىشلارنى ـ ئىشىق ـ سېغىنىشنى ئەسلەتتى. زامان ئوتكەنسېرى كوڭۇل ئۇلى ئىزدەيدۇ.

9. ( شۇنداق زامان ئادىتى،
باشقا سەۋەپ بار تېخى،
ئېتىلسا دۇنيا ئوقى،
تاغلار بېشى يەنچىلۇر.)

زاماننىڭ ئادىتى شۇنداق، بۇنىڭدىن باشقا بىر مۇنچە قورقۇنۇچلۇق سەۋەپلەرمۇ بار. زامان تاغ بېشىنى چەنلەپ ئوق ئاتسا، تاغنىڭ بېشىمۇ پارە ـ پارە بولۇپ كېتىدۇ.

## 2. تۇڭا ئالپ ئەرگە دائىر مەلۇماتلار

„ تۇڭا ـ قاپلان ( بەبر )، پىلنى ئولتۇرەلەيدۇ. بۇ نام هازىرغىچە تۇركلەردە شۇ مەنىدە قوللىنىلماقتا. مەسىلەن: توڭا ـ خان، توڭا تىگىن دىگەندەك. تۇركلەرنىڭ ئۇلۇغ پادىشاسى ئەفراسياپمۇ تۇڭا ئالپ ئەر دەپ ئاتالغان ئىدى. بۇنىڭ مەنىسى قاپلاندەك باتۇر ئەر ـ ئەزىمەت دىگەنلىك بولىدۇ."
( « دىۋان » I توم، فاكسىمىل 605 ـ بەت)

„ خان ـ تۇركلەرنىڭ ئۇلۇغ پادىشاسى، ئەفراسياپ ئەۋلادىدىن بولغان ئوغۇللارمۇ شۇ نام بىلەن ئاتىلىدۇ. خاقان ـ ئەفراسياپتۇر. بۇنى بۇنداق ئاتاشتا ئۇزۇن بىر قىسسە بار. "
( « دىۋان » III توم، فاكسىمىل 513 ـ بەت)

„قاتۇن ـ خاتۇن، خانىكە. ئەفراسياپنىڭ قىزلىرىغا خاس نام. "
( « دىۋان » I توم، فاكسىمىل 206 ـ بەت)

„ تېگىن ـ بۇ سوزنىڭ ئەسلى مەنىسى قۇل دېمەكتۇر...... بۇ سوزنىڭ ئەفراسياپ ئوغۇللىرىغا قانداق كوچكەنلىگىگە كەلسەك، ئۇلار ئوز ئاتىسىنى كوپ هورمەتلەپ، ناهايىتى چوڭ كورىدىكەن ۋە شۇنىڭ ئۇچۇن بىرەر ئىشتا ئاتىسىغا مۇراجەت قىلسا ياكى خەت يازسا، ئوزلىرىنى تۆۋەن تۇتۇپ، ' قۇلىڭىز پالانى مۇنداق قىلدى"، "قۇلىڭىز پوكۇنى مۇنداق" قىلدى ' دەيدىكەن. كېيىنچە بۇ سوز ئۇلارغا ئات بولۇپ قالغان. باشقا ئوغۇللاردىن ئۇلارنى پەرقلەندۇرۇش ئۇچۇن، بۇ سوزنىڭ يېنىغا يەنە بىر سوز قوشۇپ ئىشلىتىدىغان بولدى. "
( « دىۋان » I توم، فاكسىمىل 209 ـ بەت )

„ تارىم ـ تېگىنلەرگە ( شاهزادىلەرگە )، ئەفراسياپ ئەۋلادىدىن بولغان خېنىملارغا، شۇنىڭدەك ئۇلۇغ ـ ئۇششاق بالىلىرىغا خاس سوز. خاقان ئەۋلاتلىرىدىن باشقىلار هەر قانچە يۇقۇرى مەرتىۋىلىك بولسىمۇ، بۇ

سوز ئۇلارغا ئىشلىتىلمەيدۇ. خان ئەۋلادـ
دىن بولغان ئاغىچاـ خېنىملارغا ئۇنـۋان
ئورنىدا ئالتۇن تارىم دىگەن سوز ئىشلىـ
تىلىدۇ. »
(« دىۋان » I توم، فاكسىمىل 199 ـ بەت)
«بارسغان ــ ئەفراسياپ ئوغلىنىڭ ئىسـ
مى، بارسغان شەھرىنى شۇ سالدۇرغان. مەھـ
مۇتنىڭ ئاتىسى ئەنە شۇ شەھەردىن. بەزىـ
لەر مۇنداق دەيدۇ: ئۇيغۇر خاقانىنىڭ بىـر
يىلقا باشقۇرغۇچىسى بولغان، بۇ يەرنـىـڭ
هاۋاسى ياخشى بولغىنى ئۇچـۇن، ئـۇ شـۇ
يەردە يىلقا باققان؛ كېيىن بۇ يەر شۇنىـڭ
ئىسمى بىلەن بارسغان دەپ ئاتالغان. »
(« دىۋان » III توم، فاكسىمىل 625 ـ بەت)
«بارمان ــ ئەفراسياپنىڭ ئوغلى سالدۇرـ
غان شەھەر. بۇ شەھەر شۇنىڭ نامى بىلـەن
بارمان دەپ ئاتالغان. »
(« دىۋان » III توم، فاكسىمىل 605 ـ بەت)
«بارچۇق ــ ئەفراسياپ قۇرغان بىر شـەـ
هەر. ئۇ يەردە بۇختۇ نەسسارنىڭ ئـوغلـى
بەتزەن قامالغان. »
(« دىۋان » I توم، فاكسىمىل 234 ـ بەت)
( ئىلاۋە: بارچۇق ــ هازىرقـى قـەشـ
قەر ۋىلايىتىگە قاراشلىق مارالۋېشىـ
نىڭ نامى. بۇختۇ نەسسار ــ ئېهتىمال
قەدىمقى بابىل هوكۇمدارى نابـۇقـد
نەزار بولسا كېرەك.ــ ئى. ت. )
« كەند ــ كەنت، شەهەر. شۇنىڭدىن ئـېـ
لىنىپ، قەشقەر ئوردۇ كەند دىيىلـىدۇ، بـۇ
خان تۇرىدىغان شەهەر، مەركەز دىگەن بولىـ
دۇ. چۇنكى، بۇ شەهەرنىڭ هاۋاسى يـاخشـى
بولغانلىقتىن، ئەفراسياپ شۇ يەردە تۇرغان.»
(« دىۋان » I توم، فاكسىمىل 173 ـ بەت)
« قاز ــ ئەفراسياپنىڭ قىزىنىڭ ئىسمى.
قازۋىن شەهرىنى شۇ قىز قۇرغان. بۇ سوز-
نىڭ ئەسلى "قازئويىنى ـ غازئويـۇنـى " دۇر.
چۇنكى، ئەفراسياپنىڭ قىزى ( قاز ) شۇيەرـ
دە ئوينايتتى. تۇركلەردىن بەزىـلەر تـۇرك
يۇرتلىرىنىڭ چېتىنى قازۋىندىن هساپلايـ
دۇ. شۇنىڭدەك قۇم شەهرىمۇ چېگرا هىسـاپـ
لىنىدۇ. چۇنكى، قۇم سوزى تۇركچىدۇر. ئافـ
راسياپنىڭ قىزى شۇ يەردە ئوۋ قىلىپ ئويـ
نايدىكەن. بەزىلەر تۇرك چېگرىسىنى " مروـ
الشاهجان ــ مەرۋ ـ ەش شاهجان » دىـن
باشلىنىدۇ، دەيدۇ. چۇنكى، قازنىڭ ئاتىسى
توڭا ئالىپ ئەر ــ ئەفراسياپتـۇر، " مرو ــ
مەرۋ»شەهرىنى شۇ زات قۇرغان. ئەفراسياپ
بۇ شەهەرنى تەهمۇرەس تەرىپىدىن شەهەرنىڭ
ئىچكى قورغىنى ياسىلىپ ئۈچ يۈز يىلـ
دىن كېيىن بىنا قىلدۇرغان. بەزىلەر ماۋرائۇنـ
نەهرنىڭ هەممە تەرىپىنى تۇرك يۇرتى هىـ
ساپلايدۇ. بۇ "يىنكند ــ يەنكەند» تىن باشلىنىدۇ.
يەنكەندنىڭ يەنە بىر نامى "دېز روين"دۇر،
بۇ "مىس قورغان» دىگەنلىكتۇر، شـەهەر نا ـ
هايىتى پۇختا بولغىنى ئۇچۇن شـۇنداق ئاـ
تىغان. بۇ جاي بۇخاراغا يېقىن . ئەفراسياـ
پىنىڭ قىزى قازنىڭ ئېرى "سياۇش ــسياـ
ۋۇش» شۇ يەردە ئـولتـۇرۇلگەن. مەجۇسىلەر
هەر يىلى بىر كۇنى شۇ يەرگە كېلىپ،سياـ
ۋۇش ئولگەن جاينىڭ چورىسىدە يىغلايدۇ،
قۇربانلىق قىلىدۇ، قۇربانلىق قىـلغان مال
قانلىرىنى ئۇنىڭ مازىرىغا چاچىدۇ. ئۇلارـ
نىڭ ئادىتى شۇنداق. بۇنىڭدىن شـۇ مەلۇم
بولدىكى، پۇتۇن ماۋرائـۇننەهردىن ، يەنـ
كەندىن شەرققە سوزۇلغان جايلار تۇرك يۇرتـ
لىرىدۇر . "سمرقند ــ سەمەر قەند» نى"سمزـ
كند ــ سەمىزكەند» دەيـدۇ، "شاش» شـەهرى
"تشكند ــ تاشكەند» دىيىلگەندەك، "اوزكند ــ
ئوزكەند»، "تىنكند ــ تۇنكەند » دىگەن نامـ
لارمۇ بار. بۇ شەهەرلەرنىڭ هەممىسى تۇرك ـ

چە "شەھەر" مەنىسىدىكى "كەنت" سۆزى بى-
لەن ئاتالغان. بۇ شەھەرلەرنى تۈركلەر قۇر-
غاچقا، تۈركچە نام قويغان. بۇ جايلارنىڭ
ناملىرى ھازىرغىچە شۇنداق ئاتىلىپ كەل-
مەكتە. بۇ جايلاردا فارسلار ئاۋۇپ كەتكەن-
دىن كېيىن، ئۇلار ئەجەم شەھەرلىرىدەك بو-
لۇپ قالغان. ھازىر تۈرك يۇرتلىرىنىڭ
چېگرىسى "ابسكون ـ ئابسكون (خەزەر)"
دېڭىزى بىلەن تۇتۇشۇپ، رۇم دىيارىدىن ۋە
"اوزجەند ـ ئۆزجەند" دىن چىنغا قەدەر
سوزۇلغان."
(«دىۋان»توم، III فاكسىمىل 509 ـبەت)
["فارسلار... قورغان مەنىسىدە ئىشلىتى-
ۋاتقان "دز ـ دېز" سۆزىنى تۈركلەردىن قو-
بۇل قىلغان. تۈركى تىلدا "تىزيەر"نىڭ مە-
نىسى "ئېگىز يەر دېگەنلىك بولىدۇ."
(«دىۋان» II توم، فاكسىمىل 435ـبەت)]
"قاز سۈۋى ـ قاز سۇيى. "ايلا ـ ئىلى"
ۋادىسىدە ئاقىدىغان چوڭ سۇ. بۇ نامنىڭ
قويۇلۇش سەۋەبى مۇنداق: ئەفراسياپنىڭ
قىزى (قاز) شۇ سۇنىڭ قىرغىقىغا بىر شە-
ھەر قۇرغان ۋە بۇ نام شۇنىڭدىن قالغان."
(«دىۋان» III توم ، فاكسىمىل 509 ـ بەت)
(ئىلاۋە: ئىلى ۋادىسىدە ھازىر قاش دەپ
ئاتالغان دەريا ئەنە شۇ "قاز سۇيى" بولسا
كېرەك. قاز ـ قاس ـ قاش ، ـ ئى. ت)

## II يۇسۇپ خاس ھاجىپ «قۇتاتقۇبىلىك» تە

### ئەسلى تېكىست

### IX ئەدگۈلۈك قىلماق ئۇگدىسىن ئاسىغلارىن ئايۇر

276. كورۇ بارسا ئەمدى بۇتۈركبەگلەرى،
ئاجۇن بەگلەرىندە بۇلار يىگلەرى.

277. بۇ تۈركبەگلەرىندەئاتىبەلگۈلۈگ،
تۇڭا ئالپئەرئەردى قۇتىبەلگۈلۈگ.

278. بەدۈك بىلگى بىرلە ئۇكۇش ئەردەمى،
بىلىگلىگ ئۇقۇشلۇغ بۇدۇن كودرۇمى.

279. نەئۇدرۇم،نەكودرۇم، نەئەرسىگئەرەن،
ئاجۇندا تەتىگ ئەرىدى بۇجىھان .

280. تاجىكلار ئايۇر ئانى ئەفراسياپ،
بۇ ئەفراسياپ تۇتتى ئىللەر تالاپ.

281. ئىدى ئارتۇق ئەردەم كەرەك ئۇگ بىلىگ،
ئاجۇن تۇتغۇقا ئوترۇ سۇنسا ئەلىگ.

282. تاجىكلار پىتىگدە پىتمىش مۇنى،
پىتىگدە يوق ئەرسە كىمئۇقغاي ئانى.

### LXXV كونىلىككەكونىلىك،كىشىلىككە كىشىلىك قىلماقىن ئايۇر

5861. نەگۈتىر ئەشتىگىل تۇڭائالپ ئەرىگ،
بىلىپ سوزلەمىش كورۇئۇتسەۋئەرىگ.

5862. ئەتئۇلبۇكىشى كوڭلى ئارتۇر يىدىر،
ئانى كەد كۇدەزگۇ ئاي قىلقى قادىر.

5863. نەگە كەد ئەر ئەرسە يوگاغ تىڭلاماز،
ئۆزۆنى ئارا كىرسە سەرنۆ ئۇماز.

5864. نەچە كەد بەگ ئەرسە ئۆقۇشلۇغ ئودۇغ،
يوگاغچى ياقىن بولسا تەگرۆر يودۇغ.

5865. كوگۆل بەگ تۆرۆر بۇ ئەت ئۆز قۇل ئەسىر،
ئارا سوزكە تۆملىر ئارالانىسىر.

5856. كىشى تابى تورت ئول قارشىما ياغى،
بىرى كۆلدۆرۆر بىر قىلۇر ئۆن چوغى.

5867. بىرى ئىۋسە بىرى ئامۇللۇق تىلەر،
بىرى كۆلسە بىرى سىغىلقا ئۇلار.

5868. سەۋىنچلىغ تىدۇكتەسا قىنىچ كەلدۆرۆر،
ساقىنچلىغ تىسە بۇ سەۋىنچ كۆلدۆرۆر.

مەنىسى

276. سېلىنسا كوز، ئەمدى، بۇ تۈرك بەگلىرى—
جاھان بەگلىرىدىن شۇ، ئېسىللىرى.

277. بۇ تۈرك بەگلىرىدىن ئېتى بەلگۈلۈك،
توڭا ئالپ ئەر ئىدى بەختى بەلگۈلۈك.

278. پەزىلىتى كوپ ھەمچوك ئىكەن ئەقلى،
بىلىملىك- ئۇقۇشلۇق، خەلق سەرخىلى.

279. ئۇ- ئەرلەرخىلى، زور، جەسۇر پەھلىۋان،
جاھاندا زىرەك ئەر ئىدى ھوكۇمران.

280. تاجىكلار ئۇنى دەيدۇ ئەفراسىياپ،
بۇ ئەفراسىياپ تۇتتى ئەللەر تالاپ.

281. ئىدى نۇرغۇن ئەخلاق، كېرەك كوپ بىلىك،
جاھان تۇتماق ئۇچۇن سۇنسا ئىلىك.

282. تاجىكلار كىتاپتا پۈتۈپتۇ مۇنى،
كىتاپتا يوق بولسا كىم ئۇققاي ئۇنى.

[ئىلاۋە: بۇيەردە ئېيتىلغان تاجىكلار فارسلادۇر. تاجىكلار توڭا ئالپ ئەرنى ئەفراسىياپ دەپ ئاتاپ، ئۇنىڭ پائالىيەتلىرىنى ئوز رىۋايەتلىرىدە، تەزكىرە - قىسسىلىرىدە يېزىپ قالدۇرغان. ئىران پادىشالىرىنى ئۇلۇغلاپ، تۈركى خەلقلەردىن چىققان شەخسلەرنى خۇنۇكلاشتۇرۇپ يازىدىغان ئەدىپلەر، سالنامىچىلار ئەفراسىياپنى " ئۇرۇش سىمۋۇلى" قىلىپ تەسۋىرلەپ، "ئەفراسىياپ ئەللەرنى تالاپ ھوكۇمرانلىق قىلغان" دەپ يېزىشقان. ئەمما، مۇتەپەككۇر شائىرىمىز يۇسۇپ خاس ھاجىپ بولسا، توڭا ئالپ ئەرنى " ئەرلەرنىڭ خىللانغىنى، جەسۇر، پەھلىۋان، دۇنيادا ئەڭ ھوشيار " " ناھايىتى ئەخلاقلىق، نۇرغۇن بىلىملىك " زات دەپ يازغان ۋە ئۇنىڭ ئاغزىدىن راسچىللىق ۋە ئادىمگەرچىلىك توغرىسىدا ناھايىتى ھېكمەتلىك سوزلەرنى بەرگەن.]

## LXXV راسچىللىقتا راسچىللىق، ئادىمگەرچىلىككە ئادىمگەرچىلىك قىلىش توغرىسىدا

5861. نىمە دەپتۇ ئاڭلا ئالىپ ئەر توڭا،
بىلىپ سوزلەپتۇ. كور، نەسىھەتمانا:

5862. كىشى كوڭلى گوش - ئۇنى پۇراق بۇزور،
ئۇنى بەك ئاۋايلا، ھەي، خۇلقى جەسۇر.

5863. چىلك ئەر بولسىمۇ ھېچ چېقىم تىڭلىماس،
گەپتا پچى ئاراكىرسە، سەۋرى قالماس.

5864 ھەرقانچە بەگ بولسىمۇ زىرەك، سەزگۈر،
چېقىمچى يېقىن بولسا مالال يەتكۈزۈر.

5865. كوڭۈل بەگدۇر، بۇتەن- جان- قۇل ئەسىر،
بەزى سوزگە توڭلار، بەزىدە ئىسسۇر.

5866. كىشى تەبئى توت - مۇئەببەت دۈشمەن،
بىرى كۆلدۈرۈر، بىرى قىلۇر ئۇن-سورەن.

5867. بىرى ئويسە، بىرى ئارامىلىق تىلەر،
بىرى كۈلسە،بىرى يىغىغا تۇرار.

5868. سۆيۈنچىلىك دىگەندە تەشۋىش كەلتۈرۈر،
تەشۋىش كەلدى دىسە،سۆيۈنچ كۈلدۈرۈر.

....................................

## I ئوبۇلقاسىم فىردەۋسى « شاھنامە » دە

خۇراسان ۋىلايىتىنىڭ تۇس شەھىرى يېنىدىكى باج يېزىسىدا كەمبەغەللەشكەن دېخان ئائىلىسىدە تۇغۇلغان ئوبۇلقاسىم فىردەۋسى ( مىلادى 934 - 1025) ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ئىران خەلقلىرى ئارىسىدا تارقالغان ئېپوسلارنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، ئۇلارنىڭ 4 مىڭ يىللىق ئەپسانىۋى ۋە ھەقىقى تارىخىنى مۇجەسسەملەشتۈرگەن ئېپىك ئەسەر-« شاھنامە »نى ياراتقان. ئۇلۇغ نېمىس شائىرى گيوتى : " فىردەۋسى ئىراننىڭ ئەپسانىۋى ۋە تارىخي ئوتمۇشىنى يېزىپ بولغاچقا، كېيىنكى ئەۋلاتلارغا ئومۇمى گەپ ۋە بەزى تەھلىللەردىن باشقا ھېچنەرسە قالمىغان» دەپ يۇقۇرى باھا بەرگەن. ئاساسەن كەيكاۋۇس بىلەن ئەفراسىياپ ئوتتۇرىسىدىكى مۇرەككەپ مۇناسىۋەتلەرنى مەزمۇن قىلغان «شاھنامە» نىڭ موھىم بىر قىسمى - « سىياۋۇش»داستانى تىنچلىق ۋە دوستلۇقنى تېما قىلغان قىسسىدۇر. ئۇنىڭدا، ئەفراسىياپ تەرەپكە ئۆتكەن ۋە كېيىن ئۇنىڭغا كۈيئوغول بولغان سىياۋۇش ( ئىران پادىشاسى كەي كاۋۇسنىڭ ئوغلى ) نىڭ ۋە ئەفراسىياپ ھەم ئۇنىڭ ۋەزىرى پىرراننىڭ تىنچلىقپەرۋەرلىكى تەسۋىرلىنىدۇ . شۇ قىسسىدىن پەقەت ئەفراسىياپ تەرىپلەنگەن مۇناسىۋەتلىك ماۋزۇ ۋە مىسرالارنىلا تونۇشتۇرىمىز.

### كاۋۇسنىڭ ئەفراسىياپ كەلگەنلىكىدىن خەۋەر تاپقىنى

ئەفراسىياپ كەلمىش،ئەسكىرى يۈزمىڭ،
تۈركلەردىن تاللانغان لەشكىرى يۈزمىڭ.

بۇ خەۋەردىن كاۋۇس دىلى بولدى تەڭ،
بەزمە تۈگەپ باشلىنالتتى ئەمدى جەڭ.

ئىراندا تىلەكداش كىم كەيانىگە،
بەرىنى توپلىدىشاھ مەجلىسىگە.

ئۇلارغا شاھ دىدى: "بۇ ئەفراسىياپ،
جىسمىدا يوقمۇدۇ سۇ، ئوت، توپا، ئاب.

يەزدان ئۇنى نىمىدىن ياراتقانىكىن،
يا باشقا ئۇرۇغدىن تاراتقانمىكىن......

### ئەفراسىياپنىڭ ئوز ئەرباپلىرى بىلەن كېڭەش قۇرغىنى

چورگەلگۈچى ئاسمان يېرىم ئايلانغاچ،
ئالەمگە نۇر چاچتى قايتىدىن قوياش.

ئەرباپلار كېلىشتى خاننىڭ قېشىغا،
يۇقتۇرماي چاڭ - توزاڭ ئۇستى-بېشىغا.

خان يىغدى مەجلىسكە دانىشمەنلەردىن،
سەزگۈر ھەم دانا - ئىش بىلەرمەنلەردىن.

ئۇلارغا دىدى: "بۇبوينۇمغا پەلەك،
قىلمىغانمۇ قىسمەت ئۇرۇشتىن بولەك.

مىنى قەستلەپكەلگۇچى نى-نى پەھلىۋان،
ئەلكىمدە بولغانتى يەربىلەن يەكسان......

جاھان خاقانى سالسا جەۋرى - جاپا،
ياخشىلىق تۇگەپ، بارچە بولۇر خاپا......

قىڭغىرلىق كۇچىيەر، قالماس توغرىلىق،
ھەر يەردەئەۋج ئالۇر يالغان، ئوغرىلىق.

جىنىمدىن تويدۇردى زورلۇق جەڭ-جىدەل،
ياخشىلىققا بۇرىدى تەگرى ئەزەل!

بۇگۇن جارى قىلاي سۇلھى ئادالەت،
قايغۇ تۇگەپ، راھەت تاپقاي كامالەت.

مەندىن تاپسۇن تىچلىق ئەمدى بۇ جاھان،
ئەجەل بازار قىزىتمىسۇن ھىچ قاچان.

ئۇچتىن ئىككى جاھان ئاياق ئاستىمدا،
ئىران، تۇران ساراي ماڭا دەستىمدە.

ھەر بوي بەرمەس باتۇرلار، بىشىدا تاج
تۇرۇغلۇق تولەيدۇ ماڭا نۇرغۇن باج.

سىلەر ماقۇل تاپساڭلار خوپ كىڭىشىپ،
ئىۋەتەي رۇستەمگە بۇگۇن خەت يىزىپ.

سىياۋۇش بىلەن سۇلھ ئىشگىنى ئاچاي،
سوغىلار ئىۋەتەي، ئالتۇنلار چاچاي.«...

گەرسىۋەزگە بۇيرۇق قىلدى شاھانە:
» ئىشنى يىغىپ بولغىن يولغا راۋانە......

دىگىل ئىرانغا ھىچ دەۋايىمىز يوق،
دىگىل سوزىمىز چىن، كوڭۇل بولسۇن توق.

بىزنىڭكى چىندىن تا جەيھۇن قىرغىغى،
بىزگە بەس سۇغدىلەر يىرى - تۇز تىغى...

ئىران بىلەن تۇران بىر ئىدى دايىم،
بىلمەي جىدەل ياشار ئىدى مۇلايىم......

كىچىرىپ، ئىستەيلى ئەزگۇ - ئامانلىق،
ئۇنتۇلسا ئۇرۇش، يوقالسا يامانلىق......

پىلتەنگە قىلىپ ياخشى سوز بۇ قىتىم،
رايىنى قايتۇر ئۇرۇش - ئاداۋەتتىن.

سوغىلارغا كومۇپ تاشلا ئوزىنى،
بەس، ئورىسۇن ئاداۋەتتىن يۇزىنى.

پەقەت تەختنى ئاڭا كورمىگىل راۋا،
چۇنكى شاھ نەسلىدىن ئەمەس ئەجدىھا»

ئەفراسياپىنىڭ ئىنىسى گەرسىۋەز بۇيرۇق بويىچە ئىران شاھزادىسى سىياۋۇشنىڭ يىنىغا باردۇ. سىياۋۇش بىلەن ئەفراسياپ پۇتۇم - توختام تۇزۇشىدۇ. رۇستەم بىلەن سىياۋۇشنى ئىشەندۇرۇش ئۇچۇن، ئەفراسياپ ئوز قوشۇنىنى ئۇرۇش سەپلىرىدىن چىكىندۇرىدۇ.

ئىۋەتتى سىياۋۇش كۇتكەندىن ئارتۇق،
بىرىپ قوللىرىغا سوغا ھەم تارتۇق.

كاناي دۇمباق ياڭرار بىرىدىن - بىرى،
ئورنىدىن قوزغالدى شاھنىڭ چىدىرى.

بۇخارا ۋە سوغد ھەم سەمەرقەند ۋە چاچ،
سەجاپ يەزلىرىنى بوشىتىپ قىيغاچ.

قوشۇننى كاڭ تامان سۇرەردى شىتاپ،
پەيمانىغا سادىق خان ئەفراسياپ.

سىياۋۇش ئاتىسى كەي كاۋۇس ھوزۇرىغا ئافراسياپ بىلەن سۇلھ قىلىشقانلىغىنى خەۋەر قىلىش ئۇچۇن رۇستەمنى ئىۋەتىدۇ. لىكىن كەي كاۋۇس كونەي، رۇستەمگە غەزەپ قىلىدۇ ۋە رۇستەمنى سىيىستانغا ئىۋەتىۋىتىدۇ؛ سىياۋۇشنى بەلخىتىن قايتىپ كىلىشكە پەرمان بىرىدىپ، ئورنىغا تۇسىنى ئىۋەتىدۇ ۋە » دەرھال جەڭ باشلاپ، ئەفرا-

سىياۋقا كېچەلەپ ھۇجۇم قىلىپ ، ئاسمان ـ زېمىن ۋە جەيھۇننى قىسىپ ـ قىزىل قانىغا بويا » دەپ بۇيرۇيدۇ . سىياۋۇش ئۆز سەركەردىلىرى بەھرام ۋە زەنگەگە مەسلىھەت سېلىپ ، ئەفراسىياپ بىلەن قىلىشقان ۋەدەسىگە خىلاپلىق قىلماسلىق قارارىغا كېلىدۇ ؛ قوشۇننى بەھرامغا تاپشۇرۇپ ، ئۆزى ئەڭ يېقىن كىشىلىرىنى ئېلىپ ، ئەفراسىياپ ئېۋەتكەن پىشقەدەم باتۇر پىران بىلەن ئەفراسىياپ تەرەپكە ئۆتىدۇ .

جەيھۇن تامان چۈشتى سىياۋۇش ئىزى،
قان يىغلار، كۆز ياشتىن كۆرۈنمەس يۈزى.

تەرمىزگە يەتكەندە كۆردى سېپىل، تام،
باھاردەك رەڭگا-رەڭ ياسانغان تامام.

ياسانغان چىرايلىق بۇ يەر تاكى چاچ،
دەيسەنكى، كىيىپتۇ كەلىن گويا تاج.

ھەر ئۆتەڭدە يېيىق، توكۇن داستىخان،
يىمەكلىك ـ ئىچمەكلىك بۇندا پاراۋان.

شۇ مەھەل يەتكەندە قوچقار بېشىغا:
« شۇ يەردە قونايلى » دەر يولدىشىغا...

قوچقار بېشىدا چۈشۈشتى ئاتتىن،
راھەت، ئارام ئېلىپ شىرىن سوھبەتتىن...

ئىككىسى ئولتۇرۇپ، يېيىشتى غىزا،
سىياۋۇش ئوغلىدەك، پىران نەق ئاتا.

يەنە شادۇ-خەندان بولۇشۇپ راۋان،
ھېچ يەردە توختىماي، ئېشىپ كوپ داۋان.

گەندىج تامان مىسلى شامال ئېلىشتى،
ئولكە مەركىزىگە كىرىپ كېلىشتى.

ئەفراسىياپ سىياۋۇشنى قىزغىن قارشى ئالىدۇ : كوچىغا پىيادە چىقىپ ، قوچاقلاپ كورۇشىدۇ ۋە ئوردىغا باشلايدۇ . ئاندىن ، سارايلىرىدىن بىرىنى تاللاپ ، گوھەر ـ ئالتۇن بىلەن بېزەپ ـ جابدۇيدۇ :

تورگە ئورناتتى ئالتۇن قاشلىق تەخت،
توت پۇتى بىر خىل ھوكۈز باشلىق تەخت؛

خىتايى شايە ئۇ ئۆچتىن بۇ ئۆچى،
چەللىدى ھەر ياقتىن تۇرلۇك چالغۇچى.

ئاندىن چىللاپ سىياۋۇشنى سارايغا،
بەخت تىلەپ چىقاردى موتىۋەر جايغا......

ئەفراسىياپ ھوزۇرىدا سىياۋۇش ئۆز ھۇنىرىنى ـ ماھارىتىنى كورسىتىدۇ . ئەفراسىياپ بىلەن سىياۋۇش ئوۋغا چىقىدۇ. سىياۋۇش پىراننىڭ قىزى جەرىرىگە ئويلىنىدۇ . ئاندىن سىياۋۇشقا ئەفراسىياپنىڭ قىزى . فەرەنگەسنىمۇ ئېلىپ بېرىدۇ . سىياۋۇش شۇنىڭ بىلەن ئەمدى باتۇر رۇستەم ، شاپۇر، بەھراملارنى كورەلمەسلىكگە كوزى يېتىپ ، ئىرانغا قايتماي ، تۇراندا پۇتۇنلەي تۇرۇپ قېلىش قارارىغا كېلىدۇ . سىياۋۇش گەڭ ( گەڭدىج ) قورغىنىنى سالدۇرىدۇ . ئەفراسىياپ تۇران يېرىدىن تاللاپ بەرگەن مەنزىرىلىك يەرگە سىياۋۇش يەنە سىياۋۇشگىرد شەھرىنى سالدۇرىدۇ .

ئەفراسىياپ سىياۋۇشقا مۇنداق دەيدۇ:
ئەمما بىلكى سېنىڭ ئارامىڭ ئويلاپ،
بىر جاي تاپتىم تۇران يېرىدىن سايلاپ.
بېرىپ كورسەڭ، ئۇ جاي خۇش-خۇرامدۇر،
بارغاننىڭ كوڭلى شاد، دىلى بىغەمدۇر.
شۇڭا پادىشالىق قىل، ھەرگىز كورمە دەرت،
دۈشمەنلەر بېشىنى ئەيلە توزاڭ ـ گەرد...

سىياۋۇش شەھەرنى سالدۇرۇپ بولۇپ ،
ئۇردا - سارايلىرىنى جاھاننىڭ ئىككى چوڭ
پادىشاسىنىڭ دوستلۇغى تەسۋىرلەنگەن سۇ-
رەت - نەقىشلەر بىلەن بېزەيدۇ :

ئايۋان تاملىرىغا سىزدۇردى سۇرەت،
شاھلار بەزمە - رەزمىدىن بېرۇرشاھادەت:
بىر يېقىدا كاۋۇس تەختتۇ - تاجىدار،
ئۇراپ ئەتراپىنى پەلۋان - باتۇرلار.
تەخت يېنىدا تۇرار پىل تەنلىك رۇستەم،
زال ۋە گۇدەرز، بارچە پەلۋان جەم.
بىر ياقتا تەختتە ئەفتراسىياپشاھ،
پىران ۋە گەرسىۋەز، ئەتراپتا سىپاھ.
شەھەر بەرپا بولۇپ مىسالى جەننەت،
ئىران ۋە تۇرانغا تارقاتتى شوھرەت.

ئەفراسىياپنىڭ دانا ۋەزىرى پىران ھىندى
ۋە چىن سەپەرلىرىدىن قايتىپ ، ئۇزنىڭ
تۇرىدىغان جايى خوتەنگە كېلىدۇ...... پىران
قىزى جەرىرە سىياۋۇشتىن بالا تۇغىدۇ .
ئەفراسىياپنىڭ ئىنىسى گەرسىۋەز ئىچى تار-
لىغى كېلىپ ۋە كوڭلى قارىلىق قىلىپ ،
سىياۋۇشقا قەست قىلىدۇ. گەرسىۋەزنىڭ بۇيـ
رىغى بويىچە ، گۇروي مىكرى بىلەن سىياـ
ۋۇشنى تۇتۇپ ، سىياۋۇش تىر بازلىق قىلـ
غاندا ، ئىشانلاپ ئوق ئاتقان چولگە ئېلىپ
بارىدۇ ۋە ئوق چۇشكەن يەردە، گۇروي سىياـ
ۋۇشنىڭ پۇت - قولىنى باغلاپ بوغۇزلايدۇ ،
قېنىنى بۇيرۇلغان يەرگە چاچىدۇ . يەنە شۇ
گەرسىۋەزنىڭ پىتنىسى بىلەن ، ئەفراسىياپ
ئۇز قىزى فەرەنگەسىنى قاتىل دەپ زىندانغا
تاشلايدۇ .

پىران بېرىپ فەرەنگەسىنى قۇتقۇزۇپ ،
خوتەنگە ئېلىپ كېلىدۇ . فەرەنگەس ( سىياـ
ۋۇشتىن ھامىلە بولغاچقا ) ئوغۇل تۇغىدۇ ۋە
بالىغا كەيخۇسراۋ دەپ ئىسىم قويىدۇ. ئوغۇل
چوڭ بولغاندا ، چوپانلار ئارىسىدا تۇرغان
جايىدىن كەي كاۋۇسنىڭ ئادەملىرى كەيخۇسـ
راۋنى ئېلىپ قاچىدۇ .
شۇنىڭ بىلەن ئاداۋەت ئىشىكى قايتا
ئېچىلىدۇ .

## IV باشقا تارىخي مەنبەلەردە

ئىلگىركى سالنامىچىلار ، تەزكىرىچىلەر ،
سەييالارنىڭ كىتاپلىرىدە ، ياكى بەزى
ئالىملارنىڭ كېيىن كەلگەندە ئۇز ئەسەرلىرىدە
قىلغان قەيتلىرىدە ، ئوغۇزخان ۋە ئەفراـ
سىياپ تۇركى تىلدا سوزلەشكۇچى خەلقلەرـ
نىڭ ئۇلۇغ ھوكۇمدارلىرى ۋە مەشھۇر باتۇرـ
لىرى قىلىپ كورسىتىلىدۇ . شۇنىڭدەك ئۇلارـ
نىڭ ئاساسي زىمىنلىرى ۋە مەركىزىي شەـ
ھەرلىرىمۇ بايان قىلىنىدۇ .
ئەرەپچە ياكى پارسچە يېزىلغان بۇ مەنـ
بەلەرنىڭ بەزىلىرى يەھۇدى رىۋايەتلىرىنى
ۋە بەزىلىرى ئىرانلىقلارنىڭ رىۋايەتلىرىنى
ئاساس قىلغان . مەيلى ئىرانلىقلار بولسۇن
ياكى يەھۇدىلەر بولسۇن ،
دۇنيادىكى مىللەتلەر توغرىسىدا بايان قىلـ
غانلىرىدا ، ئۇز رىۋايەتلىرىدە ھەممە مىلـ
لەتلەرنى ئۇز نەسىللىرىدىن تورەلگەن ياـ
كى تارالغان دەپ كورسىتىش ئۇچۇن، ھەر
خىل خەلق ۋە شەخسلەرنىڭ ئىسىملىرىنى
ئۇزلىرىگە ئەنئەنە بولۇپ كەلگەن ئىسىملار
بىلەن بىرلەشتۇرىدۇەتكەن. مەسىلەن: مۇنـ
داق رىۋايەت ياكى ئەپسانىلاردا ، تۇركى
خەلقلەرنىڭ بوۋىسى قىلىپ كورسىتىلگەن
ياپەس ۋە باشقا شەخس ياكى قەبىلە ئىسىمـ
لىرى شۇنداق.

ئەرەپ تارىخچىلىرىدىن ئەبۇ جەفەر ئىبنى جەرىر - تەبەرى (مىلادى 837 - 922 - يىللىرى) «تارىخۇل ئۇمەم ۋەلمۇلۇك» «ئەنەلەس» دىگەن كىتاۋىدا، تارىختىن ئىلگىرىكى زامانلار ئۈچۈن ئەھمىيەتلىك بولغان يەھۇدى رىۋايەتلىرىدىن نەقىل كەلتۈرگەن.

رىۋايەتتە ئېيتىلىشىچە، ئىبراھىم پەيغەمبەر ئۆز ئوغۇللىرى (ياسۇباق، سوخ) نى شەرققە ئېۋەتىپتۇ. ئۇلار ئۇدۇل كېلىپ خوراساندا ماكانلىشىپتۇ. ئاتىسى ئۈگەتكەن «ئىسمى ئەزەم» (تىلسىم) سايىسىدا ھەممە خوشنا قەۋملەر ئۈستىدە ھوكۇمرانلىق قىلىپتۇ. ياپەس نەسلىدىن خەزەر ۋە باشقىلار كېلىپ، ئۇلارغا «خاقان» دەپ ئۇنۋان بېرىپتۇ ۋە شۇ يەردە تۇرۇپ قاپتۇ؛ بىر قىسمى ئۆزيۇرتلىرىغا قايتىپ كېتىپتۇ.

بۇ يەھۇدى رىۋايىتىنىڭ مەزمۇنى بويىچە، ئىبراھىم پەيغەمبەرنىڭ ئوغۇللىرى - ياسۇباق، سوخلار تۈركى خەلقلەر دىيارىغا كېلىپ، خەزەر ۋە سابىر قەۋملىرىنى ئۆزدىنىغا جەلپ قىلىدۇ. شەرقتە ھەتتا بىر قىسىم يەرلىك ئاھالىغا ئۆز ئەقىدىلىرىنى سىڭدۈرىدۇ.

ئىبنى فەقىھنىڭ جۇغراپىيىگە ئائىت ئەسىرىدە ئېيتىلغان تارىخى ۋەقەلەرگە قارىغاندا، مىلادىدىن ئىلگىرىكى 7 - ئەسىردە ساقالارنىڭ غەربى ئاسىيادىكى دولىتى يىمىرىلىپ، ئۇزۇن ئۆتمەي، بابىل ھوكۇمدارى نەبۇقەر نەززار تەرىپىدىن مىلادىدىن ئىلگىرىكى 6 - ئەسىر ئاخىرىدا يۇدا دولىتى تار - مار قىلىنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن يەھۇدىلەردىن بىر قىسمى ئوتتۇرا ئاسىيا تەرەپكە تارقىلىپ كېتىدۇ.

يۇقۇرىدىكى قەيتلەر بويىچە، مىلادىدىن ئىلگىرىكى 7 -، 8 - ئەسىرلەردە خەزەر (كاسپى) دېڭىزى بويى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادا تۈركى قەبىلىلەر ياشىغانلىقى ۋە خاقان نامى بىلەن ھوكۇمدارلىرى بولغانلىقى مەلۇم.

ئىرانلىقلارمۇ خۇددى يەھۇدىلەردەك، ھەممە مەملىكەتلەرنى ئۆز نەسلىدىن تارالغان دەپ كۆرسىتىش ئۈچۈن، ھەر خىل قەبىلە ۋە شەخس ئىسىملىرىنى ئۆزلىرىنىڭ ئەنئەنىۋى تارىخى شەخس ئىسىملىرى بىلەن بىرىكتۈرىۋەتكەن. ئۇلارمۇ مىللەتلەرنى ئۆزلىرىنىڭ ئەپسانىۋى ھوكۇمدارى فەرىدۇننىڭ ئوغۇللىرىنىڭ ئەۋلادى دەپ چۈشەندۈرىدۇ. مەسىلەن، ئىران تىلىدا سوزلەشكۈچى خەلقلەر فەرىدۇن ئوغلى «ئىر» نىڭ، تۈرك تىلىدا سوزلەشكۈچى خەلقلەر بولسا، فەرىدۇننىڭ يەنە بىر ئوغلى «تۇر» نىڭ ئەۋلادى دەپ ھىساپلايدۇ. ئىران رىۋايەتلىرىدە، «ئەفراسىياپ» نىڭ ئىران ھوكۇمدارلىرى بىلەن بولغان ماجرالىرى، يەنى ئىران ھوكۇمدارى كەي كاۋۇس ۋە ئۇنىڭ نەۋرىسى (ھەم ئەفراسىياپنىڭمۇ نەۋرىسى) كەي خۇسراۋ بىلەن بولغان ئۇرۇشلىرى بايان قىلىنىدۇ. دەسلەپ فىردەۋسىنىڭ «شاھنامە» سىدە بايان قىلىنغان بۇ رىۋايەتتىن خېلى كۆپ پەرقلىنىدىغان باشقا رىۋايەتلەرمۇ (تەبەرى، تالىبى، بەلئەمى، بىرۇنى ئەسەرلىرىدە) ئۇچرايدۇ. بۇلار ئاسۇرى ۋە يۇنان (گىرىك) مەنبەلىرىدىن ئېلىنغان بولۇشى مۇمكىن. ئاسۇرى ۋە يۇنان مەنبەلىرىدە ئېيتىلغان مەلۇمات بويىچە، بۈيۈك ساقا قەھرىمانى ئەفراسىياپ مېدىيە ھوكۇمدارى كىياكسارەس تەرىپىدىن مىلادىدىن ئىلگىرىكى 625 - يىلىدا يېڭىلىپ، قولغا چۈشىدۇ. بىراق، بۇ رىۋايەتلەر كېيىن بېرىپ، بۇ ۋەقەنىڭ ئاخىرىنى ئىسكەندەرگە چېتىۋېتىدۇ. ئاندىن،

يەنە تۈركى خەلقلەرنىڭ ئەركەنە قۇن ئەپسانىلىرى بىلەنمۇ ئارىلاشتۇرىۋېتىلىدۇ.

تارىخى مەنبەلەرگە كىرگۈزۈۋېتىلگەن ئىران رىۋايەتلىرىگە قارىغاندا، ئىرانىدا ئۇزاق سەلتەنەت سۈرگەن ئەخمەنىلەردىن كىرۇس (كىر) مىلادىدىن ئىلگىرىكى 546 - يىلىدا ئوتتۇرا ئاسيانىڭ غەربى قىسمىغا ھۇجۇم قىلىپ، سىر دەريا ۋادىسىغىچە كېلىدۇ ۋە ھازىرقى ئۇرا توپە ئەتراپىدا ئۆز نامىغا بىر شەھەر (قورغان) سالدۇرىدۇ؛ مىلادىدىن ئىلگىرىكى 529 - يىلىدا، گورگەن (ئورگەنج) ئەتراپىغا كەلگىنىدە، ماساغوتلارنىڭ ئايال ھوكۇمدارى تۇمۇرەس بىلەن بولغان جەڭدە ئۆلىدۇ. ئاندىن، ئىران ھوكۇمدارلىرىدىن دارا 6 - ئەسىردە ئامۇ دەرياسىنىڭ شىمالىدا قاتتىق جەڭ بولىدۇ. مۇشۇ ۋەقەلەر بايان قىلىنغان ئىران رىۋايەتلىرىدە ئەفراسىياپ ۋە ئۇنىڭ ئوغۇللىرىنىڭ پائالىيەتلىرىگە دائىر مەلۇماتلارمۇ بايان قىلىنىدۇ. كېيىن ئىران داستانىغا ئاساس بولغان بۇ رىۋايەتتە، ئەفراسىياپنىڭ ئوغلى ئەرجەسپ زامانىدا، خۇراسەن ۋە ماۋەرا ئۇننەھردە بولغان جەڭلەر زىكرى قىلىنىدۇ. جەڭدە مەغلۇپ بولغان ئەرجەسپ رىۋايەتتە "هيۇن" پادىشاسى قىلىپ كۆرسىتىلىدۇ. شۇنىڭدەك ئەرجەسپ مىلادىدىن ئىلگىرى 563 - يىلى ئۆلگەن زورو ئاستېر (زەر دۇشت) نىڭ مۇرىدى قىلىپمۇ كۆرسىتىلىدۇ.

نەرشەخى ئۆز كىتاۋىغا نەقلى قىلغان ئىران رىۋايىتى بويىچە، ئەفراسىياپ كوك تۈركلەرنىڭمۇ جەددى - بوۋىسى سانىلىدۇ. ئۇ خەزەر دېڭىزىنىڭ شىمالىدىن ۋە جەنۇبىدىن بىر قانچە قېتىم ئۆتىدۇ. ئەفراسىياپنىڭ ئالىپ ئارىز دىگەن بىر ئوغلى تومۇر قاپىغىنى (تومۇر قۇۋۇقنى) ئىشغال قىلىدۇ. (بەزى تەتقىقاتچىلار تومۇر قاپىغىنى كافكازدىكى "دەربەند" دەپ تەخمىن قىلىدۇ). تۇڭا ئالىپ ئەر ئىدىل (ۋولگا) دەرياسى تەرىپىدىن ئالدىنقى ئاسياغىچە كېلىدۇ ۋە ئۇ يەردىن ئىران - خۇراسان يولى بىلەن بۇخارا تەرەپلىرىدىكى "بەيكەند" ۋە چۇ دەرياسىنىڭ يۇقۇرى تەرەپلىرىدىكى "قوچقار باش" دىگەن يەرلەرگىمۇ كېلىپ ئۇردا قۇرىدۇ. «تۈركى تىللار دىۋانى» دا، ئوتتۇرا ئاسيانىڭ غەربىدىكى قازۋىن، قۇم، مەرۋ شەھەرلىرى، شۇنىڭدەك «يەنكەنت» ياكى "بەيكەنت" ("دىزرويىن") ۋە تاشكەنت، "سەمىزكەنت" (سەمەرقەد)، ئۆزكەنت، مەركىزىي ئاسيادىكى بارسغان، ئوردۇكەنت (قەشقەر)، بارچۇق، ئىلى ۋادىسىدىكى "قاز سۇۋى" (قاش دەرياسى) بويى ئەفراسىياپ تۇرغان شەھەرلەر دەپ قەيت قىلىنغان. ئەفراسىياپ ئوتتۇرا ئاسيانىڭ شەرقىدە قىماق دېڭىزى (قوسوكول، يەنە بايقال) تەرىپىدىكى سىغناق زىمىنىدىمۇ يەنە بىر "كەڭ - دىز" قورغىنى سالدۇرىدۇ. ئەفراسىياپ ئىلكىدىكى كەڭ رايوننىڭ غەربى قىسمىدا بىر "گەندىج" (كەڭ دىز)، شەرقى قىسمىدا يەنە بىر "كەڭ دىز" مەركەز قىلىنغان. باش مەركىزى "ئوردۇ كەنت". دىمەك، بايقالدىن دەربەنت (شەرقى كافكاز) غىچە بولغان رايون ئەفراسىياپنىڭ زىمىن دائىرىسى قىلىپ كۆرسىتىلگەن.

نەرشەخنىڭ كىتاۋىدا يېزىلىشىچە، تۇڭا ئالىپ ئەر ھىندىستاندىكى ساكيامۇنى (مىلادىدىن ئىلگىرىكى 565 - 486 - يىللار) دىن ئىلگىرى ئۆتكەن بىر قەھرىمان بولسىمۇ، لېكىن ئوتتۇرا ئاسيانىڭ بوددىغا

ئىشىنىدىغان تۈركى قەۋمىلىرى ئۈنى بود -
دىزىمىنىڭ ھىمايىچىسى دەپ ئۇلۇغلايدۇ ؛
بۇخارا يېنىدا زەردۇشتىلىقنى تارقاتماقچى
بولغان ئىرانلىقلارغا قارشى بوددىزىمنى
قوغداش ئۈچۈن كۈرەشكەن ھوكۇمدار دەپ
مۇقەددەس ھىساپلايدۇ .

ئەخمەد ئىبنى ئەبى يەقۇب ئىبنى ۋازىھ
يەقۇبى « كىتابۇل بۇلدان » ئەسەرىنىڭ 2 -
جىلدىدا ، شۇنىڭدەك ئۇلۇغ ئالىمىمىز مەھ-
مۇد قەشقىرىمۇ « دىۋان » دا ، ئەفراسياپ-
نى قارا خانىلارنىڭ قەدىمقى جەددى -
ئەجدادى دەپ كۆرسىتىدۇ .

ئەل بىرۇنى ۋە باشقا ئاپتورلار يېزىپ
قالدۇرغان مەلۇمات بويىچە ، كياكسارەس
تەرىپىدىن ئەفراسياپ مەغلۇپ قىلىنىپ ،
ئىران ئولكىلىرى مىلادىدىن ئىلگىرى 625 -
يىلى 13 - ئاپرىل ( R.Roth رۇچ ۋە
F.Justi يۇستلارنىڭ تەتقىقاتى بويىچە 26-
ئىيۇن ) ئەفراسياپنىڭ ھوكۇمرانلىقىدىن
قۇتۇلغان كۈنى دەپ بايرام قىلىنىدىكەن .
مەجۇسلەر بۇ بايرامنى " تىرەگەن " بايرد -
مى دەپ ئاتايدىكەن . بۇ بايرام توغرىسىدا
نەرشەخىمۇ ئۆز ئەسەرىدە بايان قىلغان .
شۇنىڭدەك تارىخچىلاردىن بەلئەمى ۋە تە -
بەرىلەرنىڭ بەرگەن مەلۇماتىغا قارىغاندد -
مۇ ، ئىرانلىقلار ئىران شاھزادىسى سيا -
ۋۇشنىڭ تۈركلەردىن ئەفراسياپنىڭ قېرىن-
دىشى بارسىغان تەرىپىدىن بەيكەنتتە ئۆلتۈ-
رۈلگەنلىكىنى ئۇنتۇمايدىكەن ۋە يىلنىڭ
مەلۇم كۈنلىرىدىن بىرىدە ماتەم تۇتىدىكەن.
تەبەرىدىن بىر ئەسىر كېيىن ياشىغان مەھ -
مۇد قەشقىرىمۇ ئۆز ئەسەرىدە سياۋۇشنىڭ
ئولتۈرۈلگەن يېرى بۇخاراغا يېقىن يەنكەند
ۋە بۇ شەھەرنىڭ يەنە بىر ئىسمى " دىزرۇ -
يىن " ( " مىس قورغان " ) دەپ كۆرسەت -
كەن . يەنكەنت - بەيكەنت ئىكەنلىكى
مەلۇم .

تۈركى خەلقلەرمۇ ئىرانلىقلار تەرىپىدىن
ئولتۈرۈلگەن تۇڭا ئالىپ ئەرگە شۇ زامانلار-
دا ماتەم تۇتىدىغانلىقى مەلۇم . ئۇرخۇن
مەڭگۇ تاشلىرىدا (كول تېكىن مەڭگۇ تېشى-
نىڭ شىمالى يۈزى 7 - قۇرىدا ، بىلگە قا-
غان مەڭگۇ تېشىنىڭ شەرقى يۈزى 31 - قۇ-
رىدا ) " چۇش بېشىدا " بولغان جەڭ، يەنى
بەش بالىق مۇھاسىرىسى ھەققىدىكى ئاب -
زاستا ، " تۇڭا تېكىن يوغاسى " ( تۇڭا تې-
كىن ماتىمى ئەسلىتىلگەن ؛ شۇنىڭدەك تۇرپان
سىڭگىم ئېغىزىدىكى بېزەكلىك تام سۈرەت -
لىرىنىڭ بىرىدە "تۇڭا تېگىن"، يەنە بىرىدە
"تۇڭا ئول " دەپ يېزىلغان . بۇنىڭدىن مە-
لۇمكى ، ئۇيغۇرلارنىڭ تۇگراۋ ۋە ياغلىقار
قەبىلىلىرىمۇ يىلنىڭ مەلۇم كۈن-
لىرىدە ( تەخمىنەن يازنىڭ بېشى ياكى ئا-
خىرىدا ) تۇڭا ئالىپنى ئەسلەپ ، ماتەم تۇ-
تۇدىغان ئىكەن ..

يۇقۇرىدىكى تۈرلۈك مەلۇماتلارغا قارد -
غاندا ، ئەفراسياپنىڭ ئۆتكەن زامانى توغ-
رىسىدا مۇنداق 3 خىل تەخمىن كىلىپ چى -
قىدۇ : بىرى يەھۇدى ۋە ئىران رىۋايەتلىرى
بويىچە، مىلادىدىن ئىلگىرىكى7-ئەسىرگە توغرا
كېلىدۇ؛ ئىككىنچىسى ئاسۇرى ۋە يونان مەنبە-
لىرىدىن ئېلىنغان ئىران رىۋايەتلىرىنىڭ بەزى-
لىرىدە ئەفرەسياپقا دائىر ۋەقەلەرنىڭ ئىس -
كەندەرگە چېتىشلىكلىكىگە قارىغاندا، مىلا-
دىدىن 4 ئەسىر ئىلگىرىكى ۋاقىتقا توغرا كې-
لىدۇ ؛ ئۈچىنچى خىلى شۇكى، مەھمۇت قەش-
قەرىنىڭ « دىۋان »دا يازغىنى بويىچە،(مى-
لادىدىن 6 ئەسىر ئىلگىرى ئۆتكەن ئايال ھو-
كۇمدار تۇمۇرەس "مەرۋ"شەھرىنىڭ ئىچكى قور-
غىنىنى سالدۇرۇپ 300 يىلدىن كېيىن ئەفراس-

ياپ تاشقى قورغىنىنى بىنا قىلغان دىگەن مەلۇمات بويىچە) مىلادىدىن 3 ئەسىر ئىلگىرى ئۆتكەن بولىدۇ.

ئەمدى ئىرانلىقلارنىڭ «تۇڭا ئالىپ ئەر»نى ئەفراسىياپ دەپ ئاتىغانلىقىغا كەلسەك، بۇنى مۇنداق پەرەز قىلىش مۇمكىن: بىرى تۇڭا ئالىپ ئەرنىڭ تۈركى تىلىدا ئىككىنچى تۈرلۈك ئاتىلىشى «ئەۋرەن ئەسرى ئالىپ» («ئالەمنىڭ قاپلان باتۇرى») ئىران تىلىدا «ئەۋراس ـ ئالىپ» <ئەۋراسالىپ> «ئەفراسىياپ» شەكلىگە كىرگەن بولۇشى مۇمكىن. يەنە بىرى، ئىران رىۋايەتلىرىدە ۋە «شاھنامە» دە، تۇڭا ئالىپ ئەرنى ئۇرۇش-جەڭنىڭ سىمۋولى قىلىپ كۆرسەتكەنلىكى ئۈچۈن، ئىران تىلىدا قويۇلغان «افراس يىب» («افراس» يەنى قالقان، توسۇق»، «ياب» يەنى «ئوق») دىگەن ئىككى سوزدىن قۇرۇلغان ئىسىم بارا ـ بارا «ئەفراسىياپ» شەكلىگە كىرگەن بولۇشى مۇمكىن. ئەفراسىياپنىڭ قىزى «قاز»، «شاھنامە»دە بولسا، «فرنگىس» (فەرەنگەس شەكلىدە يېزىلغان. بۇمۇ تۈركى تىلىدىكى «ئۇرۇن قاز» (ئاق قاز) نىڭ ئىران تىلىغا كىرىپ، ئەفرەن گاز-فەرەنگەس» شەكلىگە ئۆزگەرگەن بولۇشى مۇمكىن. شۇنىڭدەك «شاھنامە» دىكى ئەفراسىياپنىڭ ئادەملىرى بارمان، پىران، خۇمان گەر سىۋەز، بەرزگەر گۈلباد، پولاد، جەرىرە دىگەن كىشى ناملىرىمۇ ئەسلىدە تۈركى ناملار بولۇپ، ئىران تىلىغا كىرىپ ئۆزگۈرۈپ كەتكەن.

× ×

ھەرخىل رىۋايەتلەردە، تارىخى ئەسەر ۋە داستانلاردا باش قەھرىمان قىلىپ تەسۋىرلەنگەن تۇڭا ئالىپ ئەر-ئەفراسىياپ توغرىسىدا ئىزدىنىپ تاپقان دەسلەپكى چۈشەنچىلىرىمنى تونۇشتۇردۇم. تارىخچى ۋە ئەدىپلىرىمىزنىڭ بۇنىڭدىنمۇ ئاساسلىقراق مەلۇماتلارنى ئوتتۇرىغا چىقىرىشىغا يىپ ئۇچى بولۇپ قالسا ئەجەپ ئەمەس.

1982 ـ يىلى، ئوكتەبىر ئۈرۈمچى

---

(بېشى 54 ـ بەتتە)

بولمىسام زاماندىش، تۇپراقداش ئۆزۈم،
شۇ بۈيۈك شەرەپتىن ئاپتاپتەك يۈزۈم...
قەبرىنىڭ خاكىنى سۈرتەۋال كوزۈم،
كىمنىڭ بار مۇشۇنداق ئالىمى قېنى؟
پەخىرلەن دۇنياغا، مەھمۇت ۋەتىنى.

بوۋامنى ئالەمگە «ئىركى» داملىتاي،
ۋەسىيەت: مەن ئۆلسەم، پۇتىدا ياتاي،
جاۋاھىر ئورنىدا شىرىمگە قاتاي،

كىمنىڭ بار مۇشۇنداق ئالىمى قېنى؟
پەخىرلەن دۇنياغا، مەھمۇت ۋەتىنى.

1983 ـ يىلى، 16 ـ يانۋار

# پەخىرلەن دۇنياغا، مەھمۇت ۋەتىنى!

(نەقرا تىلەق مۇخەممەس)

نۇر مەھەممەت ئېركى

ئالىمدۇر ـ دۇنيانىڭ، ئىنسانىنىڭ جېنى،
ئالىملەر ئالىمنىڭ بىلەر قەدرىنى...
يۇرتىمىز ئالىمنىڭ، ئەدىپنىڭ كېنى،
كىمنىڭ بار مۇشۇنداق ئالىمى قېنى؟
پەخىرلەن دۇنياغا مەھمۇت ۋەتىنى.
شەرق بىلىم دۇنياسى ئىچرە يىگانە ـ
بىر يۇلتۇز شۇنچە ساپ، شۇنچە نۇرانە...
ئەجرىگە قايىلدۇر ئۆز ۋە بىگانە،
كىمنىڭ بار مۇشۇنداق ئالىمى قېنى؟
پەخىرلەن دۇنياغا، مەھمۇت ۋەتىنى.
يۇلتۇزكى، يۇلتۇزلار ئارا سەرۋەرى،
يۇلتۇزكى، يۇلتۇزلار ئارا ھوركەرى،
مۇبارەك ئىسمىدۇر مەھمۇت قەشقىرى،
كىمنىڭ بار مۇشۇنداق ئالىمى قېنى؟
پەخىرلەن دۇنياغا، مەھمۇت ۋەتىنى.
يۇلتۇزكى، جۇلالاپ شۇنداق پارلىغان،
مەرىپەت دۇنياسىن چوڭقۇر چارلىغان...
قالدۇرغان ئىلىمگە كاتتا ئارمىغان (*)
كىمنىڭ بار مۇشۇنداق ئالىمى قېنى؟
پەخىرلەن دۇنياغا، مەھمۇت ۋەتىنى.
يۇلتۇزكى، يۇلتۇزلەر ئارا سەر خىلى،
قۇۋنار شۇ بىلەن ئۇيغۇر ـ تۈرك ئېلى...
تىلچىمىز، تىلچىلەر پىرى كامىلى،
كىمنىڭ بار مۇشۇنداق ئالىمى قېنى؟
پەخىرلەن دۇنياغا، مەھمۇت ۋەتىنى

---

(*) ئارمىغان ـ تۇھپە

«تىل» دىمەك - بىر ئەلنىڭ ھايات بەلگىسى،
مەھمۇتتۇر شۇنداق زور بەلگۇ ئىگىسى،
ئانا تىل سويگۇسى - ۋەتەن سويگۇسى...
كىمنىڭ بار مۇشۇنداق ئالىمى قېنى؟
پەخىرلەن دۇنياغا، مەھمۇت ۋەتېنى.

«دىۋان» دور دۇنيادا ئەجەپ موجىزات،
بولمىدى ھېچ «پەلەك گەردىشى» دىن مات...
ھەر بىلىم ئەھلىگە بولدى ئۇ قانات،
كىمنىڭ بار مۇشۇنداق ئالىمى قېنى؟
پەخىرلەن دۇنياغا، مەھمۇت ۋەتىنى.

«دىۋان» دۇر تۇرك ئېلى ئىرپان غەزنىسىمىز،
مىڭ يىلدىن بۇرۇنقى بىلىم پەللىمىز...
ئۆلچسۇن بىلىمدە دۇنيا ۋەزنىمىز،
كىمنىڭ بار مۇشۇنداق ئالىمى قېنى؟
پەخىرلەن دۇنياغا، مەھمۇت ۋەتىنى.

بىر ئەلكى، بەرسە ئۇ، شۇنداق بىر ئوغۇل،
بولسا ئۇ ئىرپاندا ئالەمگە مەقبۇل.
قىسمامدۇ بېشىغا قىلىپ ئۇنى گۇل!
كىمنىڭ بار مۇشۇنداق ئالىمى قېنى؟
پەخىرلەن دۇنياغا، مەھمۇت ۋەتىنى.

گۇل قىلىپ قىستىڭ سەن ئاپىرىن ساڭا،
ھەر تامان ئىززەتلەر ئەيلىدىڭ ئاڭا،
زامانەم بۇ ئىشىڭ ياردى ماڭا،
كىمنىڭ بار مۇشۇنداق ئالىمى قېنى؟
پەخىرلەن دۇنياغا، مەھمۇت ۋەتىنى.

ئالىمنى ھورمەتلەش - گۇللەشكە ئاساس،
ھەر ئەلدە راۋاج ۋە يەشنەشكە ئاساس،
ئىرپانغا ھەممىنى ئۈندەشكە ئاساس،
كىمنىڭ بار مۇشۇنداق ئالىمى قېنى؟
پەخىرلەن دۇنياغا، مەھمۇت ۋەتىنى.

ھەر كىمدە ئالىمنى ئىززەتلەش بولار،
يېقىن بىل: بىلىمگە ئۇ ئۆزى تولار...
سۇنى كىم سەل كورسە، گولزارى سولار،
كىمنىڭ بار مۇشۇنداق ئالىمى قېنى؟
پەخىرلەن دۇنياغا، مەھمۇت ۋەتىنى،

ئۇيغۇرلار ئىسمىدا "ئاخۇن"دۇر بىزەك ،
ئاخۇن بول - ئاقىن بول ، موللا بول دېمەك …
بۇ خولۇق ئالىمغا ئامراغلىق - سۆيمەك ،
    كىمنىڭ بار مۇشۇنداق ئالىمى قېنى ؟
    پەخىرلەن دۇنياغا ، مەھمۇتۋەتىنى.

پەخىرلەن قەشقەرلىق! بەردىڭ بىر كىشى -
ۋەتەنگە، ئالەمگە ئەرزىدى ئىشى،
يىگىت ئۇ، مىڭ ياشقا كىرسىمۇ يېشى…
    كىمنىڭ بار مۇشۇنداق ئالىمى قېنى؟
    پەخىرلەن دۇنياغا ،مەھمۇت ۋەتىنى.

قەشقەرنىڭ يېزىسى ئوپال خۇش ھاۋا،
داڭ چىققان بوستانلىق ياپ - يېشىل تاۋا…
ئالىمغا يۇرت - ماكان بولۇشقا راۋا،
    كىمنىڭ بار مۇشۇنداق ئالىمى قېنى؟
    پەخىرلەن دۇنياغا ، مەھمۇتۋەتىنى.

« ھەزرىتى موللام » دەپ ئاتىغىنى راس،
« ھەزرەت » دەپ، « موللام » دەپ قارىغىنى راس…
بۇ سوزلەر ئالىمنى كورسەتكۈچ كومپاس،
    كىمنىڭ بار مۇشۇنداق ئالىمى قېنى؟
    پەخىرلەن دۇنياغا ،مەھمۇت ۋەتىنى.

مەھمۇتتەك زور كىشى - سىڭنىڭكى كىشىڭ،
ئۇنىڭكى ئىشلىرى - سىڭنىڭكى ئىشىڭ،
ئىقبالىق بېشىدۇر - سىڭنىڭكى بېشىڭ…
    كىمنىڭبار مۇشۇنداق ئالىمى قېنى؟
    پەخىرلەن دۇنياغا ،مەھمۇت ۋەتىنى.

پەخىرلەن ! مۇشۇنداق ئالىم- بۇۋىمىز،
شۇنداق بىر ئالىمغا « نەۋرە » بولىمىز،
مەرىپەت پۇرايدۇ ئوڭ ۋە سولىمىز…
    كىمنىڭ بار مۇشۇنداق ئالىمى قېنى؟
    پەخىرلەن دۇنياغا ، مەھمۇتۋەتىنى.

مەھمۇتنىڭ ۋەتىنى ئەي ئېزىز قەشقەر!
سەنئەت قىل ئوغلۇڭنى ! ئۇ ، گوياكى زەر،
ئۇ ، ئادەم شەكلىدە يارالغان گوھەر…
    كىمنىڭ بار مۇشۇنداق ئالىمى قېنى؟
    پەخىرلەن دۇنياغا ،مەھمۇت ۋەتىنى.

(ئاخىرى 51-بەتتە)

# ئاڭلا جاھان، مەھمۇت بىلەن ۋەتەنداشمەن!

تاھىر تالىپ

ئاڭلا جاھان، مەھمۇت يۇرتى-قەشقەرلىقمەن،
ئىپتىخارىم-ئۇنىڭ بىلەن يۇرتداشلىقىم.
بەختىيارمەن، شۇ ئۇلۇغلار ياتقان يەردە،
گۈللەر پۇراپ، گۈلدەك ئۆتكەچ گۈل ياشلىقىم.

قەشقەرلىقمەن،-مەھمۇت بىلەن ۋەتەنداشمەن،
ۋەتەنداشمەن، نەسىلداشمەن، ئەجدادىم ئۇ.
ۋۇجۇدۇمدا بۈيۈك مەھمۇت ئۇدۇمى بار،
مەھمۇت روھى-قۇرۇپ پۈتمەس، ئۈزۈلمەس سۇ.

قەشقەرلىقمەن، «ھەزتى موللام»- قىبلىگاھىم،
ئاسمانچىدۇر ئاگامىنىڭ ئېتىقادىم.
باش قويىمەن بوۋام مەھمۇت مازارىغا،
قاناتلىنار ئۇنىڭ بىلەن ئىجتىھادىم.

قەشقەرلىقمەن، قەشقەر-مەھمۇت قەشقىرىدەك-
ئۇلۇغلارنىڭ ئۇلۇغلىرى ياتقان دىيار.
ئېزىز قەشقەر-نۇر بوشۇكى، گۈل بوشۇكى،
مەرىپەتنىڭ تېگى بالدۇر ئاتقان دىيار.

مەھمۇت بوۋام جاھان كەزگەن شۇ تاڭ ئۈچۈن،
پايانى يوق سەھرالاردا غەۋۋاس بولۇپ.
ئەقلىمىزنىڭ جەۋھەرلىرى - دۇردانىلار،
تۆردى شۇڭا «دىۋان» ئىچرە سەپراس بولۇپ.

شۇ سەپتە بار مەلىمىزنىڭ قوشاقلىرى...
ھەتتا «تۇمەن»،«ئوپال» دىگەن تەۋەررۈكنام.
ھەر بىر قۇرى پۈتكەن غورۇر- ئىپتىخاردىن،
ئۇنىڭدىكى ھەر سوز-چىراق، ھەرچىكىت-شام.

شۇ چىراغلار چاقنىماقتا مانا. كوكتە،
مەھلىيادۇر جاھان ئەھلى شولىلارغا.
كەلگەچ يېڭى ئالتۇن دەۋر، كىتاپ كىردى-
يۇرتۇمدا ئەڭ، ئەڭ چەتتىكى ھويلىلارغا.

دىمەككى، بىز نادان ئەمەس،-تارىخ گۇۋا،
ئالەمشۇمۇل «دىۋان»-ئالتۇن قامۇس گۇۋا.
(ئەقلىمىزنىڭ جەۋھىرىنى كەڭ جاھانغا -
ئۇرۇق قىلىپ چېچىۋاتقان "تاۋۇس" گۇۋا).

× ×

ئاڭلا جاھان، مەھمۇت روھى ھەمدەم ماڭا،
ھەر كىم بىلەن جاھاندا تەڭ تۇرالايمەن!
مەھمۇت بىلەن ۋەتەنداشمەن، نەسىلداشمەن،
گاڭ يەلكەمگە تاغدەك يۈكنى ئالالايمەن!

***

# ئەجدادىم تەشەككۇرى

(بالىلادا)

دىلبەر قەييۇم

قەلبىمدە ئىپتىخار كېزىدۇ شۇ تاپ،
چۈنكى، مەن تەپەككۇر كوكىدە مېھمان.
غايەۋىي-سېھرى كۈچ مەيلىمنى تارتىپ،
تەبەسسۇم قىلغاندەك كورۇندى جانان.

× × × ×

تەپەككۇر بولدى بىر ئالەم كېمىسى،
ئېپ چىقتى مېنى ئۇ چەكسىز ساماغا.
سامادا ساياھەت قىلىپ، ئاخىرى -
چىقتىم بىر ئازادە يورۇق سەيناغا.

ئولتۇرار بۇ يەردە پەرىشتە سۈپەت،
بىر بوۋاي، كوز ئۈزمەي قاراپ تۇۋەنگە.
ئېھتىرام ئىلكىدە تىكىلدىم ئاڭا،
«كىمدۇ بۇ...؟» دەپ سۇئال قويدۇم ئوزۇمگە.

ئايىغىم شەپىسىنى چىقارماي ماڭدىم،
ئويلۇدۇم ئىچىمدە خىزىر مىكىن دەپ،
ئەگەردە يولۇققان بولسام خىزىرغا،
بەختىمدىن بېشارەت بېرەرمىكىن دەپ.

كوڭلۇمدە تۇغۇلغان سۇئال - جاۋاپنى،
سەزگەندەك بېشىنى كوتەردى بوۋاي.
«كەل قىزىم» - دىدى ئۇ شۇنچە مۇلايىم،
كورسۇتۇپ يېنىدىن ئولتۇرۇشقا جاي.

مېھرىۋان ئاتامدەك بېشىمنى سىلاپ،
سورىدى ئۇ مەندىن: «كەلدىڭ قايا قتىن؟»
زىمىننى كورسۇتۇپ قايتۇردۇم جاۋاپ:
«ئىنسانلار ياشىغان ئەشۇ ماكاندىن».

«مۇنداق دە... ئازادە ئولتۇرغىن بالام،
مەن بولسام ئەسلىدە سىنىڭ ئوز بوۋاڭ.
قەدىمدىن نەسلىمىز بىر، قېرىنداشمىز،
سورىساڭ بۇ ھەقتە بىلىدۇ ئاتاڭ.

مەن سىنىڭ ئەجدادىڭ مەھمۇد قەشقىرى،
دار مېنىڭ زىمىندە باسقان ئىزلىرىم.
داۋام قىپ كەلدىڭلار مانا شۇ يولنى،
رازىمەن سىلەردىن ئوغۇل - قىزلىرىم.

مەن ئارزۇ قىلاتتىم ئانا دىياردا،
كۆرمەككە ھەر زامان باھار ۋەسلىنى.
يول سالسا قول تۇتۇپ قان - قېرىنداشلار،
ياد ئەيلەپ ئۆزىنىڭ زاتى - ئەسلىنى.

مەن قىلغان شۇ شېرىن ئارزۇلار مانا،
ئېچىپتۇ زېمىندە رەڭمۇ - رەڭ چېچەك.
سىلەرنىڭ تۆككەن تەر- ئەجرىڭلار بىلەن،
ۋەتەندە گۈزەللىك يېيىپتۇ ئېتەك.

قارىغىن كۆز تىكىپ ئاۋۇ بۇلاققا،
ئاتالدى سىلەردە "نورۇز بۇلاق" دەپ.
"نورۇز"لۇق يېزىشىپ سەيلى قىلدىڭلار،
نامىنى ئەۋلاتتىن - ئەۋلات ياد ئەيلەپ.

تەۋرىنىپ سابادا "ھاي- ھاي تېرەك" مۇ،
ئانا يۇرت ھىدىنى ئۇردى دىماققا.
"ئۈژمىلىك كوچا" دا ياڭرىغان خوشال -
كۈلكىنى يەتكۈزۈپ تۇردى قۇلاققا.

"ئوي چولپان" تېخىمۇ ئاۋات بولۇپتۇ،
قوينىدا مىليونلاپ ساھىپ جامالار.
مەجنۇن تال مىسالى قۇندۇز چېچىنى،
ئەركىلەپ سويىدۇ مەيىن شاماللار.

كورنىەر شۇ "ژىكچى مەھەللىسى" دىن،
ئانامنىڭ مازىرى گۈلگۈن شەپەقتەك.
"سەن ئەرشتە، مەن باغدا - جەننەت قوينىدا"،
دەيدۇ ئۇ، چىرايى خۇددى سەدەپتەك.

بەختىڭلار ئاسانلا كەلمىگەن بالام،
جان بەرگەن بۇ يولدا مىڭلاپ ۋەتەنداش.
جاھاندا قەدىرىنى كېرىپ ياشىسۇن،
تىك تۇرۇپ ئەل ئاراكوتەرسۇن دەپباش.

كەلگۈسى ئەۋلاتلار بەختىنى كۆزلەپ،
كوتەرگەن قىلىچىنى ئىمامۇ - ئەكبەر.
ئەژدەرھا باغرىنى تىلىپ ئىككىگە،
ئاتالغان شۇندىن سوڭ "ئىمامۇ ئەژدەر".

ئەزەلدىن زەبەر دەست خەلق بولغاچقا،
نامىمىز تارالغان زەپەر - نۇسرەتتىن.
شۇڭاشقا بەرگەنتى بىزلەرگە ئورۇن،
جاھاننىڭ مەرتلىرى ئالدىنقى رەتتىن.

ئەجداتلار ئىزىنى بېسىپ ئەۋلاتلار،
كى بەربا قىلدىڭلار زېمىندە بېھىش.
قوم كوچۇپ ئىزلارنى كومگەن چاغدىمۇ،
بولمىدى سىلەردە قىلچىلىك ئېغىش.

بىز بىر توپ يۇلتۇزلار ئاسماندا تۇرۇپ،
قارايمىز زېمىنگە تويماي ھەر مىنوت.
ۋەتەننى قانغىچە كورىۋالسۇن دەپ،
سۇرۇلۇپ يۈز ئېچىپ بېرىدۇ بۇلۇت.

ئەۋلادىم سورىسا، سالام دىگەيسەن،
ھەرقاچان سىلەرگە روھىمدۇر ئۇلپەت.
قوبۇل قىل بوۋاڭنىڭ ئۇشبۇ سوۋغىسى،
سىلەرگە قالدۇرغان «دىۋانۇ لۇغەت».

شۇ مەھمۇت بوۋامنىڭ يادىكارى دەپ،
ساقلاپ قوي بۇ ساڭا مىراسىم بولسۇن.
يەنىمۇ داۋام قىل ئەجدات يولىنى،
ھىكمەتنىڭ نۇرىغا غەزىنەڭ تولسۇن "

دىۋاننى قولۇمغا ئېلىپ ھورمەتتە،
ھا ياجان ئىلكىدە كوكسۇمگە باستىم.
يېڭىلمەس خەلقىمنىڭ ئىپتىخارىنى،
قەلبىمنىڭ مېھرابى-تۆرىگە ئاستىم.

× × × ×

تەپەككۇر كىمىسى پەسلىدى، دىمەك:
خوشلاشتىم،شۇ بوۋام ئۇزۇتۇپ قالدى.
يۈرەككە تولدۇرۇپ يېڭى ھىس - تۇيغۇ،
قەلبىمگە ئۇمىتنىڭ نۇرىغىن سالدى.

زېمىننىڭ قوينىغا ئۇزۇمنى ئاتتىم ،
گوياكى تاپقاندەك ئىزىز ئانامنى.
ئەجدادىم تەشەككۇر ئېيتقان ۋەتىنىم،
ئۇچما قتا شۇڭقاردەك يېرىپ سامانى.

# «دىۋان» غا قاراپ

تۇرسۇن نىياز

ئويلايتتىم ھېمىشە خىيالغا پېتىپ:
ئىنسانىنىڭ ئىنسانلىق ھورمىتى نەدە؟
نەزەردە قەغەزدىن ئەتىۋا ئالتۇن،
ئالتۇننىڭ بىباھا قىسمىتى نەدە؟

مەن بۈگۈن ئۇزاقتىن- ئۇزاق ئويلۇنۇپ،
بۇ چىگىش سوئالغا تاپتىم بىر جاۋاپ.
تەپەككۇر قۇشلىرىم ئەيلىدى پەرۋاز،
ئويدىكى نۇرانە «دىۋان» غا قاراپ.

دىدىمكى ئىچىمدە: مۇشۇ بىر كىتاپ،
يېزىلغان قايسى چاغ - قايسى ئەسىردە؟
نىمىشكە ئۇتىسمۇ قانچە يۈز يىللار،
ئۇ بۈگۈن يەنىلا تۇرار ئويۇمدە؟

ئويلۇدۇم: شۇ چاغدا ئۆتكەن ئىنسانىنىڭ،
بارمىدۇ تۇپراقتا قالغان بىر ئىزى؟
ئۇلار قان - تەر توكۈپ يىققان بايلىقىنىڭ،
بارمىدۇ ھېلىمۇ يۈز مىڭدىن بىرى.

"ياق،-دىدى ئۆز پىكرىم يەنەرەت قىلىپ،-
بۇ ئىزدىن يوق نىشان بىر شامال ئۇتسە.
نىمىكەن پۇل - بايلىق ۋىجدان ئالدىدا،
تۈگەيدۇ ئىنسانىمۇ ئەجىلى يەتسە."

بىلدىمكى، دۇنيادا بىللە ئۆلمەستىن،
ياشار كەن ئىنسانىنىڭ توھپە- خىسلىتى.
شۇ سەۋەپ، بۇ ئۆلمەس شانلىق قاموسنىڭ
ئالتۇندىن مىڭ ئەلا ئىكەن قىممىتى.

***ΦΦΦ***

# ئىزدەپ

ئابابەكرى ئاباق

ۋەتەن تۇپراغىنى كەزدىم،
بوۋام مەھمۇت، سېنى ئىزدەپ.
ئىلمىنىڭ پەخرى، گۇلتاجى،
مەدەتكارىم قېنى سىز، دەپ.

يېتىشتىم «ھەزتى موللام» غا،
كېزىپ چەكسىز دالا - قىرنى.
قويۇپ باشىم، تاۋاپ قىلدىم،
«ئىلىمگە هوددىگەر پىر» نى.

زىمىندىن بىر سادا كەلدى:
"مېنى پەن كانىدىن ئىزدە.
بىلىم دەرياسىغا شۇڭغۇپ،
«دىۋان» نىڭ بابىدىن ئىزدە!..."

ئېچىپ «دىۋان»، تاۋا قىلدىم:
ئۇلۇغ ئۇستاز قېنى سىز، دەپ.
سېنى يادلاپ ئومۇرۋا يەت،
ئىزدىگنى باسىمىز بىز، دەپ.

# ئۇپال تەسىراتلىرى

(سىكىل)

ئابلەت ئىسمايىل

« ئۇپال. بىزنىڭ يۇرتىنىڭ نامى».

(مەھمۇت قەشقەرى.— «تۈركى تىللار دىۋانى»)

## مۇقەددىمە

كۆزدە مەن باردىم ئۇپال دىيارىغا،
بەكمۇ زوقلاندىم گۈزەل رۇخسارىغا.
گۈلگە ئاشىق بۇلبۇلى شەيدا كەبى،
قالدى رىشتىم باغلىنىپ گۈلزارىغا.
سۇلىرى ئەلۋەك، ھاۋاسى ئاب ـ ھايات،
ھەر گىيا سىدۇر شىپا بىمارىغا.
قىلدى دىل نەزمە پۈتۈشنى ئىختىيار،
ھىسلىرىم مىنگەشتى كۆي تۇلپارىغا.

## ھەزرىتى موللام تېغى

زەپمۇ ھەيۋەت ھەزرىتى موللام تېغى،
يان بېغىرلاپ بار يەنە كوركەم بېغى.
بوككىدە ئورمانلىرى قىلدى سالام،
تاققا سەيياھ يامىشىپ چىققان چېغى.
كۆزدىمۇ سۇلمايدىكەن تاغ رەيھىنى،
قىلدى مەسخۇش مېنى خۇشبۇي پۇرىغى.

## ھەزرىتى موللام مازارى

بىر مازار بار بۇ دىيارنىڭ غەربىدە،
بىر ئۇلۇغ زات ياتىدۇ چوڭ قەۋرىدە.
ئويلىدىم: بۇزات بوۋام مەھمۇتمىكىن؟
تىزلىنىپ تۇردۇم يېنىدا سەجدىدە.
بىر بوۋاي دىدى: بۇزات ئۇتكەن ئىكەن،
مەرىپەتكا مالغا يەتكەن دەۋرىدە.

## باغدا

باغدا شاپتۇل، تەكتە مەرۋايىت ئۈزۈم،
كىرگىنىمدە قامىشىپ كەتتى كوزۇم.
يالتىراپ تۇرغان لەزىز مۇنا قىدىن،
بىرنى سالسام تولدى ئاغزىم (راستسوزۇم).
دىدى باغۋەن: بەركە بەردى باققىمۇ،
پارتىيە تۈزگەن يېڭى دانا تۈزۈم.

## بۇلاق ئىلھامى

ئېخ! گۈزەل مارجان بۇلاق، سوسەر بۇلاق،
بويلىرى گۈل، پۈرىغى ئەنبەر بۇلاق.
كىم بولار زەمزەمگە مۇھتاج، سەن تۇرۇپ؟
سۆلىرىڭ ئابى ھايات - كەۋسەر بۇلاق.
ياشنىتىپتۇ ساھىلىڭنى تەر تۆكۈپ،
بۇندا ئۆسكەن قىز-يىگىت قەيسەر، بۇلاق.

## ئوپال دېھقانلىرى

بۇ دىيارنىڭ خەلقى مېھماندوست ئىكەن،
يېيىشى ئاق ناك بىلەن سان گوش ئىكەن.
بىلىكىگە قايتىدىن تولغاچ مادار،
تاغداكەتمەن چېپىشى "گۈس-گۈس" ئىكەن.
سىردىشىپ ئەھۋال ئۇقۇشتۇم: ھەممىسى-
بەختىيار يېڭى زاماندىن خوش ئىكەن.

## ئوپالدا كەچ

پاھ! ئوپالنىڭ كېچىسى قانداق پۈزۈر،
ساپ ھاۋاسى بەخش ئېتەر جانغا ھوزۇر.
توك چىراق ئۆچمەيدىكەن تاڭ ئاتقىچە،
كۆرىسەن ھەر كۈنى كىنو، تېلېۋىزور.
نە قىلۇرسەن چوڭ شەھەرنى ئارزۇلاپ؟
بۇ دىيار قەلبىمگە قوزغايدۇ غورۇر.

## خوش، ئوپال

خوش! قەدىم يۇرت، گۈللىگەن دىيار ئوپال،
قالدى مەندە تەسىرىڭ بىسيار ئوپال.
ئۆرلىگىن ئالغا، روناق تاپ تېخىمۇ،
ساڭا ھورلۇق مەڭگۈ بولسۇن يار، ئوپال.
كېلىمەن يوقلاپ يەنە بولسا نېسىپ،
چىن دىلىمدىن مەن ساڭا خۇشتار ئوپال!

1982 - يىل سېنتەبىر، ئوپال.

# ئۈچ تاققا نەزەر

(مارالۋېشى ئاچىلىدىكى ئۈچ تاققا بېغىشلىما)

مىرزايىت كېرىمى

كۆرىنەر يىراقتىن مەرمەردەك چاقناپ،
باياۋان كۆكسىدە چوقچىيىپ ئۈچ تاغ.
نە تاغ ئۇ؟!
ھەيۋەتلىك ئۈچ چوڭ مەقبىرە،
گىگانت قەد كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ ھەر چاغ.
كۆرىنەر ئاق - قىزغۇچ شايە يوپۇقتەك،
ئۈستىنى قاپلىغان تۇمان ھەم تۈتەك.

بۇ ئالىم فارابى، مەھمۇت قەشقىرى،
يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ بۈيۈك قەۋرىسى!
بەرق ئۇرۇپ ئىجادى ھىممەت كۆكىدە،
ئۈچ تاققا ئايلانغان ئۇلار كەۋدىسى!
ئۆتكىن ئەي يولۇچى باش ئېگىپ ئاڭا،
چۈشكەندۇر مىڭ يىللىق نەزىرى ساڭا.

ئانا يەر كۆكسىدە تۇرار مۇقەددەس،
كار قىلماس ئۇنىڭغا جۇدۇن شەمشىرى.
كار قىلماس پەلەكنىڭ ئوق يامغۇرى ھەم،
كار قىلماس جاھالەت، زۇلمەت خەنجىرى.
تارىخنىڭ شاھىدى بولۇپ مەردانە -
تۇرار كىم تىلەكلەر ئاڭا پەرۋانە.

قارايمەن ئۈچ تاققا - كۆككە تاقاشقان،
دانلايدۇ نەزىرىم قۇشلىرى ئۇندا.
تۇرار شۇ قەۋرىلەر كۆلەڭگۈ تاشلاپ،
ئادەملەر قەدىمى ئۈزۈلمەس يولدا.
مەڭگۈ شۇ يوسۇندا بوي تارتىپ تۇرار،
بەخش ئېتىپ ھەر باققان كۆزگە ئىپتىخار.

# ئىجادىڭغا ۋارىسمەن، بوۋا

مەمتىمىن ئەخمەت

مەھمۇت بوۋا، ئالتۇن قامۇسىڭ
جۇلالايدۇ قولۇمدا مانا.
ياش يۈرەكتە قايناق ئەقىدەم
دەريا بولۇپ ئاقىدۇ ساڭا.
مەن كۆيلىسەم سېنى ئۇلۇغلاپ،
تاشار سۆيگۈم دىلدىن بۇلۇقلاپ.

سەن ياشىدىڭ بۈركۈتتەك مەغرۇر،
قانات قېقىپ ۋەتەن كۆكىدە.
يادىكار بوپ قالدى ئىجادىڭ،
نۇردەك پارلاپ ۋەتەن ھوسنىدە.
سەن غۇرۇرى ئانا خەلقىمنىڭ،
ھۆرمىتى كۆپ ساڭا خەلقىمنىڭ.

قامۇسىڭنى ئوقۇسام ھەردەم،
كۆكتە يۇلتۇز يانار چاراقلاپ.
ھەر ۋۇرىدىن تاپسام كۈچ - ئىلھام،
ياش يۈرۈكۈم كۆلەر پاراقلاپ.
شۇڭا «دىۋان» دىسە شوخ تىلىم،
ئىرىپ كېتەر قەن بولۇپ دىلىم.

مەھمۇت بوۋا، ئالتۇن كىتاۋىڭ،
ئەپ كەلدى شان - شوھرەت ۋەتەنگە.
مىراسخور بوپ ئىجاتچان نەسلىڭ،
تۆكمەكتە تەر ئانا گۈلشەنگە.
ئەلگە بەردىڭ ئىلھام جەۋھىرى،
مەرىپەتنىڭ بۇلاق كەۋسىرى.

ئۇلۇغ بوۋا، نۇرلۇق قامۇستىن
سەن تىكلىدىڭ يىقىلماس مۇنار.
تۇرسام ئەبەت سېنىڭكى ئوغلۇڭ،
مەن نىچۇنكى سەزمەي ئىپتىخار.
ئىجادىڭغا ۋارىسمەن، بوۋا،
پاك سۆيگۈمنى ئاتايمەن ساڭا.

سەن تۇغۇلغان تۇپراقتا، بوۋا،
مەن بارىمەن ئىزىڭنى بويلاپ.
مەن بارىمەن ئىجادىم بىلەن،
سەن ئوقۇغان ناخشىنى تۇۋلاپ.
قولۇمدا بار ئىجادىڭ، بوۋا،
تارىخىڭغا مىڭ يىللار گۇۋا.

(بېشى 63 - بەتتە)

چىقىش ئۈچۈن قانچىلىغان قارلىق تاغلار ، مۇزلۇق داۋانلار ، باياۋان-دەشتلەردىن ئوتۇشكە توغرا كەلگەندۇ ؟ ! قانچە - قانچە كېچىلەر ئۇيقۇسىز تاڭغا ئۇلانغاندۇ؟ ! قانچىلىك ۋاقىت ، قانچىلىك مۇشەققەتلەرنى باشتىن كەچۈرگەندۇ؟!بۇ قانداق چىدام، قانداق ئىرادە ! قانداق ئۇلۇغ ئىستەك ! ...

بۇنى ئىزاھلاشقا تىل ئاجىزلىق قىلىدۇ، بۇنى خەلقىمىزنىڭ مۇنۇ بىر كوبلىت قوشىقى بىلەن ئىزاھلاپ، ئۆزەمنىڭ ھايجانلىق ھىسسىياتىمنى قەغەز يۈزىگە چۈشۈرمەكچىمەن :

جاپانى كىم تولا تارتسا ،
گوھەرنى شۇ ئالار تاشتىن .
گوھەرنى ئالغىچە تاشتىن ،
نى ئىشلار ئۆتىدۇ باشتىن .

# ئۇلۇغ قامۇس

(نەسىر)

ئابلىز نىياز

مەن پەخىرلەنمەكتىمەن، ھاياجانلانماق -
تىمەن!
ھاياجاندىن كوز چاناقلىرىمدا ياش بۇل-
دۇقلىماقتا. گويا ماڭما كۇچىدىن يەر زىل-
زىلىگە كەلگەندەك، بىر غايىۋانە كۇچ ۋۇجۇ-
دۇمنى لەرزىگە كەلتۇرمەكتە. بۇ غايىۋانە
كۇچ — بوۋام مەھمۇتنىڭ روھى، ئەنە
شۇ مىڭ يىل مۇقەددەم ئىلىم - مەرىپەت
ئاسمىنىدا پارلىغان چولپاننىڭ بىزگە يې -
تىپ كەلگەن پارلاق نۇرى.
ئەنە، ئۇلۇغ ئالىمنىڭ ئاجايىپ تالانتى،
ئاجايىپ غەيرىتى، ئاجايىپ ئىجادىي مېھ-
نىتى، ئاجايىپ سەنئەت ئىختىراسى ۋە يۇك-
سەك مىللىي غورۇرىنىڭ مىۋىسى - ئەبەدى
يادىكارلىق، تۇگۇمەس - پۇتمەس بىر باي .
لىق،ئۇلۇغ توھپە، ئۇچمەس مىراس — «تۇر-
كى تىللار دىۋانى».
قولۇمدا قامۇس، قەلبىمدە چەكسىز سۆيۇ-
نۇش، خۇددى نامى - ئەمالى ئۇچكەن، دى-
دار كورۇشۇشتىن ئۇمىت ئۇزگەن، بىراق
تەبەئىي ئىرسىيەتلىك سېغىنىش ئوتى يۇرەك
باغرىنى مەڭگۇلۇك دەرت - ئەلەم بىلەن يا-
رىلاندۇرغان، سۆيۇملۇك كىشىدىن تاسادىپى
كېلىپ تەككەن ۋىسال خېتىنى تاپشۇرۇپ
ئالغان ئادەمگە ئوخشاش بىر ھالدا، ئۇنىڭ
ئىچى - تېشىغا ئوز كوزىگە ئوزى ئىشەنمە -
گەن كىشىدەك باقماقتىمەن، ئۇنى باغرىمغا
باسماقتىمەن. ئىھ، قەۋەت - قەۋەت توپا
دوۋىسىگە كومۇلگەن گوھەر، چىرىندىلەر ئى-
چىدە دات باسماس ئالتۇن، يىللارنىڭ بو-
ران - چاپقۇنى ئۇپرىتالماس، يىقىتالماس
مۇنار، جاھان مەدەنىيەت غەزىنىسىنىڭ
بوينىغا ئېسىلغان تىل تۇمار، سەن ئەسىرلەر
بويى ئەۋلادلار قەلبىدە ياشاپ كەلدىڭ. بىز
سېنىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكىڭگە ئىشەنسەكمۇ،
قاچان دىدار كورۇشىدىغانلىقىمىز بىقارار
ئىدى. قانچىلىغان پەرھاتلار سېنىڭ ئىش -
قىڭدا ھىساپسىز تەر توككەن بولسىمۇ، ئى -
لىم - پەننىڭ مۇزدەۋرى ئەسلا ئىمكان بەر-
مىدى. سان - ساناقسىز ئەۋلادلار ۋىسال
ئارزۇسىغا يېتەلمىدى. بۇگۇن دەۋر شامىلى -
نىڭ سېنى قۇملار دوۋىسىدىن تېپىپ چىق -
قانلىقىغا بارىكاللا! سېنى قېزىش، ۋۇجۇتقا
چىقىرىش يولىدا كۇرەشكۇچى ئەزىمەتلەرگە
ھەشقاللا!!
قولۇمدا قامۇس، كوڭلۇمدە بىر ئوتلۇق
ئىشتىياق. ھېسسىياتىم شىددەتلىك ئېقىمدەك
ئۇركەشلىمەكتە. خۇددى ئېچىققان كىشى غى-
زاغا ئىنتىلگەندەك، غايەت ھېرىسمەنلىك ۋە ئا-
جايىپ مەنىۋى ئىشتىھا بىلەن ئۇنى قۇرمۇ-
قۇر كورمەكتىمەن. كوڭلۇم تولپارى نەچچە
يۇز مىڭ يوللۇق ئۇزۇن مۇساپىلىق مەنزىل -

گاھقا شۇنداق تېز يېتىشمەكتىكى، مىڭ يىل
بۇرۇنقى تۈرك ئەللىرىنىڭ شەھەر - قىشلاق-
لىرىنى، تاغۇ - دەريالىرىنى، ئۆتلاقلىرىنى
كەزمەكتىمەن. بوۋام مەھمۇت ۋە ئۇنىڭ زا -
مانداشلىرى بىلەن غايىۋانە كورۇشۇشكە مۇ-
يەسسەر بولغانلىغىم ئۈچۈن بەختلىكمەن .
مەن شۇنىڭغا ھەيرانلىقتا ئاپىرىن ئوقۇي -
مەنكى، قاراخانىلار دەۋرىدىكى پۈتكۈل تۈر-
كى خەلقلىرىنىڭ ئىقتىسادىي ھاياتى، مەئى-
شەتلىرى، دىنى ۋە تۇرمۇش ئۇرپى - ئادەت -
لىرىنى؛ مەدەنى ھاياتى، ئېقىل - پاراسەت-
لىرى، ئىسىل پەزىلەتلىرىنى، ئىلىم - پەن،
سەنئەت ساھەلىرىدىكى مۇۋەپپەقىيەتلىرى،
پەلسەپىۋى - ئەخلاقى چۈشەنچىلىرىنى؛ ھا-
كىمىيەت ۋە سىياسەت يۈرگۈزۈش تەدبىرلى-
رىنى، جەڭ ماھارەتلىرىنى، دېخانچىلىق، قول
سانائەت ، سودا سېتىقلىرىنى ؛ دولەت تى-
رىتورىيىسى ، دىپلوماتىيىسى ۋە جۇغراپىيە-
لىك ئورنى ۋە تەبئى مۇھىتلىرىنى ؛ زا -
مان قەھرىمانلىرىنىڭ ئوبرازلىرىنى، قىسقى-
سى ، ئونىنچى ئەسىردىن ئون بىرىنچى ئە-
سىرگىچە بولغان ئۇيغۇرلارنىڭ جۈملىدىن
تۈرك ئەللىرىنىڭ پۈتكۈل كارتىنىسىنى ،
بولۇپمۇ ، قاراخانىلار جەمىيىتىنىڭ قىيا-
پىتىنى لۇغەتشۇناسلىق يولى ، جانلىق تىل
ماتىرىيالى ئارقىلىق زامانىسىغا نامايەندە،
كېيىنكى ئەۋلادىغا خاتىرە قىلغان، پۈتكۈل
دانىشمەنلىرىنى تەئەججۇپلەندۇرگەن ، يېگى-
لىق بىرىشتە كامالىغا ، گۈزەللىكتە قىيا -
سىغا يەتكەن بۇ ئەسىرى ئۈچۈن، بۇ ئۇلۇغ
ئالىمغا تەشەككۇرلەر ياغسۇن !

قولۇمدا قامۇس ، خىيال تەپەككۇرۇم بى-
پايان سامادا پەرۋاز قىلماقتا. ئىلىم - ھىك-
مەتنىڭ ئاجايىپ شىرىن لەززىتىدىن ھو -
زۇرلانماقتىمەن . شۇدەمدە دۇنيادا بۇنىڭ -
دىن ئارتۇق لەززەت باردىسە ئىشەنگۈم كەلمەس.

پارلاق غايە ، يۈكسەك تالانتىنىڭ
يول باشلىغۇچىسى ، ئۇلۇغ مەقسەت ، ئۇلۇغ
كۈچىنىڭ مەنبەئى ، قاراخانىلارنىڭ گۈل -
لەنگەن ئىقتىسادىي ۋە يۈكسەك مەدەنى ھا-
ياتى ئۇنىڭغا مىللى ئىپتىخارلىق غۇرۇرىنى
بەخش ئەتتى. بۇ غۇرۇر ئۇنىڭدا زامانىسـ
دىن ئەۋلادىغا بىر ئۆلمەس ئورنەك قالدۇ -
رۇش ئىستىكىنى ئويغاتتى. ئەينى زاماندا-
" تۈرك تىلى بىلەن ئەرەپ تىلى بەيگىگە
چۈشكەن ئىككى ئاتقا ئوخشاش چېپىپ كېتـ
ۋاتاتتى " ، لېكىن، ئەرەپ تىلىنىڭ تېگىدە
"ھوقۇق ئېتى " ، تۈرك تىلىنىڭ تېگىدە
"ئىقتىدار ئېتى " بار ئىدى. ئىقتىدارلىق ئا-
نا تىلىنىڭ ئەۋزەللىكىنى ئوتتۇرىغا چىقى -
رىشنى تۈرك ھاكىمىيىتىنىڭ كۈچ - قۇدرى-
تى ۋە ئىستىقبالى بەلگىلىگەن ئىدى . بۇ
مەۋجۇت رېئاللىقنى ئۇلۇغ ئالىم داھىيانە ئې-
قىل پاراسەت بىلەن كورۇپ يەتتى ، ھەمدە
رېئال ئېھتىياجنى يۈكسەك ئارزۇغا ئايلاندۇ-
رۇپ لۇغەتشۇناسلىق بىلەن پۈتكۈل جەمىيەت-
نى سۈرەتلەشنى بىرلەشتۈرۈشنى نىيەت قىل-
دى. لېكىن، بۇ تېخى دۇنيادا ھېچكىم ماڭ-
مىغان ۋە مېڭىشنىمۇ ئويلاپ باقمىغان ناھا-
يىتى مۇشەققەتلىك يول ئىدى . بىراق ئۇ-
لۇغ ئىستەك ئالىمغا چەكسىز ئىرادە ، كۈچ-
قۇدرەت بەخش ئەتتى. قارىسا كوز ، ئويلى-
سا پىكىر يەتمەيدىغان روم ئولكىسىدىن ما -
چىنغىچە بولغان ئۇزۇنلىقى ئوتتۇز بىر مىڭ ئىك-
كى يۈز، كەڭلىكى ئون سەككىز مىڭ يەتتە يۈز
ئەللىك كىلومېتىر بولغان تۈرك ئەللىرىنىڭ
شەھەر - قىشلاقلىرىنى كېزىپ، تۈرك، تۈرك-
مەن ، ئوغۇز ، چىگىل ، ياغما ، قىرغىزلار-
نىڭ سوزلىرىنى ۋە قاپىيىلىرىنى ئېنىقلاپ

(داۋامى 61 - بەتتە)




( ھىكايە )

سەييىت زۇنۇن

ھەقىقەت ئىگىلىدۇ، سۇنمايدۇ.

( ئۇيغۇر خەلق ماقالى )

كوچىدا كېتىۋېتىپ، ئۇتتۇرا خەلق سو-
دىنىڭ بىر ئېلانىنى كۆرۈپ قالدىم. ئۇنىڭ-
دا سائەت ئىككىدە ئوچۇق سوت ئېچىلىدى-
غانلىقى يېزىلغان ئىدى. سائىتىم ئۇچتىن
چارەك ئۆتۈپتۇ، كېچىككەنلىكىمنى ھېس
قىلدىم. ئەمما نىمىلا بولمىسۇن كۆرۈپ بې-
قىش ھەۋىسى مېنى زالغا ئىنتىلدۇرۇپ تۇ-
راتتى.

شۇنچە چوڭ، ئازادە زالدا بىكار ئورۇن-
دۇق كۆرۈنمەيتتى. ئەل قاتارى ئارقىدا
بىر دەم ئۆرە تۇرغىنىمدىن كېيىن،
پۈتۈمنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ
ئالدىغا سىلجىدىم. شۇئان تونۇش بىرسى
قېشىمدا پەيدا بولدى-دە، قولۇمدىن تارت-
قان پېتى ئالدىنقى رەتتىكى بىر بىكار ئو-
رۇندۇقتا ئولتۇرغۇزۇپ قويدى. مەن سەھنى-
گە كۆز تاشلىدىم. سەھنىنىڭ سول تەرىپى-
دىكى جاۋاپكار تۇرىدىغان ئورۇن-ياشە-
كىللىك رىشاتكا ئىچىدە، ئىگەك-بۇرۇنلى-
رى سۇتلۇك ئوشكىنىڭ يېلىنىدەك ساڭگى-
لاپ تۇرغان يۈز گوشلىرى ئارىسىدا كۆرۈن-
مەي قالغان پاكارغىنا بىرسى تۇراتتى. ئۇ-
نىڭ تۇزلۇق قاپاقتەك بېشى سامان تىققان
تاغاردەك پومپىيىپ تۇرغان قوسۇغىغا تى-
گەي دەپلا قالغان ئىدى، ساقچىلار ئۇنىڭ
دولىسىدىن يەڭگىل تۇتۇپ، گەۋدىسىنى پات-
پات تۈزلەپ قوياتتى. جىنايەتچىنىڭ بۇ ھا-
لى كۈلكەمنى قىستاپ قويدى. مەن ئالقىنىم



بىلەن ئاغزىمنى تىۋۋا قىلاپ، لەۋلىرىمنىڭ
تارتىششىنى توختىتا تقىنىمەدىن دېيىن، يې-
نىمدا ئولتۇرغان كىشىنىڭ پېشىمدىن ئاستا
تارتتىم:
— سەۋەپچى قاتىل كونتىربانت خالىق
دېگەن شۇمۇ؟
— ياق! - ئۇ بېشىنى چايقىدى، - ئۇنىڭ
ئىسمى سىدىقوپ!
مەن ھەيران قالدىم. چۈنكى، ئالدىنقى
كۈنى بىرسى خالىق ئۈستىدىكى ئوچوق سوت
دەل مۇشۇ سائەتتە داۋاملىشىدۇ، دېگەن ئى-
دى. شۇڭا، سوراشقا مەجبۇر بولدۇم:
— بۇ قانداق گەپ؟
ئۇ ھىڭگىدا بىرنى كۈلۈپ، ئاغزىنى قۇ-
لۇغۇمغا يېقىن ئەكەلدى.

1

— ئەمسە گەپ شۇنداق بولسۇن، ئۇختى-
ڭىزمۇ ؟
— ئۇختۇم، خالىقكا، مەن ......
— ھە، مەن دەيىسىزغۇ ئۇكام، - خالىق
قولىدىكى ئالاقىدىن كوزىنى ئۈزۈپ، ئۇدۇ-
لىدا - شىرەنىڭ ئۇ تەرىپىدە ئورە تۇرغان
رىزىۋانغا قاراپ كۈلۈمسىرىدى، - ھالىڭىز
شۇنچىلىكمىدى ؟ فورقىمەن دەڭا!
— ياق، ئاكا! - رىزىۋان كېسىپ ئېيتتى،-
مىنىڭ كارامىتىم چاغلىق. بىراق، سىز رەھ-
بىرىي كادىر، ئۇنىڭ ئۈستىگە سىدىقوپ جىگ-
لى بىلەن ئازدۇر - كوپتۇر تۇققان كىلىسلەر،
ئاڭلىسام ئۇتېخى سىزنى پارتىيىگە تونۇشتۇر-
غۇچىنىڭ بىرى ئىكەن، بولۇم باشلىقلىقىغا
ئوسۇشىڭىزدىمۇ ئۇنىڭ ئەجرى ھەممىدىن
كوپمىش ، سىزگە ئەپسىز بولارمىكى ، دە -
ۋاتىمەن ...
—يامان قىزدە ! ھا... ھا ... ھا......
خالىق قاھقاقلاپ كۈلگىنىچە دەرىزە ئال-
دىغا كەلدى . يىراقتا تۈرلۈك يىمەك -ئىچ-
مەكلىكلەرگە ئىش قوشۇش زاۋۇتلىرىنىڭ
تۇرخۇنلىرىدىن كوتىرىلگەن بولۇق ئىس
كوكتە ئۈزۈپ يۈرگەن بۇلۇتلار قاتلىمىنى
تولۇقلىماقتا ئىدى ؛ سىخلار ئارىلىقىدىكى
تار يوللاردا قول ھارۋىسى سورىگەن ، ئىت-
تىرگەن ئىشچىلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيتتى .
ئۇلار سىخ - سىخلارغا خام ماتىريال تو -
شۇۋاتاتتى ياكى يېڭى مەھسۇلاتلارنى ئام -
بارلاشتۇرماقتا ئىدى ؛ سىخ دەرىزىلىرىدىن
قاڭقىغان تاراق - تۇرۇق ، گۈلدۈر - گۈلاپ
ئاۋازلار يىراقتىن - يىراققا ئاڭلىنىپ تۇ -
راتتى . خالىق بۇ مەنزىرىگە گويا تۇنجى
رەت كوزى چۈشكەندەك يېنىشلاپ قاراپ قوي-
غاندىن كېيىن ، ئوپكىسىنى تولدۇرۇپ تىن -
دى ۋە شاققىدا يانغا بۇرۇلۇپ دېدى:
—سىڭلىم رىزىۋان ، ئۇلار خەخنىڭ پوس-
تۇمىسىدا تەرلەنمەكچى . ھالبۇكى ، " 4 كى-
شىلىك گۇرۇھ " ئەرۋايىنى تاپقىلى خېلى
يىللار بولۇپ قالدى . ئەمدىلىكتە دولەتنىڭ

مەبلىغىنى بـۇزۇپ ـ چېچىـشقا بولـمـايدۇ ؛
ئۇنىڭ هەر بىر سومىـنى ئىشچـىلار ئىككى
بىلىگىگە تايىنىپ ، مەرۋايىتتەك تەرلىرىنى
توكۇپ ياراتقان . سىدىقوپ بىلەن رەجەپلەر
بۇنى بىلمەيدۇ ئەمەس ، شۇنداق تۇرۇغلۇق
بىزگە بۇيرۇق چۇشۇرۇپتۇ . " هەممە ئىشنى
موللا بىلە ، موللا قوپۇپ كولگە سىيە " دى ـ
گەن شۇدۇ ، بەلكىم . مەن ئۇلار بىلەن سوز ـ
لىشىپ باقاي دەيمەن ، ياخشى نىيىتىم ئال ـ
قىشقا سازاۋەر بولۇپ قالسا هەجەپ ئەمەس ،
بولمىسا ، هەر قايسىڭىز ئوز دېيىمىزغا ئۇ ـ
سۇل ئويىنىمامدۇق ، قانداق دىدىما ؟

ـهى… هى… هى… ـ رىزىۋان قوڭ ـ
غۇراقتەك زىل ئاۋازىنى قويىۋىتىپ كۇلۇ ـ
ۋەتتى ، ـ خالىقكا سىز راستىن قىزىق ئا ـ
دەم جۇمـۇ !

ـكاككۇك بىلەن زەينەپ كۇپ ـ كۇندۇز ـ
دە نىمە قىلىۋاتىسلە ؟ ئەزىمەت ئىككى قو ـ
لىنى قىرلىق شىمىنىڭ يانچۇغىغا تىقىقان
پېتى ئالچاڭلاپ كىرىپ كەلـدى ، ـ مانـا ،
خالىق كېجاڭ قىرىغىنىنى تۇيىمىسا ، سىز
ئىككى بالىنىڭ ئاتىسىنى كوزگە ئىلمىسە ـ
ڭىز ، تازا گەپكەندە بۇ ! ها… ها… ها…
ئەسقەرگە ئېيتىپ قويىمەن جۇمۇ…

ـۋىيەي ، ماۋۇ ئەزىمەتىنى ، ـ رىزىۋان
ۋىللىدا قىزىرىپ ئوزىنى چەتكە ئالدى ، ـ
قارىڭا خالىقكا ، ئۇ نىمە دەۋاتىدۇ ؟

ـ چۇشىدە ئەكىسىنى كورۇۋاتىدۇ……

ـها… ها… ها… ، چاقچاق قىلدىم ـ
چاقچاق ، ماۋۇ تەۋاز قىزغۇ پۇك كوتەرمەي ـ
دۇ ، سىزمۇ توت سەر پاختىدەك يەڭگىپ
قاپسىزدە ، مېنىڭ مۇشۇ ئاغزىمنى زە… ـ
ئەزىمەت شەپكىسىنىڭ ئارقىسىدا ئودەك قۇي ـ
رۇغىدەك دىڭگىيىپ تۇرغان چېچىنى سىلاپ
قويۇپ شىرەگە يېقىنلاشتى ، ـ هە ، راست ،
چاقىرتىپتىكەنسىز ، كىرىۋىدىم ، نىمە زو ـ
رۇر ئىش بار ئىدى ؟

ـ ئولتۇرۇڭ ، ئولتۇرۇپ پاراڭلىشايلى ، ـ
خالىق يېنىدىكى ئورۇندۇقنى ئىشارەت قىلدى ، ئۇنىڭ ئالدى ـ
غىراق سۇرۇپ قويدى ، ـ بۇنى كورۇپ بې ـ
قىڭ ، ئىشخانىنىڭ ئوقۇتۇرۇشى ئىكەن ،
ئاندىن پىكرىڭىزنى قوبارسىز .

ـ ئۇنى مەن تۇنۇگۇنلا كورگەن ، ـ ئە ـ
زىمەت قەغەزگە قاراپمۇ قويماستىن ياندۇ ـ
رۇپ سوردى ، ئۇنىڭ يەنە مۇزاكىرە قىلى ـ
دىغان نىمىسى بار ؟ ئىشخانا ئوقۇتۇرۇش
يېزىپتۇ ، سىدىقوپكام " قوشۇلىمەن " دەپ
تەستىق ساپتۇ ، ئەمدى نوۋەت سىزنىڭكى ،
ئىمزايىڭىزنى قويۇپلا بەرسىڭىز مەن دەپتەر ـ
گە ئولتۇرغۇزىمەن ، رىزىۋان مىمرالنى چەك ـ
تىن بىرنى يازىدۇ ، مال سېتىۋالغۇچى ئە ـ
تىلا ماشىنىسىنى ئېلىپ كىلىدۇ ـ دە ، چوڭ
باشلىقنىڭ قېشىدا ئولتۇرىسىز ، ها…ها…
ها …

ئەزىمەت كوزلىرىنى ئوينىتىۋېتىپ ، ئاپپاق
قوللىرىنى گاه شوپۇر رول تۇتقاندەك قىيا ـ
پەتتە هەركەتلەندۇرۇپ ، گاه ئالىلا قانداق
قىياپەتتە يۇقۇرى ـ تووەن قىلىپ سوزلەيت ـ
تى . خالىقنىڭ تېنى " جۇغ " قىلدا يىرگى ـ
نىپ ، يۈزلىرىدە قارا بۇلۇت ئەگىدى ، رى ـ
زىۋان تۇمشۇغىنى پۇرۇشتۇرۇپ قويدى ، ئە ـ
زىمەت تېخىچە سوزلىمەكتە ئىدى ، خالىق
مۇراجىئەت قىلدى :

ـئۇكام ئەزىمەت ، دەيدىغىنىڭمۇ بىر يەر ـ
گە بارغاندۇ ، ئەمدى ماڭا قارا ، سەن بول ـ
ساڭ بوغالتىر ، رىزىۋان كاسسىر ، مىنى
ئوزەڭ بىلىسەن …

ـ مالىيە بولۇمىنىڭ كېجاڭى دەڭـا ،
كېجاڭ …

ـ توختاڭ ئۇكام ، گېپىم تۇگىمىدى ،

شۇنچە چوڭ شىركەتنىڭ ئىقتىسادىي جان
تومۇرى بىزنىڭ قولىمىزدا ، بىزگە ئۇنى
پارتىيە تۇتقازغان ، ئىشچىلار تۇتقازغان !
بىز مالىيە خادىملىرى ئۇلار ئۈچۈن پوستتا
چىڭ تۇرۇپ ، قاراۋۇللۇق بۇرچىمىزنى ئادا
قىلىشىمىز كېرەك . قېنى ئۆزەڭ بۇنىڭغا
نىمە دەيسەن ؟

—مەن ... ھە، ھېلىقى ... — ئۇشتۇمتۇت
بىردىگەن سوئالدىن مەڭدەپ قالغان ئەزد—
مەت دۇدۇقلاپ قالغان ئىدى . ئۇ قىمىرلاپ
قويۇپ ، كالتە يەڭلىك ، ھاۋا رەڭلىك ند—
لۇن كوينىگىنىڭ مەيدە يانچۇقىدىن بىر—
تال « داچيەنمېن » تاماكۇ ئېلىپ تۇتاش—
تۇرغاندىن كېيىن ، داۋاملاشتۇردى، — شىر—
كىتىمىزدە ھەممىمىزنىڭ ئۈستىدىكى قاراۋۇل
سىدىقوپ، ئۇندىن قالسا رەجەپ ئاكا، سىز
ئۈچىنچىسى، بىز بولساق قۇيرۇق چورىگۈچ
مىنىگىچە، ھەممىدىن چوڭىنىڭكى ھېساپ.
ئازچىلىق كوپچىلىككە، توۋەن يۇقۇرىغا بوي—
سۇنۇش پرىنسىپى بار ئەمەسمۇ؟ قاناداق
دىدىم، قىزچاق، قېنى سىزمۇ موروپ بېقىڭا؟

— مەن ئۇنداق پۇلغا چەك يازالمايمەن،
مورىدىم بولدىمۇ ؟! — رىزۋان تىرىككتى،—
ئاغزىڭىزغا بېقىپ سوزلەڭ، مورىگىنى مەن
كالا ئەمەس، ئادەم جۇمۇ!

— بولدى، بولدى......

ئەزىمەت قولىنى سىلكىپ چىقىپ كەتتى،
خالىق بىلەن رىزۋان، بىر — بىرىگە قارى—
شىپ تۇرۇپ قىلىشتى.

2

ئەپچىل سەرەمجانلاشتۇرۇلغان بەخسۇس—
كوركەم ئىشخانىدا ئۈچلا كىشى ئولتۇراتتى.
ئۇلار بىردەم تاغدىن — باغدىن پا—
راڭلاشقاندىن كېيىن سىدىقوپ ئىشخانا مۇ—
دىرى رەجەپكە قاراپ ئوڭ كوزىنى قىسىپ

قويدى. رەجەپ يېشى قىرىق بەشلەرگە يې—
قىنلاشقان، ئوتتا بوي، ئاق پىسما قىنا كەل—
گەن كىشى ئىدى؛ ئادەتتە، چوڭلارنى ھور—
مەتلەپ، كىچىكلەرگە خىزمەت قىلىشنى ئانچە
راۋا كورمەيتتى، ئۇ، گۇللۇك ئىستاكاندىكى
قۇيۇق دەملەنگەن چايدىن بىر يۇتۇم ئوت—
لۇۋېتىپ، ئەتەي سورىدى:

— يولداش خالىق، ھېلىقى پۇلنى ماڭ—
دۇرۇۋەتكەنسىلەر؟

— ياق تېخى.

— نىمىشكە ؟

— يۇقۇرىنىڭ بەلگىلىمىسىگە ئۇيغۇن
ئەمەس، شۇڭا...

— توختاڭ! سىز بىلگەننى بىزمۇ بىلى—
مىز، ئېيتىپ بېقىڭا، نەدە شۇنداق ئىدارىلار
كىچىك ماشىنا سېتىۋالمىسۇن، دىگەن بەل—
گىلىمىلەر بار؟!

— بار! — خالىق كېسىپ ئېيتتى، — گو—
ۋۇيۇەنىنىڭ ئەڭ يېڭى يولىيورۇغىدا پىلانى—
نىڭ سىرتىدا پۇل خەجلەشكە، غەيرى ئىش—
لەپچىقىرىش خاراكتىرىدىكى ئىشلارغا پۇل
سەرپ قىلىشقا مۇتلەق يول قويۇلمايدىغان—
لىقى كورسىتىلگەن. بىرىنچىدىن، بىز كى—
چىك ماشىنا سېتىۋېلىش توغرىسىدا يۇقۇرى—
غا پىلان تەستىقلاتمىدۇق؛ ئىككىنچىدىن...

— ھا ... ھا ... ھا ... — سىدىقوپ
كۇلۇۋەتتى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ گوشلۇك قاپاق—
لىرى ئاستىدىكى بۇرۇك كوزلىرى يۇمۇلاپلا
قالغان ئىدى. ئۇ كۇلكىسىنى ئاران توختۇ—
تۇپ سوز قاتتى، — يولداش خالىق، سىز—
نىڭ دىگىنىڭىزمۇ راست، بىزنىڭ ئېيتقىنى—
مىزمۇ يالغان ئەمەس، ھازىر، ھەر جاي
ئۆزىنىڭ ئەمىلى ئەھۋالىغا قاراپ ئىش
كورۇش، جانلىق ئىش بىجىرىش تەكىتلىنى—
ۋاتىدۇ، بىزمۇ ئۇنىڭ سىرتىدا ئەمەس، ئەل—
ۋەتتە. ئۆزىڭىزگە مەلۇم ، شىركىتىمىزنىڭ

دائىرىسى كەڭ، زاۋۇتلار، دۇكانلار تىنارقاق،
بىرەر كىچىك ماشىنا بولمىغاچ كوپ ھاللار-
دا ئايلىنىپ تۇرالماي ۋاتىمىز، شۇ قاتاردا
سىزمۇ بارغۇ دەيمەن؟ ـ ئۇ سەل تۇرۇۋې-
لىپ چۈشەندۇردى، ـ خوش، شۇ سەۋەپتىن
بىر جىپ ماشىنا ـ «شاڭخەي» پەر سېتىۋال-
ساق دىيىشتۇق. خوشنىلار ئۇنى بىزگە يېرىم
باھادا ـ يەتتە مىڭ سومغىلا سېتىپ بەر-
مەكچى بولۇشتى، قارىماسىز، ھەم ئەرزان
ھەم جايىدا كەلگەن سودا... بۇنىڭ نىمىسى
يامان دەيسىز!

ـ شۇنداق، ئۇنىڭ قىلچە يامان يېرى
يوق، بەلگىلىمىنگىمۇ تاقىشىپ قالمايدۇ.
ئۇنىڭ ئۇستىگە زامانىۋىلاشتۇرۇش ئورگان-
لارنىمۇ ئوز ئىچىگە ئېلىشى كىرەك. چەتئەل-
دە پۇخرالارنىڭمۇ پىكاۋى بارمىش، بىزنىڭ
شۇنچە چوڭ شىركىتىمىزدە بىرەر كىچىك ما-
شىنا بولمىسا پۇتۇن شىركەتنى زامانىۋى-
لاشتۇرۇشتىن قانداقمۇ ئېغىز ئاچقىلى بول-
سۇن! ئەۋەل باش، ئاندىن ئاياق. گېپىم
چۈشىنىشلىكمۇ؟

ـ چۈشىنىشلىك، تامامەن چۈشىنىش-
لىك!! لېكىن...

ـ ناھايىتى ياخشى، ئۇنداق بولسا مۇنداق
قىلايلى، سىدىقوپ خوشلۇقتا خالىقنىڭ گې-
پىنى ئالدىراپ بولدى، ـ ھازىرچە بىر يەر-
دىنلا ئاجراتقىلى بولمىسا، دولەتكە تاپشۇ-
رۇلغان پايدىدىن ئۇچمىڭ سوم، ئىشلەپچى-
قىرىش سەرپىياتىدىن ئۇچ مىڭ سوم، كار-
خانا پۇندىدىن مىڭ سوم چىقىرايلى. كۇنى-
گە نەچچە يۇزمىڭ سوم يۇرۇشۇپ تۇرىدىغان
بۇنداق ئورۇندا ئۇنچىلىك پۇل دىگەن نى-
مىتى؟ شۇنداق بولسۇن، سىز قايتىپ بېرىپ-
لا چەكنى ماڭدۇرۇۋېتىڭ.

بۇ ۋەزلەر خالىقنىڭ قۇلىقىغا گويا مۇش

ئۇرغاندەك ئاڭلاناتتى. ئۇ تۇرۇلگەن قاپاق-
لىرىنى لىككىدا كوتىرىپ، يانىمۇ ـ يان ئول-
تۇرۇشقان سىدىقوپ بىلەن رەجەپكە تىكىلدى.

ـ توغرا ئەمەس!ـ دىدى خالىق شۇكۇن-
گىچە ئىشلىتىپ باقمىغان تەلەپپۇزدا ئېنىق
قىلىپ، ـ دولەت مەركەزدىكى بىر نەچچە
كىشىنىڭلا دولىتى ئەمەس، پۇتۇن مەملىكەت
خەلقىنىڭ دولىتى. ئۇنى ئۇ بۇياقتىن، بۇ
ئۇياقتىن شىلىپ قۇرۇق ئۇستىخان قىلىپ
قويۇشقا ھېچكىمنىڭ ھەققى يوق؛ دولەت
«توت كىشىلىك گورۇھ» قالدۇرۇپ
كەتكەن جاراھەتنى داۋالاۋاتقان مۇشۇ يىل-
لاردا تېخىمۇ شۇنداق. مەن دولەتنىڭ بىر
پۇڭىنىمۇ تۇتۇپ قىلىشقا، ئىشلەپچىقىرىش
سەرپىياتىنى قايرىپ قېلىشقا قوشۇلمايمەن.



خالىق شۇنداق دەپلا ئورنىدىن دەس تۇ-
رۇپ، ئىشىك تەرەپكە مىڭىۋىدى، «جاڭ» قىل-

غان ئاۋاز ئىشخانىنى كوتىرىۋەتتى. بۇ سى-
دىقوپنىڭ كىرىسلو ئالدىدىكى چاي تاپرات-
قىسىغا ئۇرۇلغان مۇشتىنىڭ زەپتىدىن
چىققان ئەكس سادا ئىدى. خالىق
قەدىمىنى توختىتىپ ئارقىسىغا
قارىغاندا ئۇنىڭ غەزەپتىن يانغان كوزى ١
سىدىقوپنىڭ ئەلەمدىن قىزارغان كوزى بى-
لەن ئۇچرىشىپ قالدى، ئىككى كوز بىر - بى-
رىگە خەنجەردەك قادالغان ئىدى.

3

ئىككى يېقى رەت-رەت كادالڭسۇۋادان تېرەك-
لەر، چىنالار، گۇللۇكلەر، يېشىل چىملىقلار
بىلەن بېزەلگەن ئۇزۇندىن-ئۇزۇنغا سوزۇلغان
ئاسپالتلىق كوچا ۋە ئۇنىڭ بويىدا چوق-
چىيىپ تۇرغان ھەيۋەتلىك بىنالار ياز ئايلىرى-
نىڭ كەچكى شەپەق نۇرىدا گويا قىزىل دۇ-
خاۋا يوپۇق يېپىپ قويغاندەك كورۇنەتتى؛
بىنتۇن سىتولبىغا ئورنىتىلغان رادىيو كانايى-
لىرىدىن ياڭرىغان خوش ناۋا ناخشا - مۇ-
زىكا، دوغچىلار، موروژنىچىلار، باققاللار دۇ-
كانلىرىدىكى ئۇن ئالغۇ ئاۋازلىرىغا قوشۇ-
لۇپ شەھەرنى لەرزىگە كەلتۇرگەن ئىدى؛ كا-
ۋاپچىلار، سامسۇپەزلەر، قاسساپلار، مانتۇ-
پەزلەرنىڭ خېرىدار چاقىرىشلىرىمۇ تۇش -
تۇشتا ئاڭلىنىپ تۇراتتى. بۇچا قىچىلىغا يېچى-
لىق، نەغمە - ناۋالار خالىقنىڭ مەيلىنى تار-
تالمىدى. ئۇ، قەدىمىنى چوڭ - چوڭ يوت-
كەپ غولغۇندىن تېزلا ئايرىلدى - دە، توت
كوچا دوقمۇشىنى ئايلىنىپ ئوتۇپ، ئاسپا-
لىت يولغا چۈشتى.

خالىق گاھ «پارتىيىنىڭ ئىچكى سىياسى
تۇرمۇشىغا دائىر بىر قانچە مىزان» نى، گاھ
گوۋۋيۇەنىنىڭ مالىيىگە دائىر يولىيورۇقلىرى-
نى، گاھ سىدىقوپلارنىڭ يولسىزلىقلىرىنى
خىيالىدىن كوچۇرمەكتە. تۇن قاراپە دىسىنى

غاز قانىتىدەك كىرىپ، شەھەرنى ئوز ئىلكىگە
ئالماقتا ئىدى: كوكتە ئىمىر - چىمىر يۇل-
تۇزلار. پەستە ئېلېكتىر چىراقلىرى ئوزىگە
خاس نۇرىدىن يولوچىلارنى بەھىرلەندۇرۇپ
تۇراتتى. خالىق خىيال سۇرۇپ كېتىۋېتىپ
بىر تۇپ چىنار تۇۋىدە توختىدى. شۇ ئان
چىنار ئۇنىڭغا" كەل ، قېدىناس دوستۇم كەل!
تۇر قېشىمدا بىر مەھەل، بولۇرمەن دەردىڭ-
گە داۋا، يولۇڭدا دوست - ھەمرا» دەپ قوي-
نىنى ئېچىۋاتقاندەك تۇيۇلۇپ كەتتى. ئۇ چى-
نارنىڭ يېتىلگەن تېنىگە، ياپ - يېشىل يو-
پۇرماقلىرىغا بىر ھازا كوز تىككەندىن كې-
يىن، ئۇنىڭ يېڭىلا قوۋزاق تاشلىغان يېشىل
پوستىنى ئاۋايلاپ سىلاشتۇردى، ئاندىن بىر
تال تاماكۇ تۇتاشتۇرۇپ، بېشىدا كۇنلۇكسى-
مان ساڭگىلاپ تۇرغان شاخلارغا سوئال نە-
زىرىدە قارىدى: "ھەي چىنار،- دىدى ئۇ
پىچىرلاپ،- بالا چېغىمدا مۇشۇ ئەپتىڭ بى-
لەن تۇرغاندەك قىلاتتىڭ، مىنىڭ بېشىمغا
ئاق توز قونغىنى نەۋاخ، سەن بولساڭ يا-
شىرىپ، باراقسانلاپ كېتىۋاتىسەن، ئېيتقىنا
سەندە قانداق خىسلەت بار؟ خالىق سوزلى-
مەكچى ئىدى. خالتا كوچىدىن چىققان قۇيۇن
چىنار شاخلىرىنى پۇلاڭلىتىپ، ئالەمنى -
مالەم قىلىپ ئوتۇپ كەتتى. خالىق ھەيران
قالدى. چۈنكى، چىنار شاخلىرى، شۇنچە
قاتتىق سىلكىنگەن بولسىمۇ، ياپراقلىرى
ئوز بېغىشىدا مەزمۇت تۇرۇشاتتى. ئۇ، ئىشتتى:
"مانا، كورۇپ تۇردۇڭ، ھازىرلا قۇيۇن سوقتى،
ئەتە كۇز بورىنى سوقىدۇ، ئوگۇنلۇككە ئۇش-
شۇك يېتىپ كېلىدۇ، ئىندىللىققا قار باسىدۇ.
ئۇلار پەقەت ياپراقلىرىمنىلا توكۇۋېتەلەيدۇ!
مەن بولسام قەددىمنى رۇسلاپ تۇرىۋېرىمەن،
ئارقىدىن باھار تال - چىۋىقنى ئات ئېتىپ،
زىمىستانى قىشقا تاش ئېتىپ يېتىپ كېلىدۇ؛



مەن ئاغا ئىنىلىرىم بىلەن قول تۇتۇشۇپ، يېڭى نوتامنى سۇرۇپ يازغا سەپەر قىلىمەن. دوستۇم، ياز، خېيىم - خەتىرى ئاز، دەپ قالما، يازدىمۇ دەھشەتلىك بوران - يامغۇر، قىيا - كەلكۈندە قالىدىغان چاغلىرىم بار، قاراڭغۇ كېچىلەردىمۇ قالىمەن تېخى، مانا مەن ئاشۇ تېرىقىدە رەقىپلىرىمگە بوي بەرمەي ئازغىنا كەم بىر ئەسىر ياشىدىم، يەنە ئۇزۇن يىل ئۆمۈر كورۇشكە چامىم يېتىدۇ. مېنىڭ خىسلىتىم ئەنە شۇ... چىنار جىمىپ قالدى. ئۇنىڭ دەيدىغىنى تۇگۇگەن ئىدى.

خالىق خىيال لەگلىگىنىڭ يىپىنى يىغدىۋە يەڭگىل تىن ئېلىپ، ئۆز - ئۆزىگە دىدى: چىنار، ئەخ چىنار! مەن زىمىستاننىڭ شەپىسىنى كورمەي تۇرۇپلا ئۇششۇپ قالىدىغان پارنىڭ گۇللىرىدىن ئەمەس، ساڭا ئوخشاش قەيسەر بولۇشنى خالايمەن. يول پەقەت بىرلا: ياشاش ئۇچۇن كۇرەش قىلىش، ھەقىقەت ئۇچۇن كۇرەش قىلىش! ھەقىقەت بولسا، ئىنگىلىدۇ سۇنمايدۇ...

— بۇ يەردە ئىكەنسىز، ئىزدەپ بارمىغان يېرىم قالماپتۇ، ئۇھ...

زىلۋا ۋە لېكىن يېقىملىق سىر ھارغىن ئاۋاز خالىقنىڭ خىيال قۇشلىرىنى ئۇچۇرىۋەتتى. ئۇچۇپچۇپ گەۋدىسىنى چىناردىن ئاجراتتى-دە! ئالدىراپ سورىدى:

— نەدىن كېلىشىڭىز رىزۋان؟

— ئىشخانىدىن دەڭا، ساقلا - ساقلا تۇرسام كەلمىدىڭىز، ئاخىر ئۆيىڭىزگە بېرىپتىمەن، سودا ئىدارىسىغا كىرىپتىمەن، ھېچ يەردە يوقسىز، مەن تېخى سىزنى ياشلار كىلوبىدا تانسىغا چۈشۈپ كەتكەن چېغى بار، دەپ شۇ يەرگە كېتىۋاتاتتىم، ھى ... ھى ... ھى...

— ها... ها... ها... - خالىقمۇ ئو-

زىنى باسالماي قالدى،- ئات ئايلىخانىغا، يول سارىخانىغا قىلىما قېچىكەنسىز - دە!- ئۇلار بىر مىنۇتقا كۆلۈشكەندىن كېيىن خالىق داۋاملاشتۇردى،- بىرەر ئىش يۈز بەردىمۇ ؟

- قارىمامسىز، سىز چىقىپ كېتىپ ئۇزۇن ئۆتمەي ئەزىمەت ساغدىغىنى ئېسىپ كىرىپتۇ، ئۇنىڭ ئارقىسىدىن رەجەپ كام. ئۇلار سىزنى نىمانچە سېغىنىپ كەتتىكىن تاڭ، تولىمۇ سۈرۈشتە قىلىپ كەتتى، ئاندىن ماڭا « ھىلىقى چەكنى بېزدۈتتىڭ » دىدى...

- يازدىڭىزمۇ؟ - ئالدىراپ سورىدى خالىق.

- ياق، ئۇلار مېنى دەسلەپ ماختاپ مورلىقادىن ئاشۇرۇۋەتتى، كېيىن، ئالۋاستىلار قاتارىغا قوشۇۋېتىشتى، ئاندىن دىمەمسىز؟ ئاندىن ئالدىمدىكى مىمرالنى چەكنى تارتىۋالدى. ھەممىنى قىلغان ئەزىمەت ...

رىزۋان سوزىنى داۋاملاشتۇرالماي قالدى. ئۇنىڭ قاڭشىرى ئېچىشىپ، جىنەستىدەك لەۋلىرىگە تىترەك ئولاشقان ئىدى؛ شۇئان چولپاندەك كوزلىرىدىن تەپچىگەن ئىككى تامچە ياش قايرىما كىرپىكلىرى ئارىسىدىن سىرغىپ مەگزىدە توختاپ قالدى. ئۇ بىلىنەر - بىلىنمەس خىتىلدايتتى.

- ھىم، ئاش كەلسە ئىمان قېچىپتۇ، دىگەن شۇ - دە! خالىقنىڭ قوشۇمىلىرى تۈرۈلۈپ، ماڭلاي چېچى ئاق دارىغان قېشىنىڭ ئۈستىدە پەيدا بولغان ئىدى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ كوزىگە ئەزىمەت چەكنى جىگەرەك خىرۇم سومكىغا سېلىپ، ۋېلسىپىتنى قۇيۇندەك چاپتۇرۇپ ماشىنا ئىگىسىنىڭكىگە قاراپ كېتىۋاتقاندەك، سىدىقوپ ھەم تاۋاقلىرى بىلەن ھاراق جوزىسىنى چورىدەپ ئولتۇرۇپ، غەلبەخوشاللىغىدا رومكا سوقۇشتۇرىۋاتقاندەك كورۇنۇپ كەتتى؛ قۇلىغىغا بولسا، « ئالدىرىما خالىق، ھوقۇق كىمنىڭ قولىدا بولىدىكەن، ھەقىقەتمۇ شۇنىڭ قولىدا بولىدۇ، ئىشەنمىسەڭ سىناپ باق » دىمەۋاتقاندەك ئاڭلىناتتى. دىمىسىمۇ سىدىقوپ بايىلا خالىقنىڭ بۇرنىغا بىگىز قولىنى تەڭلەپ بۇ گەپنى كوپ قېتىم تەكرارلىغان ئىدى.

- مۇمكىن ئەمەس! - خالىقنىڭ ئاۋازى سىرتقا چىقىپ كەتتى، سەندەلدەك تۈگۈلگەن مۇشتى رىزۋان يوتىلەپ كىلىۋاتقان ۋېلسىپىتنىڭ رولى ئۈستىدە توختىدى. رىزۋان چوچۇپ قەدىمىنى توختاتتى.

- نىمە بولۇۋاتىسىز ئاكا؟

- ھېچ ئۈزەمچىلا ... - خالىق قول ياغلىقىنى ئېلىپ پىشانىسىنى سۈرتتى، ئاندىن،- چەككە تامغا بېسىلغانمىدى ؟ دەپ سورىدى.

ياق، تامغۇلارنى مەن ئۇلار كىرىشتىن بۇرۇن بىخەتەرلىك شكاۋىغا سېلىۋەتكەنىتىم ...

- يارايسىز، يارايسىز،- تەكرارلىدى خالىق،- ئۇلار قۇرۇق چاقماقتىن ئوت چىقىرالمايدۇ، خاتىرجەم بولۇڭ.

- ئۇغۇ شۇنداق، جۇيجاڭ بىلەن ئۇچراشالىدىڭىزمۇ؟

- ئۇچراشتىم، ئۇ ماڭا « ھوقۇق تۇۋەنگە چۈشۈرۈلگەن، بۇ ئىشقا بىز ئارىلاشساق ياخشى بولمايدۇ، ئۆزۈڭلار پۈتۈشۈپ بىر تەرەپ قىلارسىلەر » دىدى. قارىغاندا، گاچا قىزنىڭ تىلىنى ئانىسى بىلىدۇ، دىگەندەك، سىدىقوپنىڭ تىلى ئۇنىڭغا ئايان ئوخشايدۇ، ھەي! ...

- ئۇندا قىتا ئۇلارنىڭ تىنىغى بىر كەندە!- رىزۋان ئۈلۈق- كىچىك تىنىدى ۋە شاققىدە يانغا بۇرۇلۇپ سوھبەتدىشىنىڭ كوزىگە

لوممده قاريدى،ـ مۇبادا يۇقۇرى ـ تووەن
بىرلىشىپ بىزنى ئىنسكەنجىگە ئالىسچۇ؟
ـ ئۇلار بۇنى قىلىشى مۇمكەن، لېكىن،
يۇقۇرى يالغۇز سودا ئىدارىسى ئەمەستە،تو-
ۋەنمۇ سىدىقوپ بىلەنلا چەكلىنىپ قالمايـ
دۇ ...

خالىق ئۇزۇن سوزلىدى. چىنار توغرىسـ
دىكى ھىكايىنى تىلغا ئالدى. ئىنسانىيەت
بېسىپ ئۆتكەن مۇساپىلار ئۈستىدە كەڭ توخـ
تالدى. ئاخىرىدا " ھەقىقەت ئۈچۈن كۈرەش
قىلىش ـ كىشىلىك ھاياتىنىكى ئەڭ زور
خوشاللىق ئىش » دىگەن سوزنى ئاڭلىغانـ
مىدىڭىز، دەپ سوزىدى. رىزۋان بېشىنى
چايقاپ قويدى، خالىق داۋاملاشتۇرۇپ دىـ
دى: بۇ سوزنى ئون ئالتىنچى ئەسىرنىڭ
ئاخىرى، ئون يەتتىنچى ئەسىرنىڭ باشلىرى
ياشىغان ئىتالىيىلىك ماتىرىيالىزىمچى پەيـ
لاۋسوپ، تەبىئەت ئالىمى برۇنو دىگەن
كىشى مۇندىن ئۈچيۈز سەكسەن نەچچە يىل
بۇرۇن ئولۇم ئالدىدا جاكالىغان. ئۇ نىمىشقا
قانداق ئولتۇرۇلگەن. بۇنىمۇ بىلىپ قويۇڭ.
برۇنو كوپپېرنىكنىڭ قۇياش مەركەز تەلىـ
ماتىغا قارشىلىق قىلىپ، يېڭى مەلۇماتلار
قوشقىنى ئۈچۈن دىنى شەرىئەت مەھكىمىسى
تەرىپىدىن كويدۇرۇۋېتىلگەن. يالقۇنجاپ.
كويۇۋاتقان ئوت ئۇنىڭ ھاياتىغا چاڭگال
سالغاندا، ئۇ كوكرىكىنى كىرىپ تۇرۇپ ئەشۇ
ئەقىدىسىنى جاكالىغان.

ـ نىمە دىگەن قەيسەر كىشى ھە؟! ـ رىـ
زىۋان تاقەتسىزلىق بىلەن سوز قاتتى.

ـ شۇنداق ھەقىقەت ئۈچۈن ئوز ھاياتىـ
دىن كىچەلىگەن كىشىلا برۇنودەك، جىياڭ
جىژىشىندەك قەيسەر بولالايدۇ.

خالىق بۇ سوزدىن كېيىن، يەنە برۇنونى
تىلغا ئالدي.

ـ برۇنونىڭ تىنى،ـدىدى ئۇ ئاۋازىنى بارـ
غانسېرى يۇقۇرى كوتىرىپ، ـ كويۇپ كۈل
بولدى، لېكىن،ئۇنىڭ تەلىماتى پۈتۈن دۇنـ
يانىڭ ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشتى. رېىم
ھوكۇمىتى ئۈچيۈز سەكسەن نەچچە يىل ئوتـ
كەن بۈگۈنكى كۈندە ئۇنى ئاقلاپ، نامىنى
ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە مەجبۇر بولدى. جياڭـ
جىژىشىنىڭ ئاقلانغانلىغى ئوزىڭىزگە مەلۇم.
ئۇكام، كوپېرنىكمۇ "ئادەمنىڭ تەبىئى كۈ ـ
چى ـ ھەقىقەت ئىزلەشكە باتۇر بولۇشتا»
دەپتىكەن، بىزمۇ ھەقىقەت يولىدا چىڭ تۇرـ
ساقلا بەرىبىر ئۇلارنى بېسىپ چۈشەلەيمىز...

ـ توغرا! ـ رىزۋان پىشىڭگىدا كۈلۈپ
ۋېلىسىپىتنى ئالدىغا ئىتتەردى، ـ خەيىر
ئاكا، مەن قايتاي ...

ئۇ يول بويى برۇنو،جياڭجىژىشىن، ھەقىـ
قەت دىگەنلەرنى تەكرارلايتتى.

4

بۇ بىر نەچچە كۈندىن بۇيان سىدىقوپ
ئىشخانىغا دەسسەپ باقمىدى. ئۇ، كۈندۈزى
سودا ئىدارىسى، مەمۇرى مەھكىمىگە چاپسا،
كەچقۇرۇنلىرى سومكىسىغا «كوئېنلۇن بەيـ
جيۇ»، «گولياڭ بەيجيۇ»، «ئېلى داچۇ» دەمـ
دۇ، "مودەنيەن»، «جوڭخوا يەن»، «شۇاڭشى ـ
يەن» دەمدۇ، ئىشقىلىپ، ھاراق، تاماكۇنىڭ
ئېسىلىنى قاچىلاپ ۋېلىسىپىتنىڭ رولىغا
ئاساتتى-دە، دىلكەشلىرىنىڭكىگە قاراپ چا ـ
پاتتى. بىر كۈنى ئۇ شۇ تەرىقىدە كېتىۋېـ
تىپ ئەگمەكوۋرۇكتە تاشقا پۇتلۇشۇپ يىقىـ
لىپ چۈشتى. ئۇ ۋېلىسىپىتنىڭ ئۈستىدە چاـ
پاقىدەك دۇم يېتىپ جىنىنىڭ بارىچە ئېپەـ
چەكلەيتتى. كۈچلۈك بىر قول ئۇنىڭ قولتىـ
غىدا پەيدا بولدى. سىدىقوپ پۇشۇلداپ ئورـ
نىدىن تۇرۇپ كىيىم ـ كېچەكلىرىنى قېقىشـ
تۇردى، ئاندىن ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ، قورق ـ

قىنىدىن ئىشتانلىغا چىقىرىۋەتكەنلىكى تاس قالـ
دى. تۇنىڭ ئالدىدا خالىق تۇراتتى، ئۇ
قايسى بىر باشلىقنىڭ قېشىدىن قايتىۋېـ
تىپ، بۇ پالاكەتچىلىك ئۈستىگە كېلىپ قالـ
غان ئىدى.

ــ ھى ... ھى ...، سەنمىدىڭ خالىق،
مەن تېخى سېنى ئىزدىتقۇمىكى، دەپتىمەن، ــ
دېدى سىدىقوپ ئاچچىق ھىجىيىپ. «گەپكە
گەپ كەلگەندە ئاتاڭدىن يانما» دىگەنىدەك
خالىقمۇ پوجاڭدەك قويىۋەتتى:

ــ مەنمۇ سىزنى تېخى تولغاق يەۋاتقان
ئېيىق ئوخشايدۇ، دەپتىمەكەنمەن، ھا ...
ھا ... ھا ... ــ ئۇ كۆلگەچ تىگىدىن جوپاڭـ
لاپ هاراق ئېقىۋاتقان سومكىنى ئەتەي
ۋېلىسىپىتنىڭ رولى تەرەپكە سۈرۈپ قويدى.

« ئۆلمەك ئۈستىگە تەپمەك » دىگەنىدەك ،
خالىقنىڭ بۇ ھەركىتى سىدىقوپنىڭ ئېچىشقان
يېرىگە تۇز سەپكەن ئىدى. ئۇ توشىنى ئۈزۈپ
توقامنى قارنىغا ئېلىۋاتقاندا ، ئەزىمەت
ئۈستىدىن چۈشتى. ئۇمۇ ۋېلىسىپىتنىڭ ئارـ
قىسىغا بوداق قوينىڭ ئارقا پۇتىنى دوستىـ
خانغا يوگەپ تېڭىۋالغان ئىدى . خالىق
كوز قىرىدا قاراپ قويۇپ يۈرۈپ كەتتى .
ئەزىمەت رەقىبىنىڭ قارىسى كوزدىن يۇتكىچە
قاراپ تۇرغاندىن كېيىن، چىشلىرىنى غۇچۇر-
لىتىپ مۇشتىنى تۈگدى ۋە :

ــ كارنىيىغا بىرنى سالاي دىۋىدىم ،
ئۇزلىرىنى ئايىدىم ، كېچىدىمۇ ئارقىمىزدا
سايىدەك ئەگىشىپ يۈرگىنىنى كورمەمدىغان
بۇ خۇمسىنىڭ! ــ دەپ غودوردى. سىدىقوپ
ئۇنىڭغا هاي بەردى :

ــ بۇ مەدەنىيەت ئىنقىلاۋى ئەمەس ئۇكام،
پەم ئىشلەتمىسەك چاتاق چىقىرىپ قويىمىز...

ــ مەسىلەن ، قانداق ؟

ــ يېقىن كەل ئۇكام ، ــ سىدىقوپ پوسـ
پۇردەك يېشىل كوزلىرىنى ئويناپ ــ بۇيان
يۇگرىتتى ، ئەتراپ جىمجىت ئىدى . ئاندىن
تىنىغىنى بىر ئاز پەسەيتىپ، دودەي كالپۇكـ
لىرىنى ئەزىمەتنىڭ قۇلىغىغا ياقتى ، ــ
ئىشچى ــ خىزمەتچىلەر ئارىسىغا بېرىپ ،
« مۇكاپات سوممىسى تارقاتماقچى ئىدۇق ،
خالىق قېتىلمىدى » دىسەڭلا ، ئۇ كىمرەرگە
توشۇك . قاچارغا سامانلىق تاپالماي
قالىدۇ ...

ــ هەجەپ جايىدا ئويلاپلا ، هەر نىمە دىـ
گەن بىلەن ئوزلىرى قالتىس تەدبىرلىك
ئادەم جۇمۇ ! ...

ــ گەپنى ئاز قىل ، بۇ، بىرىنچى قەدەم،
يېقىندا ۋىلايەت بىر تۈركۈم كادىر ئاجرىتىپ
يېزىلاردا مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى سىناق قىـ
لىشقا ئەۋەتىدىكەن ، خالىقنى شۇ قاتارغا
كىرگۈزمەكچى ، جۇيجاڭ ئۇنىڭ ئىسمىنى
ئاتاپ ئوقتۇرۇش چۈشۈرۈشكە ماقۇل بولدى.
ئۇنىڭ خىزمىتىنى ۋاقتىنچە ئوزۈڭ ئۈستىڭـ
گە ئالىسەن ، بۇ ، ئىككىنچى قەدەم. ئۈچىنـ
چى قەدىمىنى ئۇلار ئوزى باسىدۇ .

ــ ياخشى ، ناھايىتى ياخشى ، ئۇ چاغـ
دا ... ــ ئەزىمەت باشمالدىغىنى چىقىرىپ
سەكرىۋەتتى ، ئاندىن نىمىنىدۇر ئىسىگە
ئالغاندەك سورىدى ، ــ ھىلىقى ئەكە ئايناق
مايماقنى نەگە يوغۇشتۇرىمىز ؟

ــ ئۇنىڭ كارايىتى چاغلىق ، خالىقتىن
ئايرىلدىما ، بىر تېپىشكە يارىمايدۇ . بۇ
خۇددى دەرەخنىڭ غولىنى كېسىۋەتسە شېخى
قۇرۇپ قالغانغا ئوخشاش بىر ئىش .

ــ توغرا ، بۇمۇ دەر ھەقىقەت ...

× × ×

ئارىدىن ئۈچ ئاي ئوتتى . بەركەتلىك
ياز ئوزاپ ، خاسىيەتلىك كۆز كەلدى .
دىخانلار يىغىم ــ تېرىمغا تۇتۇنغان خىزمەت

دۇيى بىر قولىنى ئۇن قىلالمايۋاتقان كۈن-
لەرنىڭ بىرىدە خالىق رىزۋانىنىڭ بىر پار-
چە خېتىنى تاپشۇرۇۋالدى. رىزۋان مۇنداق
يازغان ئىدى :

« خالىقكا ، ئۇلار دىگىنىنى قىلدى: سىز-
نى قوغلىۋېتىپ ئىككى كۈندىن كېيىن مېنى
هاراق زاۋۇدىغا ئالماشتۇرۇۋەتكەن ئىدى ،
ياندۇرقى ھەپتىسى ماشىنىنى ئالدۇرۇپ كە-
لىشتى . ئۇ خۇددى ئۇمرۇتقىسى ئۈزۈلگەن
قوتۇر ئىشەكتەك ھالىدىن كېتىپ قالغان -
نىشى پالپال، ئىچى غالغال ساندۇقلا ئىكەن
ھىلىقى ئاقسا شوپۇرنى قولىبىقىغا قىسىپ ،
شاڭخەي دەمسىز ، بېيجىڭ دەمسىز ، ئەيتا-
ۋۇر چوڭ شەھەرلەرگە غا قىراپ ئۇچۇپ بېرىپ
بىر دوۋە سايمان ئەكىلىشتى . يالغۇز مۇشۇ-
نىڭ ئۇچۇنلا توققۇز مىڭ سوم خەجلەپتۇ ،
ھەممىسى بولۇپ ئۇن ئالتە مىڭ سوم سوۋدا
ئاقتى ، دىگەن سوز ! لېكىن ، ئۇ بىر نىمە
ھىلىمۇ ئەيۋاشقا كەلگىنى يوق ، پات ئارىدا
ئۇرۇمچىگە ئەۋەتىپ ، باشقىدىن قۇراشتۇرۇپ
كەلگىدەك ، يەنە نەچچە مىڭ سومنىڭ شىر-
كەتتىن رىسقى كوتىرىلىدىغانلىغىنى خۇدا
ئۆزى بىلىدۇ . تەييارلىغان سوۋغا - سالام
بۇنىڭ سىرتىدا .

خالىقكا ، دۇنيادا قىزىق ئىشلار كوپكەن:
سىزنىڭ يۇقىرىغا سۇنغان خېتىڭىز سودا
ئىدارىسىنىڭ تەكشۇرۇپ كورىشكە چۇشۇرۇل-
گەن ئىكەن . جۇيجاڭ « ئۇنداق ئىش يوق ،
ھەممىسى توھمەت » دەپ قايتۇرۇۋېتىپتۇ .
شۇندا قىتىمۇ ئۇلارنىڭ پېيى سىقىراپ قالغان
ئوخشايدۇ، بولمىسا كوز تولۇشىش بىلەن تەڭ
ناماششام شەپەرىكىدەك قورۇمۇ-قورۇ چېپىپ،
كوسۇلدىشىپ يۇرىگەن بولاتتى. مەن بۇن-
داق كۇسسۇ - كۇسسۇك گەپتىن بىر نەچچە-
نى ئاڭلاپ قالدىم. يەنىلا كونا گەپ: «ئىش-
چىلارغا يېرىم يىللىق، پەۋقۇلئاددە مۇكاپات
سومىسى تارقاتقىنى قويىمىغان ئەشۇ ئىككە-
سى...» تووا! خېلى بىر قىسىم مۇيىسىپىت
ئاكىلارنىڭمۇ ئۇلارنىڭ دېيىشىغا ئۇسسۇل ئوي-
ناپ، سىزنى غاجاپ، مېنى سەتلەپ يۇرگەن-
لىگە ھەيرانمەن! ئېيتىڭا، تەرەتتىسى ئۇسسو-
راقتا كومگىنى بولارمۇ، ئاخىر!...

خالىقكا، مەن ئىشچىلاردىن ئاغرىنمايمەن،
قىلغانلىرىمغا ئوكۇنمەيمەن ھەم. چۇنكى، مەن
ئوز ۋىژدانىم بىلەن كېڭىشىپ ھەقىقەتكە قول
بەرگەنمەن. سىز كېلىڭ، نۇرغۇن يېڭى ما-
تىرىيال توپلاپ قويدۇم. مەسىلەن، ئۇلار كون-
تىر باندىتلىق قىلىۋاتىدۇ. با مەسىلەھەت بىر
نىمە قىلايلى...»

خالىق خەتتىن كوزىنى ئۇزۇپ، تاماكۇ
يوگەشكە كىرىشتى. ئۇنىڭ تىترەپ تۇرغان
قولى ئەپلىشىپ بەرمەيتتى، ئۇ ئىككى - ئۇچ
تال قەغەزنى كېرەكسىز قېلىۋەتكەندىن كې-
يىن، ئالدىدىكى گېزىتتىن «شىرىست» تىدا
ئالقاندەك بىر پارچە يىرتىۋېلىپ، قۇتىغا
قول ئۇزاتتى، قۇتا قۇرۇق ئىدى. خالىق قو-
لىدىكى قەغەزنى ئالقىنىغا پۇكلەپ، بارماق-
لىرى بىلەن ئامبۇردەك قىسقان پېتى سىرت-
قا چىقىپ كەتتى.

× × ×

سىدىقوپ ساپايغا چوكۇپ ئولتۇرۇپ، پاي-
دىلىنىش خەۋىرى كورۇۋاتاتتى. ئەزمەتشا-
پاشلاپ كىرىپ، بىر توتام كونۋېرتنى ئۇزاتتى،
ئۇنىڭ ئىچىدىكى "ۋىژدان" "نەشتەر"، "خا-
لىس" ...... دەپ ئىمزا قويۇلغان خەتلەردە
ئۇنىڭ قىلمىشلىرىغا نەپرەت ياغدۇرۇلۇپ خا-
لقلارغا ھىسداشلىق بىلدۇرۇلگەن ئىدى، بىر-
سى تېخى «سەلەر زادى نىمە قىلماقچى؟
بىلىپ قويۇڭلاركى، قوياشنى ئېتەك بىلەن
توسقىنى بولمىغانىغا ئوخشاش، ھەقىقەت نۇ-

رىنىمۇ توسۇپ قالالمايسىلەر، پارتىيە سى-
لەرنى مەڭگۈ ئۈز مەيلىڭلەرگە قويۇۋەتمەي-
دۇ!» دەپ يازغان ئىدى.

—خۇمپەرلەر!... — سىدىقوپ غەزەپتىن
يېرىلىپ كەتكىنى تاس قالدى. ئۇنىڭ كۆز-
لىرى چەكچىيىپ، چانىقىدىن چاچراپ چى-
قىپ كەتكىلى ئازلا قالغان ئىدى. چىشلىرى
توختىماي غۇچۇرلايتتى، ئۇ خەتلەرنى پۇلاپ
ئىشخانىنىڭ بۇلۇڭىغا زەپ بىلەن ئاتقان-
دىن كېيىن سورىدى:

— ھېلىقى ئىش بۇزدى كەپتۇ دەيدۇ،
كوردىڭمۇ؟

— خالىق!؟

— شۇ بولماي كىم بولاتتى...

ئەزىمەت خىجىللىق بىلدۇرۇپ پۇتىنىڭ
ئۇچىغا قارىۋالدى. ئۇنىڭ بېشى ئىككى
يانغا چايقىلاتتى. سىدىقوپ ئۇنىڭدىن ۋاقى-
رىدى:

— ھۇ نان قېپى!... — ئىشخانىدا يەل
قاچقان ناسۇستەك پۇش - پۇش قىلغان
ئاۋازدىن ئۆزگە تىۋىش ئاڭلانمايتتى. بىر
پەستىن كېيىن يۇمشاق بىر قول ئەزىمەت-
نىڭ ئۇڭ دولىسىدا توختىدى، — ئۇكام، ئۇن-
داق گالۋاڭلىق قىلما، ھازىرلا ئاڭىدىڭ،
بەزىلەر قوتراۋاتىدۇ، رىزىۋانىڭمۇ ئايىغى
سۇيۇلۇپ قالدى، خالىق سامانىنىڭ تېگى-
دىن سۇ قويىغان بولسا ئوردىدىكى ئىشنى
كىم بىلەتتى دەيسەن؟ ئۇ ئۇيا قىتىن كېلىپ،
بۇيا قتىن چوپقەتلىرى بىلەن ئۆچرىشىپ بوپ-
تۇ، رەجەپنىمۇ ئالا قويمىغان چېغى بار...

— رەجەپكا مىغا نىمىلەرنى دەپتۇ؟ — سو-
رىدى ئەزىمەت تاقىتى تاق بولۇپ.

سىدىقوپ سوزىنى داۋاملاشتۇردى:

— كۆزدىن شىنىمچە، بۇ بىر نەچچە كۈندىن
بېرى رەجەپمۇ قايىنىغان قازانغا سۇ قۇيغان-
دەك جىمىپلا كەتتى، ئۇنىڭ نىمىلەرنى ئوي-
لاۋاتقىنىنى بىلىپ بولمايدۇ، بەزىدە ئىشخا-
نىغا كىرىپ قالسام يېزىۋاتقان خېتىنى مەن-
دىن يوشۇرۇپ چۈتىرىغا تىقىۋالىدۇ... ئۇكام،
ئىپلانىنىڭ بېشىغا ئۈرۈشنى ئۆگىنىش كېرەك،
خالىقنى مەڭگۈ باش كوتىرەلمەس قىلىۋەت-
سەكلا، ئاللىچا قوپقان ھوشۇغىمىزنى ھېچكىم
ئۆرۈۋەتەلمەيدۇ، بۇنىڭ چارىسى ئوڭاي،—
سىدىقوپ ئاۋازىنى ئىچىگە يۇتۇپ، قول قو-
شىنىڭ قولىغا ئاللا نىمىلەرنىدۇ پىچىرلىدى،
ئاخىرىدا، چاندۇرۇپ قويماسلىقنى تاپىلاش-
نىمۇ ئەستىن چىقارمىدى. ئەزىمەت باشلىق
سۇنغانھارا قتىن بىر رومكا كوتىرىۋېتىپ، قاھ-
قاقلاپ كۈلۈۋەتتى.

د

دەريا بويىدىكى دەرەخلىق سەيلى گاھتا
كەچكى تاماشا بىنالارنىڭ
ئايىغى ئۈزۈلۈپ قالاي دىگەن ئىدى. دەريا-
دىكى ئۇلۇغ سۇ تاشتىن - تاشقا سەكرەپ،
ئاق بۇژغۇن چىقىرىپ قىرغا قلارغا قاراپ
يېيىلماقتا. سالقىن كۆز شامىلى سارغايغان
دەرەخ يوپۇرماقلىرىنى بەرگىسىدىن ئايرى-
ماقتا...

خالىق بىلەن رىزىۋان سۇبويىدا بىر پەس تۇ-
رۇپ، كورگەن - بىلگەنلىرىنى ئالماشتۇر -
غاندىن كېيىن، دەرەخلىقنى ئارىلاپ كېلىپ
بىر توپ سوگەتنىڭ تۈۋىدىكى سىمونت ئو-
رۇندۇقنىڭ قېشىدا توختىدى.

— ئۇكام رىزىۋان، - دىدى خالىق تاما-
كۇ ئورىغاچ، - بۇ ماتېرىيالنى ئىگەللەپ
ئوبدان قىپسىز، بىز پارتىيە، خەلق ئىشلىت-
رىغا مەسئۇل بولىمىز، دەپ ئوتتۇرىغا چىق-
قان ئىكەنمىز، ئاخىرىغىچە مەسئۇل بولۇشى-
مىز لازىم. خەلق ئىچىدە " قۇرۇتنىڭ توگو-
لىشى ئىلگىرىلەش ئۈچۈن " دىگەن تەمسىل

بار. بىز يەنە بىر مەرتىۋە تۇگۇلۇپ بىر قايىلى، مەن رەتلەپ چىقاي سىز كۆرۈپ بېقىڭ، ئاندىن نەگە ئەۋەتىشنى كېڭەشەرمىز، بولامدۇ؟

— بولىدۇ، شۇنداق قىلايلى ئاكا، بۇ خەتنىڭ نوخۇسىنى ئالىدىغان پەيت كەپ قالدى، بۇنىڭ ئۈچۈن ئەتتىك ئۈستىرا كېرەك.

— ها...ها...ها... سىزمۇ گەپچى بولۇپ كېتىپسىز...

ئۇلار قايتماق بولۇپ ئورنىدىن تۇرۇشىۋاتاتتى، ئارقىسىدا ئۈچ كولەڭگە پەيدا بولۇپ قالدى.

— ھە، ئاشىق - مەشۇقلار، ئەسلىدە ئىش مۇنداقكەندە! - ۋىجىككىنە بىر قول خالىقنىڭ ياقىسىغا ياماشتى، - ھە، مۇنداپىق، ئەرلىك خوتۇنغا چىقىلىشتىن ئۇيا تمىدىڭمۇ؟

— ئۇكام ئەزىمەت، چۈش كۆرۈۋاتامسەن!؟ ئۇنداق قالايمىقان جۆيلىمە!!...

— ئاغزىڭنى يۇم پاھىشىۋاز!...

— نىمەدەيدۇ ما خەخ...

— نىمە دەيتتۇق، شاپاقچىلىق قىلما دەۋاتىمىز! - ئەزىمەتكە ياندىش تۇرغان بىرسى رىزىۋاننى كۈچەپ ئىتتىرىۋەتتى. رىزىۋان دوگجۇپ بېرىپ سوگەتكە ئۇسسۇپ قاپىقىنى يېرىۋالدى.

— توھمەت! ۋاي بېشىم، ئەندى مەن قانداق قىلىمەن، ھو ... ھو ... ھو ...

— ......

ۋاراڭ - چۇرۇڭ كېچە ئاسمىنىنى يېرىپ يىراقلارغا ئۇچماقتا، تەرەپ - تەرەپتىن كىشىلەر يىغىلماقتا ئىدى. خەۋەر ئالا قاغاتەرىپىدىن تېزلا رىزىۋاننىڭ يولدىشى ئەسقەرنىڭ قۇلىقىغا يەتتى.

— ئىككىلىگىنى سويىمەن! - دەيتتى ئۇ پىچىقىنى يالاڭداپ، بىردە خالىققا، بىردە رىزىۋانغا يولۇۋاستەك ئېتىلىپ.

كىشىلەر تۈپى قالايمىقانلاشماقتا ئىدى.

پېچىنە، ھاراق زاۋۇتلىرىنىڭ بىر تۈركۈم ئىشچىلىرى ئاسماندىن چۈشكەندەك ھازىر بولدى - دە، خالىق بىلەن رىزىۋاننى قاتمۇقات ئورىۋېلىشتى؛ ئەسقەرنى بولسا، ئىككىسى قۇچاغلاپ تۇتۇۋالدى. ئەسقەر گەپ يەيدىغاندەك قىلمايتتى. ئۇ، بىرلا سىلكىنىپ توپقا ئوزىنى ئاتتى. رىزىۋان" ۋايجان «دىگىنىچە سەنتۈرۈلدى. پىچاق ئۇنىڭ سول تاغىقىدا توختىغان ئىدى.

⁂ ⁂ ⁂

بەش يۈز كىشىلىك يىغىن زالى ئادەم بىلەن لىق تولغان ئىدى. مىڭلىغان كوزلەر سەھنىگە تىكىلەتتى. سودىيە خالىق ئۈستىدىكى ئۇچۇق سوتنىڭ باشلانغانلىقىنى جاكالىۋىدى، ياش پروكۇرور ئېيىپلاش قەغىزىنى قولغا ئالدى.

سوت قائىدىسى بويىچە جىنايەتچى ئېيىپلىنىۋاتقان چېغىدا « لەببەي » دەپ، بوينىنى قىسىپ تۇرۇشى كېرەك ئىدى. لېكىن، خالىق ئۇنداق قىلمايتتى. ئۇ، ئورۇندۇقتىمۇ ئولتۇرماي، كوكرىگىنى كىرىپ، بېشىنى ئېگىز كوتىرىپ، بىر قولىنى شىمىنىڭ يانچۇقىغا تىققان، بىر قولىدا ئالدىدىكى رىشاتكىنى تۇتقان ھالدا ئورە تۇراتتى؛ كارنايدىن: « تېچ ئائىلىنى بۇزغۇچى، سەۋەپچى قاتىل» دىگەنلەرنى ئىشىتكىنىدە بىر قولىنى ئالدىغا سوزۇپ، ئالدىنقى رەتتە خوشلىغى تېرىسىگە پاتماي ئولتۇرۇشقان سىدىقوپ بىلەن ئەزىمەتنى كورسىتىپ: « جاۋاپكار ئەنە ئاۋۇ ئىككىسى » دەيتتى. بۇنداق چاغلاردا بىر قەدەم ئارقىسىدا تۇرغان ساقچىلار دەررۇ ئىشقا كىرىشىپ ئۇنىڭ قولىنى چۈشۈرۈۋېتەتتى، سودىيەمۇ سوز قىستۇرۇشنى چەكلەپ تۇراتتى.

ئېيىپلاش داۋاملاشماقتا ئىدى. ئوچۇق سوت زالىغا توت كىشى كىرىپ كەلدى. بۇلاردىن بېشىغا سوكنۇ كەپكە شەپكە، ئۇچىسىغا دوراپ پەلتۇ كىيگەن ئىككىسى يۇقۇرى دەرىجىلىك پارتكوم ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى بىلەن خەلق سوتىدىن كەلگەنلەر ئىدى؛ قالغان ئىككىسىنىڭ بىرى رەجەپ، بىرى ساھىپخان سوت باشلىقى تورە ئىدى. ئۇ، مېھمانلارنى يان پەلەمپەي بىلەن سەھنىگە باشلاپ چىققاندىن كېيىن، سودىيەنىڭ قۇلىقىغا بىر نېمىلەرنى پىچىرلىدى. ئارقىدىنلا ياڭراق ۋە لېكىن سالماق ئاۋاز تامدىن - تامغا ئۇچتى:

— ئەھۋالدا يېڭى ئۆزگىرىش يۈز بەردى، بۈگۈنكى سودىمىز ۋاقىتىنچە مۇشۇ يەردە ئاخىرلىشىدۇ، كېلەركى قېتىمقىسىنى سوت كوللېگىيىسىنىڭ قارارىدىن كېيىن ئۇقتۇرىمىز..

سودىيەنىڭ ئېلانى پارتلاتقۇچ بومبىدەك يىغىن مەيدانىنى تەۋرىتىۋەتتى. كىشىلەر ئۇپۇر - توپۇر ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ غولغولا قىلىغاچ سىرتقا قاراپ سەلدەك ئاقماقتا ئىدى. سىدىقوپ بىلەن ئەزىمەت ۋە ئۇلارنىڭ ئىككى شېرىكى كىرەرگە تۆشۈك تاپالماي قېلىشتى.

6

— يولداش خالىق سۆز نوۋىتى سىزگە كەلدى!

سودىيەنىڭ ئاۋازى پەسىيىشىگە سوھبەتدىشىم دەس ئورنىدىن تۇردى ۋە ماڭا قاراپ، — بۇ ئەنە شۇنداق گەپ، — دېدى - دە، كۆس - كۆس قەدەم تاشلاپ سەھنىگە چىقتى. شۇچاغدىلا مەن سوھبەتدىشىمنىڭ خالىق ئىكەنلىكىنى بىلدىم ۋە ئۇنىڭغا ھۆرمەت ئىكرام بىلەن يېڭىۋاشتىن سەپ سالدىم. ئۇ، ئېگىز بويلۇق، قەددى - قامەتلىك، چېچەك ئىزلىق ئەللىكلەرگە كىرىپ قالغان كىشى ئىدى، قارىماققا خېلى ساغلام كۆرۈنەتتى، چىرايىدا بولسا. شاتلىق كۈلكىسى جىلۋىلىنىپ تۇراتتى.

ئۇ داۋاگەر ئورنىغا بېرىپ، يېڭىلا ياساتقان چېچىنى سىلاشتۇرۇپ قويغاندىن كېيىن، بويىنىنى سوزۇپ زالدىكىلەرگە بىر قۇر نەزەر تاشلىدى. بۇ ئۇنىڭ ھاياجان ئىلكىدە تىپىچەكلەۋاتقان قەلبىنى تېچلاندۇرۇش چارىسى ئىدى. ئۇ شۇ تەرىقىدە بىر مىنۇتچە تۇرۇۋالغاندىن كېيىن، سوزىنچاق يۈزىدىكى قىزىللىقنى تەستە بېسىپ، شىكايەتنامىسىنى قولىغا ئالدى.

خالىقنىڭ ھەر بىر جۈملە شىكايىتى تىڭشىغۇچىلارنىڭ كۆڭۈل ئىكرانىدا يېڭى - يېڭى پەردىلەر ئېچىپ، قەلب لوگقىسىغا ھەقىقەت مەشئەللىرىدىن گۈل دەستىلەر تىزاتتى؛ سىدىقوپ، ئەزىمەتلەرنىڭ يۈرىكىگە خەنجەر بولۇپ سانجىلاتتى. مەن ئىچىمدە دېدىم: ھەقىقەت خۇددى دېڭىزدىكى سۇغا ئوخشايدۇ، سۇنى قىلىچ بىلەن كېسىپ بولۋەتكىلى بولمىغانغا ئوخشاش، ھەقىقەت نۇرىنىمۇ ئۇچۇرۇۋەتكىلى بولمايدۇ؛ ئۆزىنى ئۇنۇتقان كىشىلا ھەقىقەتكە ئېرىشەلەيدۇ!

1980 — 1982 - يىللار

(قىستۇرما رەسىملەرنى مەھەممەتھېيت ۋە خۇاڭ دالەيلەر سىزغان)

*********
*********

# مەرھابا، خەلق كۈيچىلىرى

•

(نەسىر)

مومىن مۇھەممەدى

بۈگۈن بۈك - باراقسان ئالمىزار ئىلى ۋادىسى تۈمەنمىڭ بۇلبۇلنىڭ خۇش ناۋاسىغا چۆمدى، ئۇنىڭغا داۋۇتجان ناسىرنىڭ يېقىملىق ناخشىسى جۆر بولۇپ، يۈرەك تارىنى تىترەتتى ...

— بارىكاللا!

بۇ، تارىخ سەھىپىسىگە يېزىلغان تەنتەنىلىك كۈن جەنۇبىي شىنجاڭدىن شىمالىي شىنجاڭ - ئىلىغا ئارىلىقنى يىراق كۆرمەي قەدەم تەشرىپ قىلغان قەلەمداشلارنى كۈتۈۋېلىش ساھىپخانلىغى، بۇ، تەبىئەت بىلەن بىرلىشىپ كەتكەن يۈرەك ساداسى. بۇ، ئىتتىپاقلىق رىشتىنى چىڭىتىپ، دىل پاياندازىنى يايغان ئوبلاستىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ مېھرى.

— ھارمىغايلا! خۇش كېلىشىپلا!

ئېخ! ... نىمىشكىدۇ "ئويىدا ئولۇمنىڭ كېپىنى" قىلغاندەك، شۇ كۈنلەردە ئىختىيارسىز پۈتۈلۈشىدىغان ئون يىللىق بالايى - ئاپەت ئىرناق، ئىزلىرى دىلنى ئېچىشتۇرىدۇ. گاياق - ئاستى قىلىنغان مىللى مەدەنىيىتىمىز، ئەدەبىيات - سەنئىتىمىز، تىلى كېسىلگەن، دىلى يەنچىلگەن ئەرك كۈيچىلىرىمىز ئەسكە چۈشىدۇ...

بەس! ئۇ مەڭگۈ تەكرارلانماس تارىخ بولۇپ قالدى ... ئۇ مۇدھىش كۈنلەر غازىلىرىنىڭ يارىلىرى ساقىيىپ، بوشلۇق تولدۇرۇلۇپ، كۈنسېرى ئۇلغۇيۇۋاتقان قوشۇنى قايغۇنى كۈچقا، غەزەپنى ئىلھامغا ئايلاندۇرۇپ، زامانىمىزنى كۈيلىمەكتە...

ئەنە ئۇلار قولىنى كوكسىگە ئېلىپ، ئەزىزانە قەشقەر، قەدىمىي خوتەن، غورۇرىمىز ئاقسۇ، جەڭگىۋار يەكەن ... قاتارلىق ئانا ماكان پەرزەنتلىرىگە سالام بەرمەكتە!

ئەنە، ئاسمانىنىڭ يارچىسى، زۇمرەتسايرام، ئۇيۇلتېشىنى ھورمەت بىلەن تەۋرەتكىنىدە قويىدىكى، قۇشلار سەركەردىسى - ئاققۇلار پەرۋاز قىلماقتا. كەڭ سايىنىڭ گۈزەل مەنزىرىسى بۇژغۇنلۇق شاقىراتمىلىرىدىن "رۇخسارى"، ئەۋجىنى ياڭراتماقتا ... ئەنە ئىلى دەرياسى ساھىلىدا ئەلمىساقتىن بېرى ھۇشيار يانپاشلاپ ياتقان تارىخنىڭ ھەغدا شاھىدى - ئابىرال تەرەپ - تەرەپكە ئات چاپتۇرۇپ، كانىدىن، خاڭدىن، نۇڭچاڭ، مۇچاڭدىن سۈيۈنچە ئالغاندەك ھاياجانلىنىدۇ ... بىراق، ئۇ كىمنىڭدۇر ئىزدىگەندەك كىشىلەرتوپىغا كوز تىكىدۇ...ھە، ئۇز ئىلىۋادىسىدا باللىق - ئوسمۇرلۇك چاغلىرىنى ئۆتكۈزگەن - قاش دەرياسىنىڭ شاقىراتمىلىرىغا سۈپەتداش قاينام ئوركىشىنى ئىزدەيدۇ:

— قېنى لۇتپۇللا؟

ئابرال كوزىنى يۇمدى. مانا قەشقەرنىڭ بادام دوپپىسىنى بېشىغا، خوتەننىڭ يېپەك كوينىكىنى ئۇچىسىغا كەيگەن لۇتپۇللا شېئىر ئوقۇماقتا:

بۇ چۇۋۇلغان، بۇ بۇزۇلغان،
بۇ گورۇستان، خارابە.
سەن تەر توككەن، سەن گۇل قىلغان،
سەن تورەلگەن مەشەدە .

.........................

يەرگە سىڭمەس قانلىق ياشلار،
يەرگە سىڭمەس يالىلدار .
قانلىق ياشلار قىزىل قانلار،
خۇددى كۇندەك پالىلدار .

ئابرال ئۇلۇق - كىچىك تىنىدى . مېهمانلار شائىرنىڭ يۇرتىدا سۇكۇناتتا تۇراتتى. قاش دەرياسى غالىپ ئوركەشلىنىپ ، قاش ئېلىكتىر چىراقلىرىنى چاقنىتاتتى .

ئابرال يىراقلارغا نەزەر سالدى . كەڭ دىيار خۇددى ئويغانغان شىر دەك ئەركىن نەپەس ئالاتتى. ئەنە شۇ چاغ :

— هەي ئابرال ئۈمىتۋار بول ، - دېگەن سادا ياڭرىدى . بۇ تىيانشاننىڭ ئاتىلارچە ساداسى ئىدى . سەبىرچان ئابىرال مېهمانلارغا باقتى . ئەنە ئۇلارنىڭ ئارىسىدا لۇتپۇللا مۇتەللىپنىڭ زاماندا شلىرى ، پىكىرداشلىرى ، ئىز باسارلىرى ... " پاھ ! " دېدى ئابرال تامچە قاندىن مىليون چېچەك ئېچىلىپتۇ دە ، دەپ ئەتراپقا كوز يۈگۈرتتى .

ئەنە ، كونەسىنىڭ چاقپى يايلىغىدا قازاقنىڭ بەركەتلىك دەستۇرخىنىغا چاچقا چېچىپ ، " توي باشلاش " ئولەڭىنى ئوقۇۋاتقان تاڭ جارىق ①...

ئەنە ، سانسىزلىغان هورمەت ئىلكىدىكى يېشىل قارىغايلار ، چاۋاك چېلىپ ئۇسۇلغا چۈشكەن سۇۋادان ، قېيىنلار ...

مانا دولقۇنلانغان دېڭىزدەك ئىككىنزارلىقلار ... ئەشۇ هەممە شاتلىقنى مۇجەسسەملىگەن ئابرال مەغرۇر ئاۋازى بىلەن :

— مەرهابا ، خەلق كۇيچىلىرى! - دېدى.

دىلغا هوزۇر، تىلغا داستان بۇ سادا كوككە ياڭرىدى .

1982 - يىل ، غۇلجا

① قازاقنىڭ يېقىن زاماندا ئوتكەن ئاتاقلىق شائىرى



# تەجەللىي شېئىرلىرىدىن

## غەزەللەر

جانانىدىل ھەيرانىم ئالدى رەخ - رەخشانىڭ،
ساپ مەيدىن تۇتتى ئول لەئلە ۋە ئەپشانىڭ.

مەستانە كوزۇڭ جادۇ نەركەس خىجىل ئاھۇ،
ئى ماھى كامان ئەبرۇيۇزجان سىېنىڭ قۇربانىڭ.

ئەنۋەر يۇزۇڭ ئاي، رەشكى زۇلپىڭگە خوتەن موشكى،
دۇردانى كوزۇم ئەشكى مەن سىرۇ سامانىڭ.

لەيلى سەن ۋە مەن مەجنۇن، ئەشكىم سەن ئۇچۇن كەلكۇن،
قانلار يۇ تابان تۇن-كۇن، بولدۇم سىېنىڭ ھەيرانىڭ.

دەرت بىلەن ئەلەملەردىن يىغلاپ كىېچە-كۇندۇز مەن،
جەۋرى ئىېلىدىن كورمەستىن ئول نەرگىس پەيكانىڭ.

يۇسۇپ مىسالى كورسە، ئالەم يۇزىگە سۇرسە،
ئول كىم ھەممىدىن سورسا، كورسۇن ماھى تابانىڭ.

ناز بىلەن لەب ئاچساڭ گەر، يەر غۇنچە كورۇپ قانلار،
نەسەرۋى بىلەن رەشك ئەيلەر شەمشات قاماتىڭ.

خورشىد ساڭا ئاشىق، ئۇزرا يۇزىگەۋامۇق،
خەنجەر قىېشىڭغالايىق، ئاشىق سويۇش ئاسانىڭ.

ئالدىڭدىن ئوتۇپ دائىم ھەيران بولۇمەن قايىم،
ئەيگى كورۇمەن ماھىم كىپەردە ۋە دوكانىڭ.

نۇن ئەتتى غېمىلە قەددىم، يوق ئەرز بىرىش ھەددىم،
دان بىلەن ئىچىپ سەكردىم ئەت ۋەسلىك بىلەن مېھمانلىك.

ئىسمىك دۇرى بىلەن زىننەت بىرىپ ئەشئارىن،
ھەم مىسرا سانىگە بول قارى جانانلىك.

× × ×

ناز ئىستىغنا بىلەن سۇلتانلىغىدىن ئۇرگىلەي،
ھوسنى ئەۋجىدە ماھى تابانلىغىدىن ئۇرگىلەي.

زاھىر ئۆتكىن شەۋەئى لوتپى كەرەم ئاشىقلەرگە،
بەزمەلەردە ساھىپ ئىھسانلىغىدىن ئۇرگىلەي.

ئادەمى قىلماس گۇمان كاكول بىلەن كورگەن كىشى،
ئىشتىباھلىك چون مەلىك ئىنسانلىغىدىن ئۇرگىلەي.

مەي ھەم تەبئىغا سىغماس رەندە بولۇپ گەپ ياقماغاي،
تاۋلىنىپ ھەررەك يۈز ئەلۋانلىغىدىن ئۇرگىلەي.

خوپىيە رازىڭنى سوئال ئەتسەڭ جاۋابىدىن قېچىپ،
ئۆزنى ئالغان ساددە ۋەش نادانلىغىدىن ئۇرگىلەي.

ئاھ كىم ئولدۇم دىگەندە زەررە پەرۋا قىلماغان،
باغرى قاتتىق دىللىرى سەندانلىغىدىن ئۇرگىلەي.

داگادىغ ئەيلەپ ھوسەينى چىقىپ بازارى شەپ،
روبە - رودە ئولتۇرۇپ پىنھانلىغىدىن ئۇرگىلەي.

× × ×

يۈزى تابان چەرخ ئۆزرە مېھرى ئەنۋەردەكقىنە،
قەددى نازۇكدۇر ئەجەپ سەرۋى سەنۇبەردەكقىنە،

ۋەدە ئەيلەپ كەلگىنى مېھمانى قىلدىك مۇنتىزىر،
باۋۇ جۇدى كەلمىگىنىڭ ئەردى مۇقەررەردەكقىنە.

ساختا ئىشقىڭدا خاراپ ۋە ناتاۋان بىمارىمەن،
ھال سورىغىن ئى دەمى ئىسا پەيغەمبەردەكقىنە.

پېتىنى چۈن جادۇ كۆزۈڭدىن قان كوڭۇللەر لالىدەك،
سانچىلىپ مىژگانلىرىڭ كوكسۈمگە خەنجەردەكقىنە.

خوبىرولەر قەيسى شىرىن سۈخەنى سەندەك يەنە،
ھەم نىزاكەتدە لىبىڭ لالە گۈلشەترى دەكقىنە.

ئاھ بولغايكىم مۈيەسسەر تاشلاپ ھەريانغا كېلىڭ،
بىر كىچە ياتساڭ قوينۇمدا دوختەردەكقىنە .

نەيلى سۈن ئىسمىڭ ھۈرۈپنى مۈھەببەتتىن ھۈسەيىن،
رىشتىئى نەزمىغا چەكتى دورى-گوھەر دەكقىنە.

× × ×

غەيرى ھوسنۇڭ ئۈرۈر سىنىڭدە ئەخلاق باشقىچە،
قامىتىڭ تارتقان ئىلىپدەك يەنە يۈرمەك باشقىچە.

ئېچىلۇر كورسەم سېنى ھەرزەمدە كوڭلۈم ئوقدىسى،
ياخشى مۈجەزىڭ ئىنىرۇ بار تازە ۋە ئاق باشقىچە.

جەننەتىڭ غولمانلىرى قىلغاي تاما شادىن راۋاق،
ھەسرەت ۋە ئەپسۇس يەپ تاشلاپكى بەرمەك باشقىچە.

ياغىنا شۇنداق مۈنگە ھەركىم ساڭا ئوخشاپ ھەر ۋاقىت،
ئوخشىماس بولسا ئەگەر يوق پايدا كەلمەك باشقىچە.

تەربىيەت تىلسۈن داۋاملىق بىرلە دەۋرىڭ يارلىغى،
يەت كامالىڭغا يەنە تىزدىن ئوسۇپ ئاق باشقىچە.

ئېپتىدائى كورگىنىمدە سەندە كوردۇم بىر تەۋەج،
بولسا ھەم تۈردۈم نىتەي بۇ ئولكە قىشلاق باشقىچە.

لەبلىرىڭنىڭ سوزلىرى ياردى لېۋىمنى دەرت ئېتىپ،
ئۈشبۇ دۇنيا! قەنلىرىدىن پەرقى ياخشىراق باشقىچە.

مۈنتىزىردۈر جېمى خوپلەر قەدىمىڭنىڭ تەرىپىگە،
خىزمىتىڭ ئارزۇ قىلىپ بەرقىنغا مۈشتاق باشقىچە.

× × ×

ئارىزىڭ شەمشادقا ئوخشار ئاندا بار ئاق ۋە قىزىل،
لەبلىرىڭ ئەھمەرگە مانەند ئىنىڭ ئۈچۈن جان سىبىل.

زىنەت ئادەم خەلقىغا بولغىن دەلىل زاتى زوھۇر،
ئى ۋۇجۇدى كىمىيادا بولۇپ چىقتى ئىبسىل.

يۈرمىشىڭ دىللارغا خوشلۇق نەزىرىڭ ئەزاگەجان،
چارقىڭ رىككە كويىيۈكلۈك تىغلىرىڭ ئەتكەي قىتىل.

زىيادە خوبلەر ئىرۇرسەن قاتلىرىدا بىر نەزىر،
گۈيتەگو ھاجەت ئەمەس شەنى ئىنىڭبى قال ۋەقىل.

خانى- مالىم يوللىرىڭدا بولسا سەرپ ماڭا نەغەم،
ھەم گادايىڭ ھەم ئادايىڭ مەن ئوڭا خار ۋەزەلىل.

ئاپتاپ ھوسنۈڭگە چۈشسە كوزۈم دولەت ئىرۇر،
نەقلۇرمەن غازى يوق بول بىۋاپا شىرىپ ۋەكىل.

نەۋئورۇس قەددىڭ خىيالى ئەيلىدى دىۋانەۋار،
ھەرنە قىلدىڭ ئەيلىدىڭ سەن بۇ سۈپەت زىبا جەمىل.

بەرقىمقا ياقىغىل كەرەمدىن بەر قىيا بولماي نىرى،
ئال دىلىنى كوكلىگىل ئىككى جاھاندا مۇتتەسىل.

## قارلىق

ياغدى قار يەر يۈزىنى ئاق ئەيلەپ،
يازنىڭ مېھنەتلىرىنى قاق ئەيلەپ.

پىشتى زىرائەتلەر ھەممە يەردە...
بېشىدا ، يېنىدا پوخاق ئەيلەپ...

بولدى ئويگە كىردى مەئىشەتلەر،
قالمىدى تېشىدا ئىپتىراق ئەيلەپ.

ئەغىلىپ ئەلگى جىملەئى ئەلنى،
توختىدى كوڭلى ئىشلىمەك ئەيلەپ.

قىلغۇچى بولسا قايتا بىر ئىش يوق،
ئەمدى ئىككىنچى قوڭغۇراق ئەيلەپ.

ئوزنى ئۈيان - بۇيان سەرى تاشلاپ،
تۈرمىدى زەررە تاپ ۋە تاق ئەيلەپ...

شۇئاندا بولدى بىر ئوغۇت پەيدا،
قوزى قارىن كىبى ماراق ئەيلەپ.

شويلا ئىچ پىشقىمىز يازلىسۇن دەپ،
تاپتى بىر ئىشنى ئوينىماق ئەيلەپ.

كوڭلى بىر ئىشقا تاپتى قارار،
ئۆز ئارىسىدا ئىتتىپاق ئەيلەپ.

جىسمى ئىچرە قۇرۇپ ئاللا نىمەلەر،
بىر ئۇشۇق نەرسىنى چاتاق ئەيلەپ.

يەنى ياققاندا قار يېزىپ خەتلەر،
نامۇناسىپ يەردە شاراق ئەيلەپ.

تاشلا بان قاچتى بەرمەيىن تۇتقۇچ،
ئۆزىنى مىسال ئارغىماق ئەيلەپ...

شۇنىڭغا ئوخشاش مەن ھەم يېزىپ بىرخەت،
ئاستىم ئۆزۈمنى ئىگىز پالاق ئەيلەپ.

ھەركەتتە بولۇرسىز ئەندى بەس،
بىردەمى باشقا ئىش تالاق ئەيلەپ.

پىكىردە ئەندى ئۇنىڭ بولغايسىز.
بىر نەچچە يەرلەردە ئوچاق ئەيلەپ.

يىمەك - ئىچمەك قۇرۇق خاھى ھول،
تۇرلۇك رەڭدە ئىشتىقاق ئەيلەپ.

قىچقۇررسىز مۇنگە گۇرۇچ مەھمان،
خوش تەبئەت يىقىن-ئۇزاق ئەيلەپ.

نا زورۇر ئۇشبۇ يەردە گەپ كەلدى،
كەلمىسۇن دىللىرى پىراق ئەيلەپ.

ئوچاق ئالدىدا ئولتۇرغۇزۇپ بالىنى،
جۇپ ئوچاققا بىر قۇچاق ئەيلەپ.

مەن دەنى ھەد شۇلاي دىمەكلىكدىن،
بەقا بولدۇم ۋاق - ۋاق ئەيلەپ.

ئەفۋە ئىتتۇرسىز مېنىڭبوبى ئەدىبىم،
گاھى - گاھى غىڭشىماق ئەيلەپ .

يازدى قار مەكتۇبىنى بۇقارى،
ئۆزىدىن ئۆزى خالىماق ئەيلەپ.

### مۇخەممەس

باشمە ئىشقىڭ چۇشۇپ سەۋدا بولۇرمۇ مۇنچە ھەم،
ئەل ئارا پىنھان سىرىم ئەپشا بولۇرمۇ مۇنچە ھەم،
غەم يۇكىدىن ئاھۇ قەددىم يا بولۇرمۇ مۇنچە ھەم،
ئى چۇمەندە قامىتىڭ رەنا بولۇرمۇ مۇنچە ھەم،
كوز دىگەن ئاھۇ كەبى شەھلا بولۇرمۇ مۇنچە ھەم.

سەير گۇلشەن قىلدىڭ ئول سۇبھىكى مەستانە يۇرۇپ،
سەپزەلەر باش چوكتى تەزىمگە تانەرگىس تۇرۇپ،
پەردىسىز كىرگەن چېغىڭ سەۋسەن سىپىغا ئات سۇرۇپ،
گول ياقا چاك ئەتتى خىجالەتدىن دىدى ناگا كورۇپ،
توبە كىم ئارىز دىگەن ھەمرا بولۇرمۇ مۇنچە ھەم.

بېھايا گۈللەر بېغىڭدا تۇرمىسۇن ئەي باغۋەن،
ئېچىلىپ بىھۇدە سۇمبۇل سۈلمىسۇن ئەي باغۋەن،
قەددىگە شەمشات مەغرۇر بولمىسۇن ئەي باغۋەن،
لاپ نازۇكلىكنى سەرۋىنىڭ ئۇرمىسۇن ئەي باغۋەن،
يالغان ئىش.ق ئەھكامىدا داۋا بولۇرمۇ مۇنچە ھەم.

لەززەتى شېرىن سوزۇڭ ئىنسان شىكەردىن كورمىدى،
لەئلە نابىڭ مەۋجىنى گۈل بــەرگى تەردىن كورمىدى،
ئاي يۈزۈڭ نۇرۇڭ پەرىڭ شەمسۇ-قەمەردىن كورمىدى،
ئاپەتى جان ھېچكىم سەندەك بەشەردىن كورمىدى،
ھوسنى مۇلكىدە كىشى تەنھا بولۇرمۇ مۇنچە ھەم.

بىداۋالىق دەرت نەھالىڭنى سورىمايسەن تېخى ،
يەتتە كوككە نايادىڭغا كەلتۈرمەيسەن تېخى،
مۇشكۇل ئىشلار ساڭا ئاساندۇر پۈتتۈرمەيسەن تېخى،
قالغا باغرىم لالىدەك ھەم تولدى كورمەيسەن تېخى،
ئەي مۇقامىڭ ئەۋجى ئىستىغنا بولۇرمۇ مۇنچە ھەم.

مۇتتەسىل بەزمە ئەيلىسەڭ ئاغياز بىلەن لەيلى ناھار،
رەشكى ئوتقا ئورتۇنۇپ ھەم بولمايىنمۇ دىلپىگار،
نەيلەيىن يۈرمەي غېمىڭدە دەر بەدەر مەجنۇن ۋار،
ھۇشۇمنى باشتىن ئېلىپ ھىجرىڭدە قىلدىڭ بىقارار،
ناتاۋان كوڭلۇمگە ئىشقىڭ جا بولــۇرمۇ مۇنچە ھەم.

مېھرى شا،تاكى تا غاپىل ھال-زارىمنى بىلىپ،
قىل جامالىڭدىن مۇنەۋۋەر كولبەمنى كوزگە ئىلىپ،
نى بولۇر ھەسرەت ئىشتىسەڭ تا سەھەر - ئاخشام كېلىپ،
يوقمۇ رەھمىڭ، كەلمىدىڭ كوزلەر تېشىلدى تەلمۈرۈپ،
دىگىن ئادەم شوخ بىپەرۋا بولۇرمۇ مۇنچە ھەم.

سىردىشىم ھەم مىھرىبانىم دەپ ئەخىر،
ئۈلپىتىم ھەم مۇنىسىم ھەمرازدانىم دەپ ئەخىر،
ئەۋۋەلىدەۋەدە ئەيلەپ دوست جانىم دەپ ئەخىر،
ئەمدى پەيمانىنى ئوشاتتىڭ قەدىردانىم دەپ ئەخىر،
سەندىن ئى دۇشمەن ئىشى بەرپا بولۇرمۇ مۇنچە ھەم.

دەھرىدە سەرگە شەتتەئى ئاسى ھوسەيىنى ئۇمۇرلەر،
يەنى رەسۋالارنىڭ رەسۋاسى ھوسەيىنى ئۇمۇرلەر،
ئى بىرولارنىڭ ئەلاسى ھوسەيىنى ئۇمۇرلەر،
بولمىسا ۋەسلىڭ تەمەننىاسى ھوسەيىنى ئۇمۇلەر،
كوچىلاردا زادى ھەم شەيدا بولۇرمۇ مۇنچە ھەم.

## ھەجىۋ ئات

ئۇرما بىر قامچا ئالۇرمىڭ ئىنتىقام، ئۆلسۇن بۇ ئات،
چىشلە بۇ-تېپىپ ئۆتەر ئۆمرى مادام، ئۆلسۇن بۇ ئات،
ھېچكىشىگە بولمىغاي چۇن ۋەھشى رام، ئۆلسۇن بۇ ئات،
تاب تاقەت يوق ئەپتىنى كورمەك ھارام، ئۆلسۇن بۇ ئات،
ھەيىپتۇر ھەرگىز سۇغارماڭ تەشنى كام، ئۆلسۇن بۇئات.

تورپە قارچىنغى ۋە سەنغى خويلىرى بەتكارىدۇر،
پىكرى - زىكرى دائىما ئەندىشىسى ئازارىدۇر،
شەۋقىنىدىن ئەل مىنىپ چىقسىاڭ ئەگەر بىزارىدۇر،
گەر سەپەر قىلساڭ بىراۋ ھەمرالىكىگەزاردۇر،
شەتە سالغاي يولدا كىم قىلسا سالام، ئۆلسۇن بۇ ئات.

بەدقاۋاق سۇرەت، سوغۇق رەڭگىدە سۇركىم قېنى يوق،
بېدىنى چايناپ يۇتارغا چىش بىلەن دەرمانى يوق،
ھەر قەدەمدە قېقىلۇر جىسمىدا لاغىرجانى يوق،
مىنگەن ئادەم بولمىسا مەجرۇھكى ئىمكانى يوق،
گويا قىرارغا تىنغ بىى ندىيام، ئۆلسۇن بۇ ئات.

داغۇلى خىسلەت مۇغەمبىر پەيلى ئەتۋارى قىزىق،
باغلىساڭ بەر يېرگە كەلسەڭ ناگاھان قېتىپ يېشىق،
بەرمىگەي تۇتقۇچ مىسالى چاپ چىبان ئوغرى مىشىق.
گەرچە ھەنگى جىگىرىدور كاشكى بولسا پىششىق،
ئۆلگىچە قوش ۋە جۇۋاز بابىدە خام ئۆلسۇن بۇئات.

زەررەمىنگەندە ھوزۇر-هالاۋەت كورمۇدۇم،
شۇملىغىدىن ھېچ بىر مەنزىلدە تىنچلىق كورمۇدۇم،
ئەرتە-ئاخشام قاشلاپ بىر لەھزە يەمىسز قويمۇدۇم،

قانچەبا قسالڭ سىلگە ئوخشاپ رەڭگى چىقماس بىلمىدىم،
سىڭدۇرەلمەس، يىسەرەت قىلغاي تائام، ئولسۇن بۇ ئان.

ياخشىسى،ئول باش كىسىلڭ، قىلغانىدا توي ئەيلەپ سۇقۇم،
ياموھىم خەيرە قوش ئورنىغا توي ئەيلەپ سۇقۇم،
هاجەت ئەمەستۇر يوقاتقىل كوپت گوي ئەيلەپ سوقۇم،
دوم بىلەن يالىنى كوزلەپ جازاسى سوي ئەيلەپ سوقۇم،
پارچە جۇل سىدىقى زىيىن ئول جام ئولسۇن بۇ ئات.

دوق ئىتىپ توختار يىراقتىن بولسا بىر ئادەم دۇچار،
ئاڭا باقىپ كىشنىگەي ئاغزىن ئېچىپ چۇن ئەژدىھار،
قايتىدۇر ناچار ئوتەلمەي ئارقىسىغا كوچا تار،
سىدىقى ۋە يەم ـ خەشەك كەپسەن قويۇڭ كەچ ۋە ناھار،
ئەرتەراق يەتسۇن ھىلاكە تكەتامام، ئولسۇن بۇ ئات.

چەپ بىرىپ پايلاپ تىپەرگە ئۇستىخان يوق ئاتىدە ،
ياندىشىپ بارماي يىراقراق تۇر ئوقۇرنىڭ چېتىدە،
دوست بولمايدۇ مىسلى تۇكلۇك نىمەرسە بېتىدە،
ئالدىدىن كەلسەڭ ئېغىز سالغاي، مۇبادا كوتىدە
تىپىدۇ خاچۇقۇرلۇق خايى تام، ئولسۇن بۇ ئات.

هۇركۇپ ئوتمەس هۇلسە، كوزگە كورۇنسە بىر گىياھ،
پېتىنالماس ئاڭا بىر ئىلىك چوقۇرغا كاتتا چاھ،
چۇچىماستىن كىم قىلۇر ئوزىگە ئوز ئىشتىباھ،
ئىككى قول دائىم ياقىدا شورىدىن ئىستەپ پاناھ،
مىنگەن ئادەمنىڭ قىلۇر سۇبھىنى شام،ئولسۇن بۇ ئات.

يىل سۇرۇشتۇرسەڭ مەگەر،ئەللىككە كىرگەندۇر يېشى،
قامچىغا بىھەد قېلىن گوياكى ئەزاسى تېشى ،
ھىلە ۋە مىكىرۇ جاھالەتدۇر ھەمىشە ئويلىشى،
بىلمىدىم چىققانمۇ ئۇرۇشتىن كېسىلگەندە بېشى،
بىر قەدەمنى يەرگە قويماس بىنتزام ئولسۇن بۇ ئات.

كىمىسە بازارى سوراپ بەيئى بەرقى سالمىدى،
بىر خېرىدارى چىقىپ ئالغان پۇلۇمغا ئالمىدى،
نەچچە كىم بەد بەخت تەدبىر ئەيلىدىم ساتىلمىدى ،
تابى تاقەت مەندە ئىگەرلەپ مىنەرگە قالمىدى،
كەلگىنىگە ئالسا سات،ئەمدى ھارام ئولسۇن بۇ ئات.

نەشرگە تەييارلىغۇچى: كامىل سايىت
مەسئۇل مۇھەررىر: مەھەممەت زۇنۇن سىدىق

# كۇلۇپ

( 12 ـ قۇرۇلتاي ئىلھامىدىن )

مۇكەررەم ئەبەيدۇللا

ئەيلىدى مەپتۇن كوڭۇلنى تاڭدىكى چولپان كۇلـۇپ،
چاقنىغان ئوتقاش جۇلاسىدىن چىمەن ـ بوستان كۇلۇپ.

خوش ـ خەۋەر ئېيتىپ سابا ئايلاندى گۇللەر باشىدىن،
قىلدى جەۋلان غۇنچىلەر قەلبىدىكى ئارمان كۇلـۇپ.

چىن ھارارەت تەپتىدىن چاچقان قۇياش زەر ىىباھا،
ياشنىتىپ گۇلشەننى نۇردىن ىىغۇبار ئاسمان كۇلۇپ.

قىلسا نەغمە شوخلۇنۇپ بۇلبۇل ، ساداسى پەيزىدىن ـ
لەرزىگە سالدى قىزىل گۇل باغرىنى گۇلخان كۇلۇپ.

بۇ گۇزەل سۇبھىگە ئەيلەپ ئاپىرىن ، شەبنەم بولۇپ،
چاچتى ياقۇت لەئلى ـ گەۋھەر ، بىھىساپ دۇردان كۇلۇپ.

جانىجان كومپارتىيەم ياققاچ سائادەت مەشئـىلى
پارلىغان مەنزىلگە ئاقتى مىڭ تۇمـەن پەرۋان كـۇلۇپ.

بەختىمىز نىڭ يۇلتۇزى يانغـاندا تەلەي كوكىدە،
شۇ ئۇلۇغ ئىقبالغا ئاچتى كەڭ قۇچـاق، دەۋران كۇلۇپ.

# شېئىرلار

ئېلى ئەبەيدۇللا

## پارتىيە شەنىگە

سۈيۈملۈك پارتىيەم، دىلغا مېھىر ئىشقىڭدا ئىز سالدىڭ،
كۆڭۈلنىڭ چارى باغدىن، مىسالى گۈل، ئۆرۈن ئالدىڭ.

پاناھى سەن پۈتۈن ئەلنىڭ، جاپاكەش ئىشچى - دېخاننىڭ،
شۇ خەلقىم ئىڭرىغان تۈندە بەخت شامى بولۇپ ياندىڭ.

مۇقەددەس زۇلپىقارىڭدا ئەجەل يوللاپ رەقىپلەرگە،
بۈيۈك تارىخقا ھەققانى ئۇلۇغ قامۇسنى سەن يازدىڭ.

ياساپ گاڭدىن قانات كوكتە ئۇچۇپ بۈركۈت كەبى باتۇر،
گۈزەل تاڭ ۋەسلىنى كوزلەپ بۇلۇتلار باغرىنى ياردىڭ.

تۇلۇپ قۇدرەتكە كۈنسايىن، قۇچۇپ باردىڭ ئۇلۇغ غەلبە،
پۈتۈن ئالەمگە داڭ كەتكەن زەپەر سازىنى سەن چالدىڭ.

## ۋەتەن

سىنىڭدىن ئۆزگىدە راھەت تېپىلماسكەن، ۋەتەن، بىلسەم،
يەنە يوقكەن گۈزەل سەندەك بۇ ھەقتە كوپ خىيال سۈرسەم.

تىرەنلىكتە دېڭىز - دەريا، ئېگىزلىكتە قىيا بولسام،
سېنىڭ مېھرىڭ ئىكەن چوڭقۇر، مېنىڭ بەختىم شۇڭا كوركەم.

ئاقار تامچە تېرىم سەنچۈن توكۈلمەس ئۆزگىگە زىنھار،
رىزامەن ئۆز دىيارىم دەپ كورەشتە شان قۇچۇپ ئولسەم.

يارالسام بوپ ئۇچار لاچىن، ساماغا ئۆرلىسەم مەغرۇر،
مۇرادىم شۇ - گۈزەل قوينۇڭ - جامالىڭنى قېنىپ كورسەم.

نە ئارمان قالغۇسى جاندا،ئالدا مېھرىگە قانسا كىم،
ۋەتەن،قوينۇڭ بۇشۇگۇمدۇر،تېنىم يا يىرار يېتىپ كولسەم .

مۇھەببەت دەيدىكەن ھەركىم جانان ئىشقى-پىرا قىنى ،
مېنىڭ سۆيگىنىم- ۋەتەن مېھرى ، سويۇنمەس دىل جانان سويسەم.

شۇڭا دەيمەن:ھايا تىمنى ۋەتەنگە چىن ئاتا قىلسام ،
ئىجادىم تۇھپىسى بىرلە ئۇنى گۇللەر ئارا كومسەم .

## قەسەم

قەسەمبىللا ئىرادەم چىڭ خەلق شەرتىن ئورۇنلاشقا ،
ۋەتەننى گۇللۇتۇشتەك ئەڭ بۇيۇك بۇرچۇمنى ئا قلاشقا .

ئەشۇ ئارزۇ ۋىسال تاپماس قۇرۇق سولەتكە يار بولسا ،
ئىرادە باغلىدىم گاڭدەك،تالاي توسقۇننى ئاتلاشقا.

ۋەتەن- " شىرىن" ئۇنىڭ شەرتى ئىجا تتۇر مەن ئۇچۇن دائىم،
بولۇپ پەرھات ، تەسەددۇق جان ، يېرىپ تاغ سۇنى باشلاشقا .

نە ھاجەت ئۆزگە بىر جەننەت ۋەتەندەك خوش باھارىمدا ،
ئەجەپ ئىللىق ماكانكى بۇ گويا بولبۇلچە سايراشقا .

بۇ ئارزۇدىن ۋىسال تاپسام دىگەي خەلقىم مېنى ئوغلۇم ،
ئەگەر ئولسەممۇ خەلقىم بار بېرىپ قەۋرەمنى يوقلاشقا .

سەپەرگە ئات سېلىپ چىققان ۋەتەننىڭ ئوغلىمەن باتۇر ،
پىدا ئەيلەپ ئېزىز جاننى ئەشۇ قايناغا تاشلاشقا.

# ئىككى شېئىر

ئېلى ئېزىز

## ئورگىلەي

كۆلدى قەشقەر چېھرىدە كۈننىڭ جۇلاسى، ئورگىلەي،
مەڭگۈ يار بولدى باھار، كەتتى ئا يازى، ئورگىلەي.

زەپ مەيىن ئويناق سابا، گۈلگۈن يېزامنى ئايلىنۇر،
ئەترە - رەيھان ھىدىنى چاچتى ھاۋاسى، ئورگىلەي.

تاغ- ئېدىر، باغۇ - ئېتىز كەيگەن يېشىل كىمخاپ لىباس،
كېلىدو بوستان ئارا كاككۇك ناۋاسى، ئورگىلەي.

ما قۇقا كىرسەم باغۇنى سۈندى شارابى ئەنتھور،
چاچقۇلار چاچتى بادام، ئەنجۇر، گىلاسى، ئورگىلەي.

كوزنى چاقنا تتى ئىلىم - ئىرپان گۈلى يۇلتۇز بولۇپ،
دىلنى مەپتۇن ئەيلىدى ئەل ئىختىراسى، ئورگىلەي.

ئەجرىدىن ئەلۋەك ھوسۇل ئالغان دىخان ھوزۇرلىنىپ،
شوخ تەرەننۇم ئەيلىشۇر سەيرى - ساماسى، ئورگىلەي.

بەختىنى كويلەپ خەلق دەيدۇ: ياشا ئازات زامان!
تېپىلۇر سەندە بۇگۈن جاننىڭ داۋاسى، ئورگىلەي.

## ناخشام

شەپەقتىن تون كىيىپ يۇرتۇم ياساندى، ھوسنىگە باقسام،
گۈزەللىك زوقىدىن يايراپ، دىلىمدىن ئۇرغىدى ناخشام.

باھار پەسلى قۇچاق ئاچقان، چېچەكلەر خۇش پۇراق چاچقان،
توكەر تەر مەرتلەر بەس - بەستە ئېتىز-كان باغرىغا باقسام.

گۈلىگەكەلتۈرۈپ سەر خىل، چېكەر يۈرت ھوسنىگە كەشتە،
نە كەشتە، كەشتىسى ئىلھام بېرەر گەر نەزمىگە قاتسام.

كوگۈل باغى ياشارغان زەپ، دالا - تۈز ھوسنىمۇ ئاندىن،
نە ئارمان،شات كۈيۈم بىرلەن ئاگا زۈمرەت بولۇپ ئاقسام.

زاما بەم ھور، ھايات قۇۋناق، دىلىم خەلقىم بىلەن مۇشتاق،
مەدەتكار پارتىيەم ھەر چاغ، شۇگا ياگراق خۇشال ناخشام.

# يۈرەك سوزۇم

## مەتتوختى ئەخمەت

ئەي ئېزىز قەشقەر — جاھان سەيناسىدا باغى ئېرەم،
مەن ساگا مۇشتاق يۈرەكتىن، سەن ماگا ئەڭ موھتەرەم،
زىكرى ئەيلەيدۇ تىلىم نامىڭنى تىنماي دەممۇ - دەم،
ئاپىرىن - تەھسىنگە تەگكەش بارىدۇ ھەر بىر قەدەم،
تەھسىنىمگە بەلكى ھەيران دىھلى، باغدادۇ-ئەجەم.

مەن كېلىپ بەش يىل بۇرۇن ماچىن دىيـارىمدىن ساگا،
پەن ئۈچۈن قىلدىم سېنىڭ ئېرپان بېغىڭغا ئىقتىدا،
نوبىتى ①، مەھزۇنى ②، ئەخمەتشا③ دىدى - قىلدى نىدا:
«ئەخمىدى ھىچ قايتمىغىن قىلماي ئىلىم تەھسىل ئادا»،
چىن مۇرات سەندىن تېپىلدى ھەم ئورۇنلاندى قەسەم.

ئەي ئىلىمنىڭ خەزىنىسى، بەردىڭ ماگا مەزمۇت قانات،
شەپقىتىڭگە مەن مۇيەسسەر، داغدىدۇر پىتنە-پاسات،
سەن بىلەن تولدى پاساھەت ھوسنىگە پەننى ھايات،
نۇر جۇلا بەردى دىلىمغا سەندىكى ھەر بىر ساۋات،
پەنگە زەردار ئەيلىدىڭ، سەنئەتتە تۈزگىن دەپ ھەشەم.

---

ئىزاھ:

نوبىتى①، مەھزۇنى② ئەخمەتشا③ خوتەندە ئۆتكەن مەشھۇر قەلەمكارلار.

بار مېنىڭ بەستىمدە بەش يىللىق ئەجىر ھەم تۈزلىرىڭ،
بار ئۈممەت بىرلە تىكىلگەن ئاي كەبى جۈپ كوزلىرىڭ،
بار دىلىمدا دائىما ئىلھام ـ مەدەتلىك سوزلىرىڭ،
ئىللىتىپ كەلدى مېنى‌مىھرىڭ ـ گويا تومۈزلىرىڭ،
كورگىنىم ئاز بولمىدى سەندىن شۇ بەش يىلدا كەرەم.

سەندە تەھقىقكى، پەزىلەتنىڭ بۈيۈك ھاۋاسى بار،
سەن ھۈنەر ـ سەنئەتكە باي، خەلقىڭ چىۋەر، ناۋاسى بار،
مەرت ئۇسەر ئوغلانلىرىڭ، ئەخلاق بىلەن ھاياسى بار،
قىزلىرىڭ سىماسىدا مىڭلارچە ئاي جۇلاسى بار،
سەن ئۈچۈن خۇشتار غېرىپ ھەم سەن ئۈچۈن مۇشتاق سەنەم.

سەندىكى بىر كۈنچە بولماس مىڭ باھارنىڭ شاتلىغى،
سەندىكى سائەتچە بولماس مىڭ ئومۈرنىڭ تاتلىغى،
سەندىكى خىسلەتچە بولماس مىڭ تولۇنئاي پاكلىغى،
سەندىكى ساپلىقچە بولماس ئەڭ سۈزۈكنىڭ ئاقلىغى،
بى قەدىر ئوتمەيدۇ سەندە ھېچ ئومۈر، ... يوقتۇر ئەلەم.

نە بويۈك بىلسۈن بۇ دەم قەلبىم سېنىڭدىن ئوزگىنى؟
بولسا يادىمدا نىزار، سەبۈرنىڭ دۇر سۈزگىنى،
بولسا ھەم مەھمۇت، يۈسۈپنىڭ سەندە قامۇس تۈزگىنى،
ھېلىھەم سانسىز ئەقىلدارنىڭ چېچىپ ئات ئۈزگىنى؛
سەنىكى ھىكمەت كانىدۇرسەن، سەندە ئىرپان نۇرى جەم.

مەن سېنى شاھانە بىلمەك دىلدىكى يۈكسەك ئويۇم،
ئىپتىخارلىق بابىدا سەنسەن مېنىڭچۈن چوڭ ئۇدۇم،
ئۇزۇتۇپ تۇتتۇڭ پىيالە، دىلغا يۇردى ھەر يۇتۇم،
شۇل مىنۇت تىل بولدى لال، تۇرغانىچە كوكسۇمدە قولۇم،
ئەلۋىدا دەرگە تىلىم قانداقچە بارسۇن ئۇشبۇدەم؟

مەن كېتەر بولدۇم، سېنىڭ ئوتلۇق كالامىڭ ئېيپ كېتەي،
شات خوتەن خەلقىگە ئېيتقان چىن سالامىڭ ئېيپ كېتەي،
ساپ ۋاپانىڭ جامىدا سۇنغان قىيامىڭ ئېيپ كېتەي،
سەيلىگاھىڭدا يېتىشكەن دىل ئارامىم ئېيپ كېتەي،
خەير ـ خوش! ئەي قىبلىگاھىم، جانىجان گۈلشەن ۋەتەن.

# ۋەتىنىم

ياسىن مەمەت

ۋەتىنىم ـ جۇڭخۇا ئېلىم، شان ـ شەۋكىتىم، پەخرىم مېنىڭ،
بەختىيار قوينۇڭدا ياشناپ كۈلدى ھور بەختىم مېنىڭ.

چىگرىدا، باغدا، ئېتىزدا ياڭرىدى شات ناخشىلار،
تولدى رەڭدار گۈل ـ چېچەككە كەڭ ـ يېزا شەھرىم مېنىڭ.

نەۋباھارنىڭ نۇرى قايتا پارلىغاچ سەندە بۈگۈن،
ئەڭ گۈزەل ئارزۇ ـ تىلەككە تولدى ياش قەلبىم مېنىڭ.

يەڭ تۈرۈپ چۈشتۈم چېلىشقا مىسلىسىز جۈرئەت بىلەن،
سەن ئۈچۈن ساپ تەر تۆكۈپ غەلىبە قۇچۇش ئەھدىم مېنىڭ

بۇ مۇقەددەس تۇپرىقىڭغا قويسا گەر دۈشمەن قەدەم،
ئېلىشارمەن تىغمۇ ـ تىغ، چىن قەھرىمان ئەسلىم مېنىڭ.

ۋەتىنىم بەردىڭ قانات ئۇچماق ئۈچۈن شۇڭقار بولۇپ،
توتلىشىشنىڭ پەللىسىگە ئۆرلىدى خەلقىم مېنىڭ.

مەن ساڭا سادىق بولۇپ ئۆمرۈم بويى ئىشلەي راسا،
رازى بولما باققىنىڭغا، سىڭمىسە ئەجرىم مېنىڭ.

كۆچكە تولدۇردۇڭ مېنى سەن مېھرىۋانلىق ياغدۇرۇپ،
ئاقلىماستىن ئاق سۈتۈڭنى تۈگىمەس قەرزىم مېنىڭ.

ۋەتىنىم ـ ئېزىز دىيارىم، سەن بىلەن تاپتىم روناق،
سەن ئۈچۈن ياشلىق ھاياتىم ـ بارلىقىم تەقدىم مېنىڭ.

# غەزەللەر

ئابدۇللا ئېلى

1

تيانشان ئوغلىمەن،نۇرغا چۈمۈلگەن هور دىيارىم بار،
بۇ تاغنىڭ ئىگىسى بولغاچ جاھاندا ئىپتىخارىم بار.

سۈيى شەربەت ، تېشى ئالتۇن،گىياسى ببباها گەۋھەر،
ماڭا سەرۋە كېرەك بولماس، ئۈنىڭدىن ئۈز چىنارىم بار.

سادىقىمىز ئاق كىرىستال چوققىلار شەكسىز ماڭا تالىق،
پايانسىز تاغ ئىتەگىدە چىرايلىق لالەزارىم بار.

نىمشقا ھاجىتىم چۈشسۈن بىراۋغا، تەل تۇرۇپ ھەممە،
قەدىمدىن مەن تۇرۇپ باي ئەل قاتارىدا، قاتارىم بار.

شۇڭا مەشرەپ قىزىتتىم چوققىدا كەگرى قۇرۇپ بەزمە،
قولۇمدا ئۈز بوۋام بەرگەن راۋاپ، تەمبۇر، ساتارىم بار.

تىيانشاندەك تۇرار تىنك قامىتىم كوكنى تىرەپ مەڭگۈ،
ئېلى،تارىم سۈيى مەنبە قېتىپ تۇرغان مادارىم بار.

پىدا قىلغاچ جىنىنى بۇ گۈزەل تۇپراققا ئابدۇللا،
ياتار غەمسىز ئۇلۇپمۇ،دەپ: "تيانشاندا مازارىم بار."

2

دىلىمنى بىر پەرى ئالدى ئۈنىڭ ئىسمى ئىلىم - ئىرپان،
مېنىڭدە،يوق ئۈنىڭ ۋەسلىگە يەتمەكتىن بولەك ئارمان.

مۇھەببەت يولىدا كۆرمىڭ مۇشەققەت بارلىغى ھەق - راست،
بىلەرمەن شۇ مۇشەققەتنى ئاشىقلىق دەردىگە دەرمان.

ماڭا پەرھات ئىزى ئورنەك، يەتەرمەن ئارزۇ ـ ئارمانغا،
توسالماس بۇ يولۇمنى شۇنچە دەھشەتلىك دېڭىز ـ ئوكيان.

دېسەم مەن يار ئۈچۈن كويدۇم،كويۈپ كۆل بولدى دەپ قالماڭ،
تۇتاشقان ئوت دىلىمنى يورۇتۇپ نۇر بەردى مىڭ چەندان.

تىلەپ بىستۇن تېغنى،سۇ ئېچىپ شىرىننى بىر سويمەي،
بۇ يولدىن يانسا ئابدۇللا،دېمىگەي ئەل ئۇنى ئوغلان.

3

دېسەم ئالەمنى كوك ـ ئاسمان،ۋەتەننى تۇندە ئاي دەيمەن،
جاھاندا يوق ۋەتەندەك ئۇز،كېلىشكەن پەيزى جاي دەيمەن.

ئۇنىڭ رۇخسارىغا باقسام دىلىم تولغاچقا ئىلھامغا،
تەرىپلەشكە تاپالماي سوز، بولۇپ رەسسام سىزاي دەيمەن.

ھاياتلىق شەربىتى ئاقسا گۈزەل تارىم، زەرەپشاندا،
ساناقسىز تاغلىرى مەدەن، نېفىت مەنبەگە باي دەيمەن.

تۇغۇلدۇم بۇ دىياردا چوڭ بولۇپ تاپتىم ئەقىل ۋە كۈچ،
كۈچۈمنى بايلىغىم بىرلە جاھانغا تونۇتاي دەيمەن.

تېنىمگە جان كىرىش بىرلە، تۇغۇلغان مەندە بىر غايە،
ۋەتەن بەختى ئۈچۈن جاننى ئاتاپ غەلبە قۇچاي دەيمەن.

ئاقار مېھرىم ۋەتەنگە ھەر نەپەستە مىڭ ياساپ ئوركەش ،
ئوزەممۇ سۇ بولۇپ تۇپراقلىرىغا توش ياقاي دەيمەن.

ۋەتەنگە جان پىدا قىلسام، ئېچىلسا، دەيدۇ ئابدۇللا :
فېنىمدىن رەڭ ئېلىپ لالە، شۇچاغ مەن شات ياتاي دەيمەن.

# ۋەتەنگە مۇھەببەت

تۇنسا ئوسمان

ئانا - ئەل جانىجا نىمسەن،سېنى كويلەپ ناۋا ئەيلەي،
ساڭا بولغان مۇھەببەتنى ھەمىشە دىلغا جا ئەيلەي.

سۇيۇگىنىڭ قەترىسى زەم - زەم، جىنىمغا جان قوشار چەكسىز،
گىيارىڭنى بىمارغا نەپ - شىپا مىھرى گىيا ئەيلەي.

يىگىت - قىزلار كوزى چولپان، يۇزى رەڭدار ئانار يەڭلىغ،
ئۇنىڭ ئىشقىغا مەنھەقدا، يۇرەكنى چوغ - لاۋا ئەيلەي.

يۇسۇپ، مەھمۇت، ئامالىنالار ئومۇرلۇك ئىشقىنى باغلاپ،
قېتىپ ئوتتى سېنى كۇيگە، ئۇلارنى رەھنىما ئەيلەي.

بېغىڭدا خوشناۋا بۇلبۇللىرىڭ خەندان قىلار دائىم،
بولۇپ جۇر كۇي قېتىپ، زىكرى ئېتىپ مەنمۇ ساما ئەيلەي.

سېنىڭدە ھەر كۇنۇم توپىدەك ئوتەر راھەتتە - پاراغەتتە،
سېنى چىن رازى ئەيلەشكە شەرەپ - شاندىن بىنا ئەيلەي.

ساڭا تەرىمنى توكمەكتىن بۇ يۇك ئىش يوق بۇ ئالەمدە،
ئەگەر تاغنى كوتەرگىن دە، كېچىكتۇرمەي بىجا ئەيلەي.

تېنىمدە مەنبىئى كۇچنىڭ-ساڭا بولغان سادا قەتتۇر،
سادا قەتسىز ھاياتىمنى، جېنىمنى ئەلۋىدا ئەيلەي.

# قەشقەر قىزى

ئەخمەت ئىگەمبەردى

قەشقەر قىزى گۇل-غۇنچە،
چېشلىرى سەدەپ ئۇنچە،
ئوتتۇك تەگدى كېلىپ شۇنچە،
كويدۇرمە يۇرەكىمنى.

باغدا بۇلبۇلۇڭ بولسام،
شېخىڭغا بېرىپ قونسام.

مېھرىڭگە قېنىپ تويسام،
تۇتقىنە بىلەكىمنى.

قىش كەتتى،باھار كەلدى،
تون كەتتى،لاھار كەلدى.
ئالدىڭغا خۇمار كەلدى،
بىلگىنە تىلەكىمنى.

# ئىشچان يىگىت

بەلىقىز ئىبراھىم

ئالدى يەنە ئاق بۇغدايدىن ئوتتۇز تاغار،
باتۇرلىغى تىلسىماتنى ئاچقان يىگىت.
ۋۇجۇدى گالڭ، شىجائەتتى تاغدىن ئاشار،
مېھنەتتى مول، چاقماق كەبى چاققان يىگىت.

ئەھلى يۇرتى قايىل ئۇنىڭ غەيرىتىگە،
مۇشتىگىدىن ئىش قوينىدا پىشقان يىگىت.
يەتتى ئەنە ئوز ئەجرىنىڭ لەززىتىگە،
ئاتىسىدەك ئەمگەك سۆيەر پالۋان يىگىت.

# شېئىرلار

مەۋلان

## ئاي بىلەن سوھبەت

ئاينى مەن بەك گۇزەل دىسەم ئۇ ماڭا
دىدىكى: " كورمەمسەن يۇزۇمدە داغ بار.
بۇنچىلا ماختىما، ئىنسان بالىسى،
ئون بەش كۇن يورۇقتا قاراڭغۇدۇر يار.

كۇن مەندىن ھەسسىلەپ گۇزەلدۇر بىلسەڭ،
ئىنسانغا بېغىشلار ھارارەتلىك نۇر.
ۋە لېكىن ئولتۇرار كەچ كىرگەن چاغدا،
جاھاندا نوخسانسىز ھېچ شەيئى يوقتۇر. "

## دوستۇمغا

مەن سېنى كورىمەن جېنىمدىن ئارتۇق،
مەھلىيا قىلغاچقا تىرىشچان روھىڭ.
قەلبىمگە شاتلىقنىڭ ئۇرىغىنى چاچار،
يۇلتۇزدەك چاقنىغان ئەشۇ كوز نۇرىڭ.

ئۇمىدىم: ھەممىنەپەس بولاي مەن ساڭا،
تۇتۇپ سەن قولۇمنى يېتەكلە ئالغا.
مۇھەببەت ھەم ۋاپا بولسۇن بىزگە يار،
ئات سېلىپ بارايلى ئۇلۇغ ئىنقىلابقا.

## قەلەمدىن ئۆزگە مۇڭدىشىم يوقتۇر

قارايمەن رۇجەكتىن سۇزۇك ئاسمانغا،
خىيالىنىڭ ئىلكىدە بېقىپ چولپانغا.
نە چولپان، گويا ئۇ پارلىغان ئۈمىت،
شۇ ئۈمىت يار بولۇر دىلدا ئىلھامغا.

قولۇمدا قەلىمىم، ئالدىمدا دەپتەر،
قۇرلىرى ئۈستىدە ئىجادىم پارلار.
قەلەمدىن ئۆزگە ھېچ مۇڭدىشىم يوقتۇر،
قەلبىمنى ۋەتىنىمنىڭ سويگۈسى قاپلار.

## قىرىنداشلىق مېھرى

ئابدۇرېھىم مەھەممەت

تاغ باغرىنى بويلىغان ئۇزۇلمەس تاش يول،
ياتماقتا سوزۇلۇپ كۆمۈش لېنتىدەك.
تىك چوققا بولۇتقا كوكسىنى تىرەپ،
تۇرماقتا مۇقەددەس ئۇلۇغ سېپىلدەك.

تاشلارغا ئۇرۇلۇپ ئاققان تاغ سۈيى،
ئەسلىتەر كىشىگە كەپسىز غولىنى.
ئۇنىڭ شوخ شاقىراق ئاۋازى گويا،
بېرىدۇ يۈرەككە چەكسىز ھوزۇرنى.

سوبھىدىن بالىقىغان نۇرلۇق قۇياشىنىڭ،
شولىسى چىمىرلار شۇ ئورىكىشىدە.
كېلەر بىر ئاپتوۋۇز ئەشۇ يول بىلەن،
ھاياجان قوزغۇتۇپ ھەر بىر كىشىدە.

ئاپتوۋۇز لىق تولغان كىشىلەر بىلەن ـ
بار تاجىك ھەم ئۇيغۇر يىگىت ـ قىزلىرى.
بار يەنە خەنزۇ قىز ـ ئىسمىدۇر چۇنلى،
ئولتۇرار ئۇ تەمكىن، ئىللىق يۈزلىرى..

×　×

چۇنلى قىز ئەسلىدە بەش يىل مۇقەددەم،
شاڭخەيدىن شىنجاڭغا ئوقۇشقا كەلگەن.
پۈتتۈرۈپ يېشۇيۈەن① مەخسۇس كەسپىنى،
ئاز سانلىق مىللەت بار رايونغا كەلگەن.

خۇاڭفۇجياڭ كۇيىنى تارىمغا قوشۇپ،
ياشناتتى پامىردا دوستلۇق گۈلىنى.
بۇ يۇرتنىڭ خەلقىنى بىلىپ تۇققاندەك،
قىرى ـ ياش ھەممىگە بەردى مېھرىنى.

ئىشلىدى چۇنلى قىز چارچاشتىن يىراق،
كېسەللەر كوردى ھەم سەممى ـ قىزغىن.
دەم ئېلىش چاغلىرى بالىنىتسا ئارا،
خۇش چىراي ھال سورار ھەر بىر كىشىدىن.

داۋالىق باشقىلار ئۇچۇن ۋەزىپە ـ
ئوتەيدۇ، تۈننى سەھەرگە ئۇلاپ.
توساتتىن ئوزگۇرۇش بولسا كېسەلدە،
ئارامىلق چارىسى ئىزلەر ئالدىراپ.

×　×　×

قىش كۈنى ياققان قار ھەسسىلەپ قېلىن،
تاغ جىلغا دېڭىزدەك كۆمۈلۈپ قالغان.
چاغاننىڭ ھارپىسى ـ ھەممە ئالدىراش،
مۇھىتلار تەييارلىق تۈسىنى ئالغان.

① [illegible]

دېژورنى ئۆيىدە ئولتۇرار چۈنلى،
قولىدا كەسىپكە ئائىت بىر كىتاپ.
خاتىرە يازىدۇ دەپتىرىگە ئۇ،
قەلبىدە غەيۇرلۇق ئۇرغۇيدۇ شۇ تاپ.

تۇيۇقسىز جىرىڭلاپ قالدى تېلېفون،
بىر مۇھىم ئەھۋالدىن خەۋەر بەرگەندەك.
—ئېغىرمۇ؟... دىدى ئۇ جىددىيلىك بىلەن.
كوزىنىكەپ سىرتقا ئۇستا مەرگەندەك.

«ئېيتايمۇ رەھبەرگە؟ ئەھۋال خەتەرلىك،
قوزغۇلۇش كېرەكتۇر كوچمە ئاۋۇلغا.
بىر مىنۇتكېچىكىش-مەسئۇلىيەتسىزلىك»
سومكىنى ئېلىپ ئۇ ئاتلاندى يولغا.

پەزىلەت نۇر بولۇپ چاقناپ قەلبىدە،
بەردى ئۇ باتۇرغا بىر جۇپ گاڭ قانات.
سەزمىدى ياھېرىش - چارچاشنى پەقەت،
يۈگۈرۈپ مەنزىلگە يېتىش ئۇچۇن پات.

ئار ئاتقا تىكىلگەن سىناق كوزلىرى،
كەلگەندەك ھاياتنىڭ ئىمتىھان پەيتى.
"قۇتقازسام قېرىنداش مىللەت ئوغلىنى..."
چۈنلى قىز پەقەتلا شۇنى ئويلايتتى.

كورۇندى ئاخىرى مەنزىلى-يايلاق ،
چۈنلىنىڭ ۋۇجۇدى ياندى چوغ بولۇپ.
چېھرىگە شاتلىقتىن كۈلكە ئۇلاشتى ،
ئىرادە مۇشكۇلگە سالغاچقا قۇلۇپ .

بار يەنە ئۇ ئۇچۇن قايتا ئىمتىھان،
بايىزنى كۆتمەكتە ھايات ۋە مامات .
يېقىنلاپ كىلەتتى قەرەلسىز ئولۇم،
داۋالاش ئۇنۇمى كار قىلمىسا پات .

دەھشەتلىك يېرىلغان يارا ئورنىدا،
ئۇيغان قاپ - قارا جىگەر رەڭگى قان.

قانسىراپ كەتكەچكە بايىز شۇنچە كوپ،
ھوشى يوق، يۇرىكى سوقاتتى ئاران.

قۇتقۇزۇش جېڭىگە كىرىشتى چۈنلى،
بېتيونىنىڭ روھىنى پۈكۈپ قەلبىگە.
بىر ياقتىن يارىنى تېڭىپ ئۇ جىددى،
بىر ياقتىن سېپ ئۇكول، چۈمەتتى تەرگە.

جاپالىق داۋالاش نەتىجىسىدە،
خەتەرلىك ھاياتتىن بولدى زور ئۇمىت.
ھوشسىز تەن مىدىرلاپ قويدى ئارانلا،
كوكۇللەر تىنجىدى شاتلىنىپ كۈلۈپ.

يايلاقتا قىزنىغان جۇشقۇن بىر ھايات،
شاتلىقتا چۈمۈلگەن پۈتۈن ئەتراپلار.
كەمپىرلەر ئالدىرار كەچكى تاماققا،
ئورلەيدۇ ساماغا بولۇق تۇتۇنلەر.

كىگىز ئوي،

ياتىدۇ بايىز خاتىرجەم،
تېڭىلغان باش، گەۋدە ئاق داكا بىلەن.
چوڭ - كىچىك ھەممىسى يىغىلغان مۇندا،
ياغدۇرار چۈنلىگە رەخمەتلەر تومەن.

پەرۋانە چۈنلى قىز ياردار يىنىدا،
كوز يۇمماي ئوتكۇزدى پۈتۈن كېچىنى.
ئۇ چىگەپ ئىنا قىلىق رىشتىنى مەھكەم،
ئىشلەتتى كېسەلگە بارلىق چارىنى.

خۇش سابا بەرگەندەك بايىزغا قۇۋۋەت،
تاڭ بىلەن ھوشىغا كەلدى ئاستىلاپ.
ھەيرانلىق قاپلىدى سولغۇن يۈزىنى،
باشقىچە تۇيۇلغاچ بۇ مۇھىت-ئەتراپ.

مىسالى چۈش كەبى كەلدى ئېسىگە،
تۇنۇگۈن يۈز بەرگەن ۋەقە بىر بىرلەپ:

تاغ ئارا باراتتى بايىز بۇركۇتتەك،
يەلقىلار توپىنى ھەيدەپ ئىچكىرىلەپ.

يايلاققا ئالتۇن نۇر چاچاتتى قۇياش،
ئىمزغىرىن شوخ شامال سۇيەتتى يۇزنى.
ئۇ ئالغان نەسىللىك ئايغىر ئاتلارنى،
پىرمىغا يەتكۇزۇش ۋەزىپىسىنى.

بىردىنلا گۇرۇلدەپ باشلاندى بوران،
قار ياغدى بوراننىڭ بولۇپ قولدىشى.
قۇم - تاشلار بوشلۇققا كوچتى ئىزىدىن،
ئورمانلار قاراسلاپ يەر سويدى بېشى.

چېچىلدى يىلقىلار توپلىرى ھەر يان،
قاپلىدى بايىزنىڭ كوڭلىنى تەشۇش.
يىغمىسا جىلغىغا ئاتلارنى تېزدىن،
بار ئىدى خەتەرنىڭ چوڭىي يۇز بېرىش.

مىسالى بوران قۇش كەبى شۇڭغۇدى،
توسقۇنلار ئىچىگە بايىز روھلۇنۇپ.
يىلقىلار كەينىدىن قوغلاپ يەتتى ئۇ،
بۇركۇتتەك تىزلىكتە شوخ پەرۋاز ئۇرۇپ.

ئاتلارنى بىرمۇ - بىر يىغدى قاپتالغا،
ئاربىدا يوق ئىدى " بىرىنچى نومۇر ".
ئۇ چاپتى ئىتمىنى ئارقىغا قايرىپ،
كوزىدە غەيرەتتىن يالقۇنلايتى نۇر.

تاپتى ئۇ ئاخىرى ئاتنى تىنك ياردىن،
بارماقتا ئىدى ئات يارنىڭ ئالدىغا.
سالمىنى تاشلىدى بايىز شۇ دەقىق،
توختىدى كىشنەپ ئات سەكرەپ جايىدا.

ئەپسۇسكى بايىزنىڭ ئىتى مودۇرۇپ،
تىنك تاغدىن غولىدى ھەش - پەش دىگىچە.
خىيالدىن ئويغاندى،
بايىز باشقىنى —
بىلمەيتى، قاراڭغۇ ئاخىرقى ۋەقە ...

× × ×

كۇن پاتار ئالدىراپ تاغنىڭ كەينىگە،
قار - بوران توختىغان تۇمانسىز بوشلۇق.
ماموق قار پاقىرار شەپەق نۇرىدا،
دىگەندەك ئۇنىڭغا: يولىڭىز قۇتلۇق.

## ئانام ئارزۇسى

مۇكەررەم كامىل

ھەركۇن سەھەر مەكتەپكە
ماڭغىنىمدا جان ئانام؛
دەيدۇ: ياخشى ئوقىغىن،
كوز قارچۇغۇم، ئاق قوزام.

ئاق سۇت بېرىپ چوڭ قىلدىم،
كوزلىرىڭگە تەلمۇرۇپ.
ھالال كۇچىتە باقتىم مەن،
مىھنەت قىلىپ، يەڭ تۇرۇپ.

ئانانىڭ ئارزۇ قىلىدۇ،
ئەجرىم مىۋە بەرسە دەپ
ئالىم بولۇپ، خەلق ئۇچۇن
ئىجات قىلىش زور شەرەپ!».

ئانام سوزى يۇرەككە،
نەقىش بولۇپ ئويۇلدى.
ئىلىم - پەننىڭ شەرۋىتى،
ياش قەلبىمگە قۇيۇلدى.

# دەۋر ۋە يازغۇچى

## خۇدا بەردى ئابدۇللا

يازغۇچى توغرىسىدا سوز بولغاندا، كوز ئالدىمىزغا خەلق ئازاتلىق ئارمىيە جەڭچىلىرى-
نىڭ قوشۇنى ئالدىدا چوغدەك قىزىل بايراقنى لەپىلدىتىپ كوتۇرۇپ ماڭغان ياكى تاڭ سە-
ھەر چىملىغىنى بۇزۇپ كاناي - مىزگىننى چېلىپ كىشىلەرنى ئۇيقىدىن ئويغۇتۇپ قوياشنىڭ
ئۇپۇقتىن كوتىرىلىشىنى كۇتۇپ ئالدىغان جەڭچى كېلىدۇ. بايراقدار بولۇش ئۇچۇن داۋاملىق
سەپ ئالدىدا مېڭىش، مىزگانچى بولۇش ئۇچۇن سەھەر ئورنىدىن تۇرۇش شەرت.
4 نى زامانىۋىلاشتۇرۇش سەپىرىدىكى مىڭلىغان ئاممىنى خەلق ئازاتلىق ئارمىيە جەڭچى-
لىرىنىڭ ئۇزۇن قوشۇنىغا ئوخشاتساق يازغۇچىنى شۇ قوشۇننىڭ بايراقدارى، سىگنالچىسىغا
ئوخشۇتۇشقا بولىدۇ. سەپ ئالدىدا ماڭماي بايراقدار بولغىنى بولمىغاندەك، دەۋردىن، ئاممىدىن ئا-
مىنىڭ ئالغىسىزىمىدىن ئارقىدا قېلىپ يازغۇچى بولغىلى بولمايدۇ. يازغۇچى ئادەتتىكى كىشى-
لەرگە قارىغاندا زېرەك، تۇيغۇن، سەگەك بولىشى، دەۋرنىڭ ئالدىدا ئاڭلىق كىشىلەرنىڭ تو-
تۇپىدا تۇرۇپ، يېڭى زىددىيەت، يېڭى مەسىلە، ۋەقەلەرنى ۋاقتىدا بايقاپ، سوتسىيالىستىك
ئاڭغا ئىگە يېڭى ئادەملەر، يېڭى قەھرىمانلارنىڭ بەدىئى ئوبرازىنى يارىتىپ، 4 نى زامانىۋى-
ۋىلاشتۇرۇشتىكى ئىگىلىك ياراتقۇچىلارنى قىزغىن مەدھىيىلىشى، شۇ ئارقىلىق ھەر مىللەت خەل-
قىنىڭ بىر نىيەت - بىر مەقسەتتە 4 نى زامانىۋىلاشتۇرۇشقا ئىلھام بېرىشى كېرەك. ئەدىبى-
ياتسەنئەتچىلەرنىڭ تارىخچىلار ۋە سانائەتچىلار، ئارخىلوگلاردىن پەرقى ئۆزى ياشاپ نەپەس ئېلى-
ۋاتقان دەۋردىكى ھاياتىي كۈچكە ئىگە رىيال ۋەقەلەرنى تاللاپ، تىپىكلەشتۈرۈپ، يەنە شۇ-
رىئاللىقنىڭ تەرەققى قىلىشى ئۈچۈن ئۆز ۋاقتىدا خىزمەت قىلىشتا.

پارتىيە مەركىزىي كومىتېت 3 - ئومۇمى يىغىندىن كېيىن دولىتىمىز يېڭى تارىخى دەۋ-
رىگە قەدەم قويدى. پۈتۈن مەملىكەت خەلقى قىسقىغىنا بىر مەزگىل ئىچىدە، سول لۇشيەننىڭ
زەھەرلىرىنى تۈگىتىپ، ھەرقايسى سەپلەردە غايەت زور غەلىبىگە ئېرىشتى. خەلقىمىزنىڭ ئىقتىسا-
دىي تۇرمۇشى، مەنىۋى تۇرمۇشى زور دەرىجىدە بېيىدى ۋە ياخشىلاندى. ھازىر تەشەببۇس قىلىنى-
ۋاتقان ماددى مەدەنىيەت يارىتىش، مەنىۋى مەدەنىيەت يارىتىش، "5 نى تەكىتلەش، 4 تە گۈ-
زەل بولۇش " شۇ ياخشىلىنىشنىڭ روشەن ئالامىتى. دەۋرىمىز ئىلگىرىلەۋاتقانلىقى، تەرەققىيات
سۈرئىتى تېز بولىۋاتقانلىقى ئۈچۈن تۈنۈگۈنكى يېڭى مەسىلە، بۈگۈن كونا مەسىلىگە ئايلا-
ماقتا. كونا زىددىيەت ئورنىنى يېڭى زىددىيەت ئىگەللىمەكتە. كونا تىپ، كونا ئۈلگىلەر
خەلقنى قانائەتلەندۈرەلمەيلا قالماستىن، كونا قەھرىمانلارمۇ تارىخ بولۇپ قالماقتا.
خەلق ئۆز يازغۇچىلىرىدىن يېڭى دەۋر، يېڭى شارائىتتىكى يېڭى تىپ، يېڭى ئۈلگە، يېڭى
قەھرىمانلارنىڭ بەدىئى ئوبرازىنى يارىتىشنى تەقەززالىق بىلەن كۈتمەكتە، 3 - ئومۇمى يى-
غىندىن كېيىنكى شەھەر يېزىلارنىڭ يېڭى ھاياتىنى، يېڭى قىياپىتىنى كورۇشنى ئۈمىت

قىلماقتا، يېڭى قەھرىمانلارنىڭ، باتۇرلارنىڭ ئىش - ئىزلىرىنى، كۈرەشچان تۇرمۇشنى كۆرۈشكە مۇھتاج بولماقتا.

ئەدەبىيات - سەنئەتتە بېسىپ ئۆتكەن مۇساپىمىزغا نەزەر تاشلىساق، 50 - يىللارنىڭ ئاخىرىدا دۆلىتىمىزنىڭ يېزىلىرىدىكى ئىجتىمائىي ئۆزگىرىشنى ھەرقايسى جەھەتتىن خېلى چوڭقۇر، جانلىق ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرگەن بىر قىسىم ئەسەرلەرنى ئۇچرىتىمىز. شۇ چاغلارنىڭ مەسئۇلى بولغان «چىنىتىمىش» ھېكايىسىنىڭ باش قەھرىمانى مەتنىياز ھازىرغىچە بىزنىڭ ئارىمىزدا ياشاپ كەلمەكتە. گەرچە بۇ ئوبراز بىزنىڭ ئالغا بېسىش يولىمىزنى چولپاندەك يورۇتۇپ بېرەلمىسىمۇ، بىزنىڭ شۇچاغدىكى ئۆزگۈرۈشلەرنى بىلىۋېلىشىمىزغا ياردەم بېرەلەيدۇ. بىر يازغۇچىنىڭ ئەسىرىنىڭ ھەممىسى دېمەس، بىرسى بولسىمۇ كىشىلەرنىڭ ئېسىدە مەتنىياز چېلىك تەسىر قوزغىيالىسا كۇپايە.

ھازىر مەتبۇئاتتا ئېلان قىلىنىۋاتقان ئەسەرلەرنى كۆزدىن كەچۈرىدىغان بولساق، يېڭى ۋەزىيەت، يېڭى شارائىت ۋە يېڭى قەھرىمانلارنىڭ ئوبرازىنى تىپىك، روشەن، جانلىق قىلىپ ياراتقان ئەسەرلەرنىڭ كەملىكىنى ھېس قىلىمىز. بەزى ياش يازغۇچىلار يېڭى ۋەقە-ھادىسىلەرنى ئاساس قىلىپ، يېڭى قەھرىمانلار ئوبرازىنى يارىتىشقا تىرىشقان بولسىمۇ، نەتىجە زور ئەمەس. بۇلارنىڭ يازغان ئەسەرلىرىنىڭ ئىجابىي ياكى سەلبىي قەھرىمانلىرى بولسۇن تىپدەرىجىسىگە كۆتۈرۈلمىدى، ئەسەرنىڭ ئاپتورلىرى تىپ، دەپ قارىغان بولسىمۇ خەلق تىپ دەپ ئېتىراپ قىلمىدى. بۇنداق بولۇشىدىكى سەۋەب كۆپ بولسىمۇ، ئاساسلىقى ئاپتورلار ئەسەر قەھرىمانلىرىنىڭ خاراكتېرىنى جانلىق يارىتىشتا دىگەندەك ئېتىبار بەرمىدى، ئوبرازلارنىمۇ تىپدەرىجىسىگە كۆتۈرەلمىدى.

يەنە بىر سەۋەپ يازغۇچىلارنىڭ يېڭى شارائىت، يېڭى زىددىيەت، يېڭى كىشىلەر بىلەن تونۇشلىغى چوڭقۇر بولمىدى، يېڭى شارائىت، يېڭى زىددىيەت، يېڭى كىشىلەرنىڭ خاراكتېرىنى ئەتراپلىق ئىنچىكە تەتقىق قىلمىدى. ھازىر ئەسەر ئېلان قىلىۋاتقان بىر قىسىم ئاپتورلارنىڭ مېڭىسىدە بىرقانچە يىل ئىلگىرىكى تۇرمۇشنىڭ تەسىراتى، بۇرۇنقى رومان، ھېكايە، شېئىرلارنىڭ ئەندىزە - رامكىسى بار. ئۇلار نۆۋەتتىكى ئىجتىمائىي تۇرمۇش، ئۆرپ - ئادەت، كىشىلەرنىڭ مۇناسىۋىتىنى، گېزىت-رادىيو خەۋەرلىرىدىن، دىيەنشى نومۇرلىرىدىن كۆرىدۇ ۋە چۈشىنىدۇ. تەشۋىقات ماتېرىياللىرىدىن ھاسىل قىلغان ھېس چۈشەنچىلىرىگە ئاساسەن توقۇپ چىققان ئەسەرلەر ھاياتلىق سۈيى بىلەن سۇغۇرۇلمىغاچقا، جانسىز، جىلۋىسىز بولىدۇ، ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرەلمەيدۇ، كىشىلەرگە ساماۋەرخانىدا، ئولتۇرۇشلاردا ئاڭلىغان قىزىقچىلارنىڭ ئادەتتىكى پاراڭ، كۈلكىلىك گەپلىرىچىلىك زوق بېرەلمەيدۇ. بۇنداق دىگەنلىك يېقىنقى يىللاردىن بۇيان يېزىلغان ئەسەرلەرنىڭ ھەممىسى ناچار، بىرسىمۇ ئەپلەشمىگەن دىگەنلىك ئەمەس، بەزى ئەسەرلەر يېزىلدى. تۇرمۇشىمىزنىڭ بەزى ساھەلىرىدە يېڭىدىن يۈز بەرگەن ۋەقە - ھادىسىلار كۆرسىتىلدى. لېكىن، بۇنداق ئەسەرلەر ناھايىتى ئاز بولغانلىقى ئۈستىگە بالاغەتكە يېتىشتىن يىراق. شۇنى قىستۇرۇپ ئېيتىپ ئۆتۈپ كېتىش كېرەككى، بەزى ئاپتورلار خۇددى رىيال ۋەقەلەرنى يېزىش، بىرتەرەپ قىلىشتىن ئۆزىنى قاچۇرغاندەك ئۆزلىرىنىڭ 20 - ئەسىرنىڭ 80 - يىللىرىدا ياشاۋاتقانلىقىنى ئۇنتۇپ، ھازىرقى زامان تۇرمۇش پۇرىقى بولمىغان ۋەقەلەرنى، ئۆزى -

نىڭ تارىخى رولىنى خىلى بۇرۇن ئۇبداپ بولغان ئاشىق ـ مەشىق ھېكايىلىرىنى، دىۋە ـ ئەژ ـ
دەرھا چوچەك ـ ئەپسانىلىرىنى پۈتون زېھنىنى كۈچى بىلەن يېزىشقا بېرىلىپ كەتتى. ئۇزىـ
نى ھازىرقى زامانىنىڭ، ھازىر تىرىك ياشاۋاتقان خەلقنىڭ ئوغلى، دەپ ھىساۋلايدىغان ئاپ ـ
تور، ھازىرقى زامانىنىڭ كۈيچىسى بولۇش، خەلقنىڭ،مىللەتنىڭ نوۋەتتىكى خىزمىتىنى قىلىشى
كېرەك، رېياللىقنى يېزىشتىن، رېياللىقتىكى چىگىش زىددىيەتلەرنى ئىپادىلەشتىن باش تارتـ
ماسلىقى لازىم.

ئاپتونوم رايونىمىزدا كىلاسسىك ئەدەبىياتنى ئۈگىنىش، مەدىنى
مىراسلارنى قېزىش، رەتلەش، تەتقىق قىلىش ھەر خىل توسقۇنلۇقلار
تۈپەيلىدىن كېچىكىپ ئەندىلا باشلاندى. تارىخى تېمىدىكى ئەسەرلەر يوق دىيەرلىك ، بۇسا ـ
ھەنى بىر پارچە ئاق يەرگە ئوخشۇتۇشقا بولىدۇ. مۇشۇ نوقتىنى كۆزدە تۇتۇپ، 4 پىرىنسىپ
ئاساسىدا، 4 نى زامانىۋىلاشتۇرۇشقا يەنىمۇ ئوبدان خىزمەت قىلىش مەقسىدىدە ئۇزىمىزنىڭ
تارىخى قەھرىمانلىرىمىزنى يېزىش، فىئودالىزىم، جاھانگىرلىككە قارشى ۋەقەلىكنى يېزىش
يەنىلا ئىنتايىن مۇھىم. لېكىن،سۇداي چېلىش ھەممە كىشىنىڭ قولىدىن كەلمىگەندەك تارىخى
تېمىدىكى ئەسەرلەرنى يېزىش ھەممە كىشىنىڭ قولىدىن كېلىۋەرمەيدۇ. شۇڭا ئالدى بىلەن يازا ـ
لايدىغان ، ماتىرىياللىرى بار كىشىلەرنى يېزىش كېرەك، يازغاندىمۇ تازا كىلىشتۇرۇپ يېزىشى،
قول ئۇچىدا يېزىپ، ئىجاتىيىدا ئالمان ـ تالمان مىۋە پۇشۇرماسلىقى لازىم، ماتىرىيال يوق ياكى
ماتىرىيالى تولۇق بولمىغان ئاپتورلار زورۇقماسلىقى بولۇپمۇ يېگىدىن تارىخى ۋەقەلىك ياساپ
چىقماسلىقى ، تارىخى قەھرىمانلارنى بۇرمىلىماسلىقى، تارىخى ۋەقەلەرنى ئۇزلىرىنىڭ
ئويىغا بوي سۇندۇرۇپ ئىش قىلماسلىقى لازىم. بۇزۇپ يېزىشتىن ـ يازماسلىق ئەۋزەل. ئاگـ
لىق ياكى ئاگىزھالدا پاكىت بۇرمىلىنىپ ، تارىخى ماتىرىياللارنىڭ چىنلىقى بۇزۇلسا
ئاقىۋىتىنى ئوڭشىغىلى بولمايدۇ ، زىيىنى كوپ بولىدۇ ، خەلقمۇ بۇنداق ئاپتورنى
ھەرگىز كەچۈرمەيدۇ .

ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ تۆرلۈك ۋەزىپىلىرىنىڭ ئىچىدە خەلقنى تەربىيىلەش ئاساسلىق
ۋەزىپە. تارىختىكى ئۇلۇغ يازغۇچىلارنىڭ تەرجىمھالىنى ئوقۇساق خەلقنى ئويغۇتۇش، تەربىـ
يىلەشنى ئۇزىگە باش ۋەزىپە قىلىپ ئالغانلىقىنى ھىس قىلىمىز. ھازىرقى ۋاقىتتا خەلقنى
كوممۇنىستىك روھتا تەربىيىلەش يازغۇچىلىرىمىزنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان مەسئۇلىيىتى.
خەلقنى كوممۇنىستىك روھتا تەربىيىلەش ئۇچۇن، يازغۇچىلار ماركسىزىم، لېنىنىزىم، ماۋزېدۇڭ
ئىدىيىسىنى سىستىمىلىق ئۈگىنىپ، ئوتتەك قىزىق تۇرمۇش ئىچىگە چوكۇپ ، خەلق بىلەن
ئىچقويۇن ـ تاشقويۇن بولۇپ،خەلقنىڭ يېگى ھاياتى، يېڭى تۇرمۇشنى تەھلىل قىلىپ، ئۇ ـ
نىڭدىن ماھىيەتلىك ۋەقە ـ ھادىسلارنى تېپىپ چىقىپ، بەدىئى يۈكسەكلىككە كوتۇرۇپ، ئەسەر يې ـ
زىش كېرەك. يېزا ـ شەھەر ، زاۋۇت ـ كانلاردىكى خىزمەت ئىلغارلىرى، ئەمگەك نەمۇنىچى ـ
لىرىنىڭ تەسىرلىك ئىش ـ ئىزلىرى ، تۇرمۇش ئادىتى، ئوي پىكرى ، پىسخولوگىيىسى
بىلەن تونۇشۇپ ۋە ئوزلەشتۇرۇپ، سىرلىقلاشتۇرىۋەتمەي ، ئاددىيلاشتۇرىۋەتمەي،
ئەدەبى شەكىل ئارقىلىق ئىپادىلىشى كېرەك ، كۆرەشچان يىللارنىڭ باتۇر
كۈيچىسى شائىر لۇتپۇللا مۇتەللىپ گەرچە ياش بولسىمۇ ، ئەدىپنىڭ

مەسئۇلىيەت- بورچىنى چۈشەنگەن ئىدى. ئۇ 1941 يىلى «قەشقەر گېزىتى» گە بېسىلغان بىر شېئىرىدا مۇنداق دىگەن:

راۋا بىلگىنى يېڭى مۇقامغا سازلىمىساڭ،
كونا موقامىڭ دوستۇم قۇلاققا خوش ياقماس.
باغ ياساپ، گۈللەر تىرىپ، ياشناتمىساڭ،
غازاڭلىقتا بۇلبۇللار قانات قاقماس.

ئاھ- دات ئېيتمىش، ئوتمۇشنىڭ مىراسى ئۇ،
ئۇ مىراستىن كىشى ھىچ ئۇلۇشمۇ ئالماس.
كورەش بىلەن ئالغا چامداش چېغى بۇ،
كۈرەشچان كەڭ فۇرونتتا ئارقىدا قالماس.

لۇتپۇللا موتەللىپ شېئىرلىرىدا يازغۇچىلارنى فۇرۇنتنىڭ ئارقىسىدا قالماسلىقتا، كۈرەش بىلەن ئالغا چامداشتا، يېڭى نەرسىلەرنى ئىجات قىلىشتا چاقىرىپ قالماستىن، ئۆزىمۇ ئەمەلىيىتىدە كورسەتتى. ئۇ ھامان ئىنقىلاپنىڭ ئالدىنقى سېپىدە، كۈرەش مەيدانىدا بولدى. بىر تەرەپتە ئىنقىلاپ قىلىپ ئەكسىيەتچىلەر بىلەن كۈرەش قىلدى، كۈرەش قىلىش جەريانىدا شېئىر يازدى. شۇڭا ئۇ "جەڭچى، ھەم شائىر" دىگەن نامغا ئىرىشتى. لۇتپۇللا مۇتەللىپ بۇلدىن 42 يىل بۇرۇن ئاڭلىق ھالدا دەۋرنىڭ ئالدىدا مېڭىپ، خەلقنى ئالغا يېتەكلىگەن. ئۆزىنى لۇتپۇللا مۇتەللىپنىڭ ۋارىسلىرى دەپ يۈرگەن بۇگۈنكى ئاپتورلار تېخىمۇ ئاڭلىق بولۇپ، ئۆز خەلقىنىڭ ئۆز دەۋرىنىڭ كۈيچىسى، باشلامچىلىرى بولۇشى كېرەك. خۇددى قالغاچلار، تورنىلار ئۇچۇپ كېلىپ باھاردىن خەۋەر بەرگەندەك يېڭىلىقتىن، يېڭى ئىشلاردىن خەۋەر بىرىشى كېرەك، "دەۋرنىڭ بارومېتىرى" بولۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇشى لازىم.

---

(بېشى 107 - بەتتە)

تۈرۈش ئىشلىرىنى بالدۇراق ئەمەلگە ئاشۇرۇش يولىدا پۈتمەس - تۈگىمەس مەنىۋى بۇلاق قىلىشىمىز لازىملىغىنى كورسەتكەن.

شائىر بۇ شېئىرىنى راۋان سوزلۇك، ئويناپ ۋەزىنلىك، رەڭدار قاپىيىلىك قىلىپ يېزىپ، خەلقنىڭ ساپ ئىدىيىۋى ھىسسىياتى، چىن كوڭۇل مايىللىغى، شېرىن ئارزۇسىنى، كۈچلۈك ئىنتىلىشلىرىنى ئىجادىي ئىقتىدارىنىڭ بەدىئى نۇرى بىلەن يورۇتۇپ بەرگەن. بىز يولداش ئابدىرېھىم ئىسمائىلنىڭ كەمتەر ئېھتىياتچان بولۇپ، ئىجتىمائى تۇرمۇش قاينىمىغا چوڭقۇر چوكۇپ، تىرىشىپ ئىجات قىلىپ، پارتىيىنىڭ تارىخي ئەھمىيەتلىك 12 - نوۋەتلىك قۇرۇلتىيى ئوتتۇرىغا قويغان "سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدا ئومومىيۈزلۈك يېڭى ۋەزىيەت يارىتىش" كۈرەشىدە مەيدانغا كەلگەن قەھرىمان، شەخسلەر ۋە يېڭى ئىشلارنى تىما قىلىپ، تېخىمۇ ياخشى ئەدەبى ئەسەرلەرنى كوپلەپ ئىجات قىلىشىنى سەممىي ئۈمىت قىلىمىز.

# «مۇقامىم يەنىمۇ ياڭرا!» نى ئوقۇغاندىن كېيىن...

قادىر سەدىق، ئوبۇلھاشىم، مەمتىمىن ئەخەت

بىز ياخشى يېزىلغان بىرەر ئەسەرنى باھالاشتا، چوقۇم شۇ ئەسەردە ئىپادىلەنگەن مەزمۇن ۋە ئۇنىڭ ئۆزىمىزدە قانچىلىك تەسىرات قالدۇرغانلىقىغا قارايمىز. بەدىئىيلىكى قانچە كۈچلۈك بولسا، ئۇ ئەسەرنىڭ بىزدە قوزغايدىغان بەدىئىي زوقلاندۇرۇش كۈچىمۇ شۇنىڭغا مۇناسىپ ھالدا يۇقىرى بولىدۇ. شۇڭلاشقا مەشھۇر ئەدىبىي تەنقىدچى دوبرولىيۇبوۋ: " يازغۇچى ياكى ئايرىم بىر ئەسەرنىڭ قىممىتىگە باھا بەرگەندە، بىز ئۇلارنىڭ مەلۇم بىر ۋاقىتنىڭ ۋە خەلقنىڭ ( تەبىئىي ) ئىنتىلىشلىرىنى قانچىلىك ئىپادىلىگەنلىكلىرىنى كۆز ئالدىمىزدا تۇتىمىز" دېگەن ئىدى.

بىز «قەشقەر ئەدەبىياتى» نىڭ 1981 - يىل 3 - سانىدا ئېلان قىلىنغان يولداش ئابدۇرېھىم ئىسمائىلنىڭ «مۇقامىم يەنىمۇ ياڭرا!» ناملىق مۇخەممەسىنى ئوقۇپ، كۈچلۈك بەدىئىي زوق ۋە مەنىۋى ئوزۇق ئالدۇق. بۇ مۇخەممەس تېماتىك مەزمۇنىنىڭ كەڭلىكى، يۇقىرى بەدىئىيلىكى، چوڭقۇر پىكىرلىكى، تىلىنىڭ ئاممىباپلىقى، ھېسسىياتىنىڭ قايناقلىقى، خەلققە يېقىنلىقى بىلەن روشەن ھالدا كۆزگە تاشلىنىپ تۇرىدۇ. شۇڭا بۇ شېئىرنى ئىجتىمائىي تۇرمۇشتىكى ماھىيەتلىك تەرەپلەرنىڭ مۇھىم بىر قىسمى مۇۋەپپەقىيەتلىك تۈردە ئېچىپ بەرگەن نەمۇنىلىك شېئىرلارنىڭ بىرى دېيىشكە ھەقلىقمىز. شائىر بۇ شېئىردا ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قىممەتلىك تارىخى مىراسى — 12 مۇقامغا بولغان سۆيۈنۈش — مۇھەببىتىنى، ئوتتۇرا ئەسىردىن باشلاپ، 12 مۇقامنى ئىجات قىلىش، گۈللەندۈرۈش يولىدىكى مۇشەققەتلىك كۈرەشلەردە ئىجاتكار ئاتا - بوۋىلىرىمىزنىڭ ئېقىل - پاراسىتىنى جارى قىلدۇرۇپ، جاھان مەدەنىيەت غەزنىسىنى بېيىتىشتا ئۆچمەس توھپىلەرنى قوشقانلىقىنى، " تارىختا مىسلى كۆرۈلمىگەن" مەدەنىيەت ۋەيرانچىلىقى مەزگىلىدە، لىن بياۋ ۋە " تۆت كىشىلىك گۇرۇھ " نىڭ شانلىق مەدەنىيەت مىراسلىرىمىزنى دەپسەندە قىلغانلىقىغا چەكسىز غەزەپ - نەپرىتىنى ۋە شۇنىڭدەك پارتىيە 11 - قۇرۇلتىيى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن جاھان مەدەنىيەت ئاسمىنىدا چولپاندەك چاقناپ تۇرغان 12 مۇقامغىمۇ نەۋباھار يېتىپ كەلگەنلىكى قاتارلىق مەزمۇنلارنى ئىپادىلەپ، ئۆز ئىدىيىۋى ھېسسىياتىنى خەلقنىڭ تەبىئىي ئىنتىلىش ئىرادىسى بىلەن ئورگانىك ھالدا بىرلەشتۈرۈپ، خەلقنىڭ گۈزەل ئارزۇ - ئۈمىدىنى راستچىللىق بىلەن ئىخچام ۋە ئوبرازلىق تىل ۋاستىسىغا تايىنىپ ئېچىپ بەرگەن. ئازاتلىقتىن كېيىن، پارتىيىمىزنىڭ ماركسىزم - لېنىنىزىملىق توغرا لۇشيەنى ۋە پارلاق مىللىي سىياسىتى، سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات - سەنئەت فاڭجېنىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، 12 مۇقام يېڭى ھاياتقا ئېرىشتى. قەشقەر يېڭىسارلىق مەرھۇم مۇقامچى تۇردى ئاخۇن ئاكىدەك نۇرغۇن پېشقەدەم ئەلنەغمىچىلەر ئۇيۇشتۇرۇلۇپ، مەخسۇس كۈچ ئاجرىتىلىپ، 12 مۇقامنى سىمغا ئېلىش، رەتلەش، تەرەققىي قىلدۇرۇش جەھەتتە خۇشاللىنارلىق خىزمەتلەر ئىشلەندى، مۇقامنىڭ يېقىملىق كۈيلىرىگە يېپ - يېڭى مەزمۇن قوشۇلۇپ، ۋەتىنىمىزنىڭ بىپايان ئاسمىنىدا يېڭىۋاشتىن جاراڭلاشقا باشلىدى. شائىر مانا بۇ رېئاللىقنى تۆۋەندىكى مىسرالار ئارقىلىق يىغىنچاق ھالدا مۇنداق ئىپادىلەپ بەرگەن:

جاھالەتنى سۈرۈپ سۈبھى كۈلۈپ كۈنچاشتى نۇر ئالتۇن،
زېمىنۇ - ئاسمان چېھرىدە ئېچىلدى، بولدى ئەل مەمنۇن،
ھايات كۈللەپ كى جەننەتنى ئۆزىگە ئەيلىدى مەپتۇن،
قېتىلدى ساز مۇقامىمنىڭ كۈيىگە يېپ - يېڭى مەزمۇن،
يۈرەكتىن كۈيلىدى نۇرغۇن تۇردى ئاخۇن ھور زامانىمنى.

مۇشۇنداق چوڭ ياخشى ۋەزىيەتتە لىن بىياۋ ۋە «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» 12 مۇقامنى سۆيۈپ ئوقۇغان ھەر بىر ساپ ۋىژدان ئىگىلىرىنى «فېئودالىزىمنىڭ جارچىسى» دەپ قارىلىغان بولسا، 12 مۇقامغا «چەتئەل ئىشقى كۈيلىرى» دەپ جىنايى بەدناملارنى چاپلىدى. شۇنىڭ بىلەن كۆپ مىللەتلىك، باي ۋە رەڭگا-رەڭ شەكىللىك، يېڭى، سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات-سەنئەت ئىشلىرى ئىنتايىن چوڭ بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىدى. شائىر بۇ توغرۇلۇق:

مۇقام ئەۋجىگە يەتكەندە پەلەكنى باستى ئاپەت - جۇت،
ۋەتەن دوزاققا ئايلاندى ۋە بولدى سەنئىتىم نابۇت،
... ... ... ... ... ...

دەپ يازسا، تۆۋەندىكى مىسرالاردا:

يوقاتتى جادۇگەرلەرنى ئۇلۇغۋار پارتىيەم بىر يول،
كۆكلۈك گۈل باھار كەلدى، ئېچىلدى بارچە سولغان گۈل،
تەرەننۇم قىلدى شەۋق بىرلە ناۋا ئەيلەپ خوشال بۇلبۇل،
ناۋا ئەۋجىدە چاپتى توت نىشان بويلاپ تۈمەن دۇلدۇل،
مۇقامىم ئىلكىگە ئالدى دىمەك بۇ نەۋ باھارىمنى.

دەپ پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ ئورتاق ئارزۇسىغا ۋەكىللىك قىلىپ، «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» نى تارمار قىلغاندىن كېيىنكى يېڭى دەۋرگە، ئىلىم - پەن باھارىغا زوق - شوق بىلەن تەنتەنە - ئالقىش ياڭراتقان. 12 مۇقامنىڭ ئۇلۇغۋار ھاياتى كۈچىنى چەكسىز يۇقۇرى باھالاپ، ئۇنى «چۇمۇلدۇرمەكتە شوھرەتكە - شەرەپكە بۇ دىيارىمنى» دەپ مەدھىيىلىگەن. شېئىرنىڭ ئاخىرقى كۇبلېتىدا:

تازا ياڭرا مۇقام - سازىم، ئۈنۈڭ ئاي، مارىستا ئاڭلانسۇن!
بۇ چەكسىز پازا گويا يېشىل سەھنەڭگە ئايلانسۇن!
ئۈنۈڭ ئاڭلاپ ئۇلۇق ئەجداتلىرىمنىڭ روھى شاتلانسۇن!
ۋەبەر ئىلھام سەپەرداشلارغا سەلدەك غەيرىتى تاشسۇن!
ئاشۇرسۇن ئىشقا بالدۇرراق زامانلاشماق شۇئارىمنى!

دەپ يېزىپ، بىزنىڭ يېڭى تارىخى بۇرۇلۇش دەۋرىدە 12 مۇقامنى سوتسىيالىزىم ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش، خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش، سوتسىيالىستىك توتنى زامانىۋىلاش

(داۋامى 105 - بەتتە)

# جاھاننامە

## مۇڭلۇنۇۋاتقان زېمىن

(ھېكايە)

بەردى ھاجى [ سۈرىيە ]

ھۈسەين سومكىسىنى قولتۇقىغا قىس-
تۇرغان ھالدا، ساۋاقدىشى مەخمۇت بىلەن
بىللە كەركلىيا مەكتىۋىدىن ئايرىلدى. ئۇ-
نىڭ روھى كەيپىياتىغا تىرجەم ئەمەس ئىدى.
ئۇنىڭ ئويلايدىغىنى ھازىر قىزىتمىسى بار-
غانسىرى ئېشىۋاتقان، ئورۇقلۇقتىن يۈزلىرى
تاتىرىپ كەتكەن سىڭلىسى ئىدى. دوختۇر-
نىڭ ئۇ پات ئارىدا سىڭلىسىنىڭ كېسىلى ساقى-
يىپ كېتىدىغانلىقى ھەققىدە ئانىسىغا ئېيت-
قان ئىشەنچلىك گەپ - سۆزلىرىنى ئېسىگە
ئالغىنىدا، ئۇنىڭ كۆڭلى بىردىنلا ئېچىلغاندەك
بولدى- يۇ، ئەمما، ئوقۇتقۇچىسى ئابدۇللا ھا-
جىمنىڭ پەلەستىن ئۇرۇشى ۋە ئىرو سالىم-
دا ئوغلىنىڭ ئولتۇرۇلگەنلىكىنى
تىترەپ تۇرغان ئاۋازى بىلەن سۆزلەپ بەر-
گەنلىكىنى ئويلىغىنىدا، ئۇنىڭ بىردەملىك
خاتىرجەملىكى شۇ ھامان يوقۇلۇپ، روھى-
كەيپىياتى يەنە تۇۋەنلەشكە باشلىدى.

لېكىن، دوستى مەخمۇت مەغرۇر ھال-
دا ئۇنىڭغا ئالدىنقى كۈنى كەچقۇرۇن قا-
راملىق بىلەن چېگرىدىن ئۆتۈپ ئەپلەسۇن-
لۇق باققا بارغانلىقىنى، يانچۇقلىرىنى ئەپ-
لەسۇن بىلەن تولدۇرغانلىقىنى، قايتىپ كې-
لەشىدە يەھۇدىيلارنىڭ بىرەرسىمۇ سەزمەي قال-
مىغانلىقىنى سۆزلەپ بېرىۋاتاتتى.

— مەن قايتىپ كېلىدىغان ۋاقىتنى نا-
ھايىتى ئەپچىللىك بىلەن تاللايمەن. ھۈسە-
يىن، ئەتە - ئۆگۈن مەن يەنە بىر قېتىم بې-
رىشنى ئويلاۋاتىمەن. سەن مېنىڭ بىلەن بىل-
لە بارامسەن؟ - دېدى دوستى.

— سەن بىلىسەن، سىڭلىم يەنە قىزىۋا-
تىدۇ. مەن ئۇنىڭدىن ئايرىلالمايمەن،- دېدى
ھۈسەين كۆزىنى يۇمۇپ گاڭگىرىغان ھالدا
ئەمىلىيەتتە، ھۈسەين ئانىسىنىڭ ئۆزىنى چېگ-
راسىزىغا يېقىن بېرىشقا يول قويمايدى-
غانلىقىدىن ئەنسىرەيتتى. ھۈسۈيۈنىڭ يۈزل-
رى ئىززا تارتقىنىدىن قىزارغان ئىدى. ئۇ
ساۋاقدىشى بىلەن خوشلۇشۇپ ئۆيىگە قاراپ
مېڭىپ كەتتى. ئۇنىڭ بېشى بەكمۇ قاتتىقا-
لىقتىن، كانىيىغا خۇددى بىر نەرسە تۇرۇپ

قالغاندەك ھېس قىلدى. ئۇ: «چېگرا سىزىقىدىن ئۆتۈپ، يۇرتۇڭغا بېرىپ، ئەپلىسۇن ئەپكىلىش ئارزۇيۇڭنى ئىشقا ئاشۇرالامسەن؟» دەپ ئۆزىگە سوئال قوياتتى. قارشى تەرەپتىكى ئۆزىنىڭ كونا ئۆيىنى كۆرگىنىدە، چەكسىز ئۆچمەنلىك ئۇنىڭ يۈرىكىنى تىلغاندەك بولدى. بۇ ئۆينى ھازىر يەھۇدىلار ئىگەللەپ ئالغان. ئۆينىڭ ئىگىسى بولغان ئاتا - ئانىسى، سىڭلىسى ۋە ئۆزى ئۆيدىن ھەيدەپ چىقىرىلىپ، چېگرا سىزىقىنىڭ بۇ تەرىپىدىكى ئاددى كىچىك ئۆيدە قىستىلىپ ئولتۇراتتى. بۇ چېگرا سىزىقى پات - پات دىگىدەك ئىسسىق قان بىلەن بويۇلۇپ تۇراتتى.

ئۇنىڭ كونا ئۆيىمۇ چېگرا سىزىقىدىن ئانچە يىراق ئەمەس ئىدى. كۆپ يىللار ئىلگىرى ئۇنىڭ دادىسى ئىشىك ئالدىغا بەش تۈپ ئەپلىسۇن كۆچىتى تىككەن بولۇپ، ھازىر بۇ ئەپلىسۇن دەرەخلىرىدە سانجاق - سانجاق ئەپلىسۇن مېۋە بولۇپ پىشقان. ھەر بىر ئەپلىسۇن تىلنى يارغىدەك تاتلىق، شىرىن ئىدى.

ئۇنىڭ ئاغزىدىن سېرىق سۇ ئېقىپ چىقتى. باللىق دەۋرىدىكى ئەسلىمىلەر ئۇنىڭ مېڭىسىدە بىر - بىرلەپ پەيدا بولدى. سىڭلىسى پاتىمە بىلەن دەرەخكە قانداق چىققانلىقى، ئەپلىسۇن ئۈزۈشتە سىڭلىسى بىلەن قانداق مۇسابىقىلاشقانلىقى ھېلى ھەم ئۇنىڭ ئېسىدە ئىدى.

ئۇنىڭ قەلبىنى بۇ شېرىن ئەسلىمىلەر تېخىمۇ ھاياجانلاندۇردى. ئۇ تۆت ئەتراپى يېشىللىق بىلەن قاپلانغان دالىنى كۆزەتمەكتە ئىدى. ئۇشتۇمتۇت ئۇنىڭ قۇلىقىغا مىلتىق ئاۋازى ئاڭلاندى... شەك شۈبھىسىزكى چېگرا ساقچىسى چېگرىدىن ئۆتكەن ئەرەبلەرگە ئوق ئاتقان ئىدى.

بۇ چاغدا ئۇنىڭ كاللىسىدا تاڭ ئېتىشتىن بۇرۇن چېگرىدىن ئۆتۈش كېرەك دىگەن چوڭ يۈرەكلىك ئوي - پىكىر چاقنىدى، ئۇ، ئەگەر يانا قاراملىق قىلىدىغان بولسا، چوقۇم ئانىسىنىڭ ئەيىپلىشىغا ئۇچرايدىغانلىقىنى تىترەپ تۇرۇپ ئويلىدى. بىر قېتىم كېچىدە بولغان مۇنداق بىر ئىش ئۇنىڭ يادىدا ئىدى: دادىسى ئۆيگە بىر سېۋەت ئەپلىسۇن ئېلىپ كەلدى. ئۆيدىكىلەرنىڭ ھەممىسى ئۇخلىغاندىن كېيىن، ئانىسى ئېرىگە ئاستاغىنا مۇنداق دىدى:

— سىزنىڭ مۇنداق قىلىشىڭىز، بالىغىمۇ شۇنداق قىلىشنى ئۆگەتكەنلىكىڭىز ئەمەسمۇ؟ سىز يەھۇدىلارنىڭ ئوقلىرىنىڭ رەھىمسىز ئىكەنلىكىنى بىلمەي قالامسىزغۇ؟...

— مەن ئۇنىڭدىن ئەنسىرىمەيمەن. ئۇ ھازىر يىگىت بولۇپ قالدى. مېنىڭ مۇنداق قىلىشىم پاتىمە ئۈچۈن؟ - دىدى دادىسى. ئۇ ئارقىدىنلا يەنە كەسكىن تەلەپپۇز بىلەن ئېيتتى، — مەن ئۆزگەن ئەپلىسۇنلارنىڭ ھەممىسى ئۆزەمنىڭ مۈلكىم، بۇ گەپنى ئاڭلىغان سىڭلىسى دادىسىنىڭ ئۆزى ئۈچۈن ھاياتىنىڭ خەۋپىگە ئۇچرىشىغا قارىماي قاراملىق قىلغانلىقىنى بىلىپ، شۇ ھامان دادىسىغا:

— دادا، مۇندىن كېيىن ئەپلىسۇن شىرنىسىنى ئىچمەيمەن، مەن ساقايدىم» - دىدى.

ھوسىيىن كۆڭلىدە، «ۋاقتى كەلگەندە سىڭلىممۇ ماڭا مىننەتدارلىققا تولغان كۆزلىرى بىلەن قارىسا، مەن نەقەدەر خوشال بولغان بولاتتىم - ھە!» - دەپ ئويلىدى.

ھۆسىيىن قاپ - قاراڭغۇ كېچىدە ئۆيدىن چاندۇرماي چىقتى. ئۇ مەچىت مۇنارىدىن چىقىۋاتقان ئەزان ئاۋازىنى ئاڭلاپ خاتىرجەم بولغاندەك بولدى... ئو پوتىنىڭ ئۇچىدا

دەسسەپ ئالدىغا قاراپ ئىلگىرلەيتتى. ئەپلىسۇنزارلىققا يېتىپ كەلگىنىدە، قانداقتۇر قارامىلىقتىن كېيىنكى لەززەت، ۋە قورقۇنۇچ ئۇنى باشقىچە ھاياجانلاندۇردى.

ئۇ ئەپلىسۇن دەرىخىنى چىڭ قۇچاقلىغان پېتى دەرەخكە ئىلدام چىقتى ۋە ئەپلىسۇننى تېز-تېز ئۈزۈشكە باشلىدى. راستىنى ئېيتقاندا، ئۇنىڭ بۇ سۆيۈملۈك ئەپلىسۇنزارلىقتىن ئايرىلىشقا كۆزى قىيمايتتى. ئەمما، تاڭ سۈزۈلۈپ قالغانلىقتىن ئۆيگە تېزراق قايتىشى زورۇر ئىدى. ئۇ دەرەختىن پەسكە سەكرەپ چۈشتى. ئۇنىڭ ئايىغىدىن چىققان قاتتىق ئاۋازدىن چۆچۈپ ئويغانغان ئىشتلار ئۇنىڭغا قاراپ قاۋاپ كەتتى. ئۇ، ئارقىغا قاراپ جېنىنىڭ بېرىچە قاچتى. لېكىن، ئۇ ئۇشتۇمتۇتلا بىر تاشقا پۇتلۇشۇپ يىقىلىپ چۈشتى. يۈزلىرى تاشقا تېگىپ قاناپ كەتتى. ئەپلىسۇندىن بىر نەچچىسى تۆكۈلۈپ كەتتى. ئۇ، ئورۇندىن ئاستاغىنە تۇردى-دە، قورقۇنۇچ ئىچىدە ئۇياق-بۇياققا قارىدى ۋە نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ ئۆزى تەرەپكە قاراپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆردى. ئۇ ئىككى قولى بىلەن كۆكرىگىنى تۇتۇپ داۋاملىق يۈگرەۋاتاتتى. ئەمدىلا چېگرا سىزىغىدىن ئۆتىشكە مىلتىق ئاۋازى ئاڭلاندى. ئۇ تىترەۋاتقان قولى بىلەن دولىسىنى سىلىغىنىدا ئىسسىق قان ئۇنىڭ كۆينىكىنى بويىۋەتكەن ئىدى. بۇنىڭ ھېچ كارايىتى يوق. ئۇ ھەرگىزمۇ ئاغرىش ھېس قىلمىدى. پەقەت چارچاپ، ماغدۇرسىزلىنىۋاتقاندەك، ئېغىز-تىللىرى قۇرۇپ كېتىۋاتقاندەك، بەدىنىدىن تەر خۇددى سۇ ئېقىپ چىقىۋاتقاندەك ھېس قىلدى.

مىلتىق ئاۋازى بارغانسېرى كۈچىيىپ يېقىنلاشماقتا. ھوسىيىنىڭ دۈمبىسىگە يەنە بىر تال ئوق تەگدى. ئۇ ئازاپلانغان ھالدا بىر ئىڭراپ قويدى. لېكىن، ھېچنىمىنى كۆرەلمىدى. ئۇ، پەقەت كارۋاتتا ياتقان سىڭلىسىنىڭ بىر ستاكان ئەپلىسۇن شىرنىسى تۇتۇپ تۇرغانلىقىنى، ئانىسىنىڭ ئاچچىغلاپ ئۆزىنى ئېيىپلاۋاتقانلىقىنى، دادىسىنىڭ بىر چەتتە ئۆزىگە ئىچىنى ئاغرىتىپ بېشىنى لىڭشىتىپ تۇرغانلىقىنى كۆردى...

ئەمدىلا كۆتىرىلىۋاتقان قۇياش ئۇنىڭغا بىرىنچى سۆيۈشنى ھەدىيە قىلدى. ئۇنىڭ ھاياتى ئاخىرلاشتى. ئۇ يەردە جىم-جىت ياتاتتى. ئەپلىسۇنلار ئۇنىڭ ئەتراپىغا قالايمىقان چېچىلىپ كەتكەن ئىدى. بۇنىڭ ئىچىدىكى بىر تال ئەپلىسۇن قىزىل قان بىلەن بويالغان بولۇپ ئوق بۇ بىر زەخىملەنگەن ئەپلىسۇننىڭ قاق ئوتتۇرىسىنى تېشىپ ئۆتۈپ كەتكەن ئىدى. يېڭىلا ئۈزۈلگەن ئەپلىسۇن شىرنىسى يەرگە ئاقماقتا. ئەپلىسۇن شىرنىسى قىزىل قان بىلەن ئارىلىشىپ، بوموگىلونۇۋاتقان زېمىنگە ئاستا سىڭىپ كېتىۋاتاتتى.

---

بەردى ھاجى - سۈرىيە يازغۇچىسى. ئۇ نۇرغۇن چەتئەل ئەسەرلىرىنى ئەرەپ تىلىغا تەرجىمە قىلغان. ئۆزىنىڭ شېئىر ۋە ھېكايىلار توپلىمى نەشىر قىلىنغان. بۇ ئەسەر ئۇنىڭ «موگىلونۇۋاتقان زېمىن» دېگەن ھېكايىلار توپلىمىدىن تەرجىمە قىلىندى.

ئابلەت ياسىن تەرجىمىسى

## چەتئەل يازغۇچىلىرىنىڭ يېزىقچىلىق ھەققىدە ئېيتقانلىرى

قەلەم بىلەن خاتىرە دەپتىرىمنى دائىم يېنىمدا ئېلىپ يۈرەتتىم. كىتاپ ئوقۇغاندا ياكى كىشىلەر بىلەن سوھبەتلەشكىنىمدە ئۇچرىغان ئوبدان جاي ۋە سوزلەرنى يېزىۋالاتتىم.

ل. تولستوي

يازغۇچى بولغان كىشى خۇددى رەسساملارغا ئوخشاش قىرىنداش ۋە قەغەزنى يېنىدىن ئاجرا تماسلىقى لازىم. رەسسام ئەگەر بىر كۈننى بىر پارچىمۇ رەسىم سىزماي بىكارغا ئوتكۈزۈۋەتسە بۇ ناھايىتى يامان بولغىنى. ئەگەر يازغۇچىمۇ بىر كۈننى بىرەر تۈيغۇ، بىرەر ئالاھىدىلىكنىمۇ يازماي بىكارغا ئوتكۈزۈۋەتسە بۇمۇ ناھايىتى يامان بولغىنى...

ھەر كۈنى ئىشلەش كېرەك، ئەگەر بىرەر كۈن يازالماي قالسا، قانداق قىلىش كېرەك؟ ھېچۋەقەسى يوق، قولىغا قەلىمىنى ئېلىپ « بۈگۈن مەن نىمە ئۈچۈندۇر ھېچنىمە يازالمىدىم »، « بۈگۈن مەن نىمە ئۈچۈندۇر ھېچنىمە يازالمىدىم » دەپ تەكرار ـ تەكرار يېزىۋېرىش كېرەك. ئەڭ ئاخىرى يېزىۋېرىپ زېرىككەندە، ئاندىن يېزىشقا كىرىشەلەيدۇ.

گۇگول

ھەققىي سەنئەتكار بولۇش ئۈچۈن، ئوزىنى پۈتۈنلەي مۇشۇ ساھەگە بېغىشلاش لازىم. بۇ ئىشتا پۇرسەتپەرەسلىك قىلىش خۇددى باشقا ساھەلەرگە ئوخشاشلا، كىشىنى ھېچقانداق نەتىجىگە ئېرىشتۈرمەيدۇ. سەنئەتتە خۇددى باشقا ساھەلەرگە ئوخشاشلا، تالانت ـ ئەقىلدار كېرەك. لېكىن، شۇندا قىلا ئەمگەكمۇ زورۇر.

پەقەت باش چوكۇرۇپ، جاپالىق ئىشلىگەندىلا، ئاندىن نەتىجە چىقارغىلى بولىدۇ.

چىخوۋ

ئابلىمىت مەھەممەت توپلىغان

(بېشى 112 ـ بەتتە)

رىسا، ئۇ ياقتا ھايۋانلارنى تۇتۇش ئۈچۈن كولاپ قويۇلغان بىر ئورىنىڭ بارلىقى مەلۇم بولۇپتۇ. « مانا بۇ يەرگە بورىنى ئالداپ كېلىش ۋە ئۇنى ئۇجۇقتۇرۇش مۇمكىن» تۈلكە بۇنى ئويلىغاندا كوڭلى خۇشاللىققا تولۇپتۇ.

تۈلكە دەرھال بورى قېشىغا بېرىپ خەۋەر بېرىپ: « خوجايىن! بۇ يەردە بىر باققا كىرىدىغان مۇشەققەتسىز بىر يول تاپتىم. باغدا مىۋىلەر پىشىپ مەي بولۇپ كېتىپتۇ. بىرگە بېرىپ باغ سەيلىسى قىلىش ۋاقتى كەلدى » دەپتۇ. بۇ سوزنى ئاڭلاپ بورىنىڭ ئېغىزلىرىدىن سېرىق سۇ ئېقىپتۇ-دە، تۈلكىنىڭ ئارقىسىغا كىرىپ مېڭىپتۇ. تۈلكە ئۇنى باشلاپ ئېلىپ بېرىپ « مەرھەمەت » دەپ تەكلىپ قىلغان ئىكەن، بورى ھېچبىر خىيال قىلماي ئىلدام توشۇككە قەدەم قويۇپتۇ ـ دە ئورىغا چۈشۈپتۇ، تۈلكە بىر پەريات ئۇرۇپ قېچىپ كېتىپتۇ. دېھقانلار تۈلكىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ تەرەپ ـ تەرەپتىن تاياق ـ كالتەك كوتۈرۈپ يۈگۈرۈشۈپ كېلىپ بورىنى ئۇرۇپ ئولتۈرۈپتۇ.

رەتلىگۈچى: سۇزۇك

## خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئۈنچىلىرى

# بورى بىلەن تۇلكە

( ئۇيغۇر خەلق چوچىكى)

ئوتكەن زاماندا بىر بورى ۋە بىر تۇلكە بىر - بىرى بىلەن دوس بولۇپ ياشاپتۇ. لېكىن، بورى ئوزىنى چوڭ تۇتۇپ تۇلكىنى بىر خىزمەتكار ئورنىدا كوروپ، ئۇنىڭغا زۇلۇم قىلغىلى باشلاپتۇ.

بىر كۇنى تۇلكە بورىگە ئاگاھلاندۇرۇش بېرىپ: « بۇ خۇيۇڭنى تاشلا، يوغانچىلىق قىلما! ئەگەر سەن شۇ خۇيۇڭنى تاشلىمىساڭ ئاقىۋىتىڭ ياخشى بولمايدۇ، ئاخىر ساڭا بىر ئادەم ئوغلى غالىپ كېلىدۇ. چۈنكى ئادەم ناھايىتى ھىلىگەر. ھاۋادىكى ئۇچارلىقنى، دەريا - دېڭىزدىكى بېلىقنى ھىلە بىلەن تۇتىدۇ، چوڭ تاغلارنى كېسىپ، تاشلارنى ئېلىپ بېرىپ خالىغان يەرگە تاغدەك ئېگىز ئىمارەتلەر ياسايدۇ، ئىنساپ قىلىپ يامانلىقتىن ئوزۇڭنى تارت!» دەپ نەسىھەت قىپتۇ. بورى بۇ سوزدىن دەرغەزەپ بولۇپ بىر مۇش بىلەن تۇلكىنى تىك موللاق يېقىتىپتۇ. تۇلكە ھۇشىدىن كېتىپتۇ. ئۇ، ھۇشىغا كەلگەندە بورىنىڭ يۈزىگە قاراپ كۇلۇپ ئوزرەگە تىل ئېچىپتۇ « جانابى باشلىق، مەن مۇندىن كېيىن سىزگە مۇنداق چاقچاق قىلمايمەن. ھوكۇمالەر سورىمىغان سوئالغا جاۋاپ بەرمەسلىكنى ئېيتقان بولسىمۇ، مەن بۇ ھىكمەتلىك سوزگە ئەمەل قىلمىغانلىقىمدىن تېگىشلىك جازاغا لايىق بولدۇم. گۇناھ ئوزەمدە. مەن سىزنىڭ كوڭلىڭىزنى چېكىپ قويدۇم. بۇنىڭغا ناھايىتى پۇشايمان يېدىم، تەۋبە قىلدىم» دەپتۇ. بورى كۇلۇپ ئاچچىغىدىن يېنىپ، تۇلكىنىڭ ئوزرىسىنى قوبۇل قىپتۇ.

تۇلكە بورىگە كوڭلىدە ئاداۋەت ساقلاپ ئىنتىقام ئېلىش پۇرسىتىنى كۇتۇپ يۇرۇپتۇ. لېكىن زاھىرەن بورىگە خوشامەت قىلىپ كۇن ئوتكۇزۇدىكەن. كوڭلىدە قانداق قىلىپ ئىنتىقام ئېلىشنى ئويلايدىكەن. « زالىمدىن ئىنتىقام ئېلىش كېرەك. لېكىن پۇرسىتى كەلگىچە چىداماسلىق كېرەك » . تۇلكە شۇ خىيال بىلەن يۇرگەندە بىر كۇنى بىر باغنىڭ تېمىدا بىر توشۇكنى كوروپتۇ. ئۇ: « ئەلۋەتتە ئادەملەر بۇ توشۇكنى بى ھودە قويمىغان بولسا كېرەك، بۇ يەردە بىر ھىلە بولسا ئېھتىمال » دەپ ئويلاپتۇ. تۇلكە ئاستا توشۇكنىڭ ئاغزىغا بېرىپ قا-

(ئاخىرى 111 - بەتتە)

# پىلنى يەڭگەن باتۇر ئەمەس، ئاچچىقنى يەڭگەن باتۇر

(چوچەك)

بۇرۇنقى زاماندا بىر پادىشا ئۆتكەن ئىكەن. ئۇ پادىشانىڭ قېشىدا ئېقىل كۆرسىتىدىغان بىر دانىشمەن مەسلىھەتچىسى بار ئىكەن. ئۇ، كىچىك ئىشلاردىن تارتىپ تاكى دۆلەتنىڭ چوڭ ئىشلىرىغا قەدەر پادىشاغا ئېقىل كۆرسىتىدىكەن. پادىشا بۇ دانىشمەننىڭ مەسلىھەتسىز ھېچبىر ئىشنى قىلالمايدىكەن. بىر كۈنىسى دانىشمەن ئادەتتىكىدەك ئىشقا كەپتۇ. ئۇ ئوردىغا كىرسە پادىشا ناھايىتى چېچىلىپ، قۇيرىغىنى تالاپۋەزىرلىرىگە قاتتىق ۋارقىراپ تۇرغىدەك. بۇنى كۆرگەن دانىشمەن پادىشاغا سالاممۇ قىلماستىن، تېچلىقمۇ سورىماستىن، ئۇدۇل بېرىپ ئۆز ئورنىدا ئولتۇرۇپتۇ. پادىشا دانىشمەننىڭ بۇ قىلىغىنى كۆرۈپ ئۆزىگە ھۆرمەتسىزلىك قىلدى-دەپ بىلىپ، غەزەپى تېخىمۇ ئۆرلەپ، زەردىسى بىلەن دانىشمەنگە:

-ھەي بىمەدەپ؟ بۈگۈن سەن نېمە بولدۇڭ؟ ھەركۈنى ئىشقا كەلگەندە ئەۋۋەل مەن بىلەن سالاملىشىپ، مەندىن تېچلىق سوراپ، ئاندىن ئۆز ئورنۇڭغا بېرىپ، ئۆز ئىشىڭنى قىلاتتىڭ. بۈگۈن نېمە ئۈچۈن بۇنداق ھۆرمەتسىزلىك قىلىسەن؟ - دەپ كايىپتۇ.

- مەن سىلىنى نامدار پەلۋان، پىلنى يېڭىپ داڭقى ئالەمگە كەتكەن قەيسەر باتۇر دەپ قاراپ، ھەر ئىشتا، ھەر جايدا سىلىنى ھۆرمەتلەپ كەلگەن ئىدىم. بۈگۈن مەن سىلىنىڭ راستىن باتۇر ئىكەنلىكلىرىگە ئىشەنمىدىم،- دەپتۇ دانىشمەن.

بۇ گەپلەر پادىشانىڭ زىتىغا تېگىپ، تېخىمۇ خاپا بولۇپ:

- بۇ نېمە دېگىنىڭ؟ قانداق بولۇپ بۈگۈن. مۇشۇ گەپ سېنىڭ ئاغزىڭدىن چىقتى،-دەپ ئۆزىنى باسالماي دانىشمەنگە كايىپتۇ.

- پىلنى يەڭگەن باتۇر ئەمەس، ئاچچىقنى يەڭگەن باتۇر. سىلە ئاچچىقلىرىنى يېڭەلمەيلا، قانداقمۇ سىلىنى باتۇر دېگىلى بولسۇن. ئاچچىق ئادەمنىڭ ئۆزىدىن چوڭ ئەمەس، ئاچچىقلاپ كايىپ، باشقىلارنىمۇ رەنجىتىپلە، ئۆزلىرىنىمۇ خاپا قىلدىلا. ئاچچىقلانغاندىن نېمە پايدا چىقتى؟ ئاقىل ئادەم ھەر ئىشنى ئېغىر - بېسىقلىق بىلەن ئويلاپ قىلىدۇ. «ئەۋۋەل ئويلا، كېيىن ئىشلە» دېگەن بۇ سۆز بىكارغا ئېيتىلغان ئەمەس،- دەپتۇ دانىشمەن. بۇ سۆز پادىشانى قاتتىق تەسىرلەندۈرۈپتۇ.

- ئى، دانىشمەن، سېنىڭ سۆزلىرىڭ ھەقىقەتەن مېنى قاتتىق تەسىرلەندۈردى. سەن بۇ دانىشمەنلىكنى قانداق ئۆگەنگەن؟ بۇ ئېقىل - پاراسەت نەدىن كەلگەن؟- دەپ سوراپتۇ پادىشا.

- مېنىڭ بىلىدىغانلىرىم پەقەت ئىلىم دەرياسىنىڭ بىر تامچىسىدىنلا ئىبارەت. مەن كەمتەرلىك بىلەن جەمئىيەتتىن، خەلقتىن ئۆگەندىم. باشقىلارنىڭ گەپ - سۆزلىرى ماڭا يارىمىسا، قىلغان قىلىقلىرى دىتىمغا ياقماي، كۆزۈمگە سەت كۆرۈنسە، مەنمۇ شۇنداق قىلسام خەلقنىڭ كۆزىگە سەت كۆرۈنىدىغان ئوخشايمەن، دەپ، ئۇنى قىلمىدىم. دىتىمغا ياققانىنى، كۆزۈمگە چىرايلىق كۆرۈنگەننى، مەنمۇ شۇنداق قىلسام، خەلقلەر ياخشى كۆرىدىغان ئوخشايدۇ، دەپ شۇنداق قىلدىم،- دەپتۇ دانىشمەن.

دانىشمەننىڭ گەپ - سۆزلىرى پادىشاغا ياراپتۇ ۋە مىرزىنى چاقىرىپ:

— دۆلەتنىڭ چوڭ ئىشلىرى خاتىرە توپلانمىلىرىغا: «پىلنى يەڭگەن باتۇر ئەمەس، ئاچچىقىنى يەڭگەن باتۇر»، «ئويلاپ قىلغان ئاقىلنىڭ ئىشى، ئالدىراڭغۇلۇق نادانىنىڭ ئىشى» — دەپ ياز، بۇ ئەقلىيە سۆزلەر تارىخ بېتىدە مەڭگۈ ساقلانسۇن، — دەپتۇ.

شۇندىن كېيىن بۇ دانىشمەن، پادىشا ھوزۇرىدا تېخىمۇ ئىززەت — ئابرۇيغا ئىگە بوپتۇ.

ئەندى پادىشانىڭ «باتۇر» ئاتىلىشىدىكى ھېكايىغا كەلسەك، بۇ ئەلگە سىرتتىن تاجاۋۇز كەپتۇ. دۈشمەنلەر شەھەرنى قورشىۋاپتۇ. پادىشا لەشكەرلىرىمۇ دۈشمەنگە قارشى سەپكە ئاتلىنىپتۇ. ھەر ئىككى تەرەپ جەڭ مەيدانىدا ئىككى سەپ بولۇپ تىزىلىپتۇ. سىرتتىن كەلگەن تاجاۋۇزچىلار سەپىنىڭ ئالدىغا يوغان بىر پىلنى توختۇتۇپ قويۇپ:

قېنى! پىلغا تەڭ كەلگىدەك پالىۋان بارمۇ؟ دەرھال مەيدانغا چىقسۇن! — دەپ جاكالاپتۇ.

پادىشا پالىۋانلىرىغا:

— ئى، پالىۋانلىرىم! دۈشمەنلەرنىڭ ھەيۋىسىنى كۆرۈپ تۇرۇپسىلە. ئۇلار بىز بىلەن كۈچ سىناشماقچى بولۇۋاتىدۇ. قېنى كىم مەيدانغا چۈشۈپ ئۇلار بىلەن ئېلىشىپ، پىلنى يېڭىپ، ئۆزىنىڭ باتۇرلۇقىنى ئالەمگە نامايان قىلىپ نام — شوھرەت قازىنىدۇ؟ مەن ئۇنداق نامدار پالىۋانىمغا كاتتا ئىنئام قىلىمەن، — دەپتۇ. پادىشانىڭ چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشقان بىرمۇ سادا چىقماپتۇ. جەڭ مەيدانىدا تاغدەك قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان پىلنى كۆرۈپ، ھېچقانداق بىر پەلىۋان مەيدانغا چۈشۈپ پىل بىلەن ئېلىشىشقا جۈرئەت قىلالماپتۇ. پادىشا ئارقا — ئارقىدىن ئۈچ قېتىم مۇراجىئەت قىپتۇ. ھەممە بېشىنى تۆۋەن سېلىپ يەرگە قاراپ تۇرۇپتۇ. پادىشا بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ ئەكىزمىنىڭ ئالەم بېشىغا يېتىلغاندەك بولۇپتۇ. ئۇ غەزەپلەنگەنلىكتىن چاچ — ساقاللىرى تال — تال بولۇپ، ئۆز — ئۆزىگە: «ئۆلۈم ئادەمگە ھامان بىر كۈن بار، دۈشمەن ئالدىدا يەرگە قاراپ، ئۆز ئادەملىرىم ئالدىدا تەلمۈرۈپ تۇرغاندىن كۆرە، نىمە بولسام بولاي، نامەرت بولۇپ ياشىغىچە، مەرت بولۇپ ئۆلگەن تۈزۈك» — دەپتۇ — دە، غەيرەتكە كېلىپ، ئىككى يېڭىنى تۈرۈپ، بىلىگىنى شىمايلاپ، جەڭ مەيدانىغا سەكرەپ چۈشۈپ، پىلگە ئۇقتەك ئېتىلىپتۇ. بۇنى كۆرگەن پىل خارتۇمىسىنى ئاسمان پەلەك كۆتۈرۈپ ئايلاندۇرۇپ كېلىپ پادىشاغا خىرىس قىپتۇ. پادىشا چەبدەسلىك بىلەن بارلىق كۈچىنى بىلىكىگە توپلاپ، ئارقىغا 3 — 4 قەدەم يېنىپ، يەنە ئۇقتەك ئېتىلىپ كېلىپ، جېنىنىڭ بېرىچە پىلنى مۇش بىلەن بىرنى ئۇرغان ئىكەن، پىل پادىشانىڭ مۇشتىنىڭ زەربىسىگە چىداشلىق بېرەلمەي پۇلاڭشىپ يەرگە يىقىلىپتۇ. پۈتۈن جاھاننى قىقاس، ۋاڭ — چۇڭ قاپلاپتۇ، پادىشانىڭ باتۇرلۇقىغا ھىممەت، غەيرىتىگە بارىكاللا ئوقۇپتۇ.

دۈشمەنلەر: «پىلنى مۇش بىلەن بىرنى ئۇرۇپ يىقىتىۋەتتى، بۇ قالتىس باتۇر ئىكەن. پادىشاسى مۇشۇنداق بولسا، پالىۋانلىرى قانچە كۈچلۈكتۇ، ئەمدى بۇلارغا تەڭ كەلگىلى بولمىدى» — دەپ ئارقىسىغا چېكىنىپ قېچىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن پادىشا دۈشمەن ئۈستىدىن غەلىبە قىپتۇ.

شۇندىن بۇيان، «پىلنى يەڭگەن باتۇر ئەمەس، ئاچچىقىنى يەڭگەن باتۇر» دىگەن ھېكمەتلىك سۆز ئەل ئىچىدە قالغان ئىكەن.

(ئابدۇراخمان مومىن توپلاپ رەتلىگەن)

# موللا تاپقاق ئاخۇنۇم

(چوچەك)

بۇرۇنقى زاماندا مەلۇم بىر شەھەردە سۇل-
تان باي دىگەن بىركىشى بولۇپ، ئۇنىڭ دۇن-
يالىقتا يولۋاسخان ئىسىملىك بىرلا ئوغلى
بار ئىكەن. باي ئوغلىنى شۇنداق ئەتىۋالاي-
دىكەنكى، بىر بالا ئۈچۈن نەچچە ئىنكىتانا
ۋە خىزمەتكارلار قول باغلاپ تۇرىدىكەن. بالا
نىمىگە بۇيرىسا شۇنى قىلىدىكەن، بالا ئۈ-
چۈن مەخسۇس تەختىراۋان ياسىتىپ، سەككىز
قەۋەت تەتىللا كورپە سېلىپ بالىنى ئولتار-
غۇزۇپ، توت ئادەم كوتۈرۈپ خالىغان جايغا
ئاپىرىپ ئوينۇتۇپ كېلىدىكەن. ھەتتا بالى-
نىڭ تاماشاسى ئۈچۈن، مەخسۇس ئويۇن سا-
رىيى ياسىتىپ بېرىپتۇ. بالا يىمەك-ئىچمەكگە
دۇنيادىكى ئەڭ ئېسىل نازۇ - نىمەتلەرنى
يەپ - ئىچىپ، خۇددى جەننەتتىكى «ھورى
غۇلمانلار» دەك بېقىلىپتۇ. كېچىسى بولسا
ئوينىڭ 4 تەرىپىگە چىراق ياندۇرۇپ 4 ئا-
يال بالىنىڭ باش ئايىغىدا قاراپ ئولتۇرى-
دىكەن. شۇنداق قىلىپ بالا 15–16 ياشقاكىر-
گىچە تاپىنى توپىغا تەگمەي ئىنتايىن ئەتى-
ۋالىق ئوسۇپ چوڭ بولۇپتۇ. بالا بو-
يىغا يەتكەندە دادىسى بىر باينىڭ گۈزەل
قىزىغا ئۆيلەپ قويۇپتۇ. ئوي- جاي ۋە سايا-
ھەت قىلىش ئۈچۈن چارباغ ياسىتىپ بېرىپتۇ.
شاھزادىنىڭ ئاغىنە - بۇرادەرلىرىگە كالا
قوي سويۇپ، زىياپەت بېرىپ، ھەددى-ھېساپ-
سىز ئەيشى - ئىشرەت بىلەن كەيپى - ساپا
سۈرۈپتۇ. بالا قوينىڭ يۈرۈگىدە قىلىنغان
كاۋاپنى يەپ، قوساق تويغۇزغاندىن كېيىن،
قىمار ئوينايدىكەن. ئەل - ئاغىنىلىرى پۇل
يوق دەپ كەلسە، توپ - توپ داچەنلەرنى
سانىماي تاشلاپ بېرىدىكەن. باشقىلارمۇبۇ
«شاھزادە» نىڭ بۇنداق «مەرتلىكى» نى ئاغ-
زىدىن كوپۈك كەلگىچە ماختىشىدىكەن، ئايلار
ئوتۇپتۇ، كۈنلەر ئوتۈپتۇ. سۇلتانباي پانى
دۇنيادىن باقى دۇنياغا كېتىپتۇ. دادىسى ئو-
لۇپ كەتكەندىن كېيىن، بۇ شاھزادە دادىسى-
دىن قالغان مال - دۇنيانى قىمار، ھاراق
شاراپ، پاھشە قاتارلىق بۇزۇقچىلىققا سەرپ
قىلىپ، «مەرتلىكى» بىلەن ھاياتكوچۈرۈپتۇ.
يىللارنىڭ ئوتۇشى بىلەن قارونىنىڭ غەزىنى-
سىدەك بۇ سان - ساناقسىز دۇنيامۇ ئازىيىش-
قا باشلاپتۇ. بەرەر كىشى ئۇنىڭ قەستىگە چۈ-
شۈپ ئوبدانراق بىر ماختاپ قويسا بىرەر
كالا، 5، 6 قوينى ئايىماپتۇ. شۇنداق قىلىپ
بۇ «مەرت» شاھزادە دادىسىدىن قالغان دۇنيا
دەپسىنى كوزنى يۇمۇپ ئاچقىچە يەپ تۈگۈ-
تۈپتۇ. قارىسا قويغا يەم بېرىدىغان يىرىق
تەگلىدىن باشقا ھېچنىمە قالماپتۇ. «دۇرماق-
نىڭ ئۇستىگە تەپمەك» دىگەندەك، خوتۇنى
سېزىككە چۈشۈپ قاپتۇ. «دۈنى تاپ لۇكچەك،
بۇنى تاپ لۇكچەك، چاۋىسى سېسىپ كەتكەن
قوۋۇرغىسى دۇمچەك» دەپ تىللاپ، زادى ئول-
تارغۇزماپتۇ. «بايۋەچچە» بوسوغىدا بىر دەم
بېشىنى تۇتۇپ ئولتۇرغاندىن كېيىن، «بول-
دى - بولدى، ئەندى يول تاپتىم، نىمە يې-
گىلىك بار خوتۇن ؟»- دەپ سوراپتۇ. خوتۇنى،
«ئوخشۇتۇپ قۇيغان ھېسىپ، تونۇرنىڭ دا-

مىنىڭغا ياققان سامسۇ، قوشقار گوشىدا قىلىنغان كاۋاپ يەيمەن.» ـ دەپتۇ. يولۋاسخان زور ئىشەنچ بىلەن:

— توختا، مەسۇم چوڭنىڭ ئوغلى ئەخمەتيار خېلى مەرت نىمە، ئۈزۈندىن بېرىيان يېقىن ئاغىنە، گوش ـ پولولىرىمىزنىمۇ كوپ يېگەن، شۇنىڭگە بارسام ئەلۋەتتە خەيرىخاھلىق قىلىدۇ... ھېزىم چوڭنىڭكىگە بارايمۇ ـ ياق، ئاۋۋال، بۈگۈن ئەخمەتيارنىڭكىگە باراي، ئەتە ئاندىن ھېزىم چوڭنىڭكىگە بارارمەن، ـ دەپ ئويلاپتۇ. شۇ خىيال بىلەن چوڭ يولدىن ئوتۇپ، بىر تاركوچىغا قايرىلىپ، خالتاكوچىدىكى يوغان دەرۋازا ئالدىدا توختاپتۇ. تام توپىدىن ياپ ـ يېشىل دەرەخزارلىق، پېشىپ كەتكەن شاپتۇل، ئۈزۈملەر كورۇنۇپ تۇرىدىكەن. قۇلىقىغا ھويلا ئىچىدىن ساز، ناخشا، كۇلكە ئاۋازلىرى ئاڭلىنىپتۇ. ئىشىكنىڭ يۇچۇغىدىن قارىسا بۇرۇن بىللە تاماشا قىلغان ئوتتۇز ئوغۇلنىڭ ھەممىسى ساز ئىشقىدا مەس بولۇپ، ياستۇققا يۆلىنىپ سەتەڭلەرنىڭ ئاغزىغا كاۋاپ چىشلىتىپ ئولتۇرغىدەك. «بەللى، بەللى، مەن دىمىدىمما، مانا تاپتىم، بۈگۈن مەنمۇ كاتتا مىھمان بولىدىغان بولدۇم، بىراق، مېنىمۇ قىچقىرماپتۇ، شۇنداق بولسىمۇ ئوزەم كىرەي» دىگەن خىيال بىلەن ئىشىكنى قېقىپتۇ. ئىچكىرىدىن قوپالغىنا بىر ئاۋاز:

— كىمسەن؟ ـ دەپ ۋاقىراپتۇ.

— مەن!

— مەن دىگەن كىم؟

— مەن يولۋاسخان.

مالاي كېلىپ ئىشىكنى ئېچىپ قارىسا، ئوزى تونىمايدىغان، ئۇچىسىدا كونا يىرتىق كىيىم بىلەن بىرسى قاراپ تۇرۇپتۇ. «توختاپ تۇر، مەن خوجايىندىن سوراپ چىقاي» دەپتۇ مالاي ۋە كىرىپ كېتىپ بىر دەمدىن كېيىن قايتىپ چىقىپ:

— تىزيولۇڭغا ماڭ، كىم سېنى بۇ يەرگە چاقىردى. ئوز ئابروينى بىلمىگەن نائەھلى لۈكچەك...... ـ دەپ قوغلىۋىتىپتۇ. بىچارە يولۋاسخاننىڭ دىمى سىقىلىپ، ئاغزى گەپكە كەلمەي قاپتۇ ـ دە، شۇ ماڭغانچە خۇدىنى بىلمەي ئوينىڭ ئالدىغا كېلىپ قاپتۇ. قارىسا قوسىغى ئېچىپ، ماغدىرى قېچىپ، يۈرىگى ساڭگىلاپ قالغان.

— توختا، ئويگە كىرسەم قاتتىق زاغرا، ئۇنىڭ ئۈستىگە خوتۇنىنىڭ تاپا ـ تەنىسى، ئەندى ھېزىم چوڭنىڭ ئويىگە باراي، ئۇ ئۇنداق نامەرت ئەمەس.

شۇنىڭ بىلەن ئۇ، بىر بېسىپ ئىككى بېسىپ ھېزىم چوڭنىڭ ئىشىك ئالدىغا بېرىپ قاپتۇ. قارىسا غاز، ئودەكلەرنىڭ غاقىلدىغان ئاۋازى ئاڭلىنىپ، كاۋاپنىڭ پۇرىقى دىماققا ئۇرۇلۇپتۇ، شۇ ئەسنادا ھېزىم چوڭ 4 ئاتلىق ئادەم بىلەن شەھەر تەرەپتىن چىقىپ كەپتۇ ـ دە، يولۋاسخانغا قاراپ:

— بۇرادەر، بۈگۈن ئىشىمىز ئالدىراش، شەھەردىن چىققان مىھمان بار، خاپا بولماي قايتىپ تۇرۇڭ، ئەتىگىچە كېلەرسىز ـ، دەپ قويۇپلا مىھمانلارنى باشلاپ ھويلىغا كىرىپ كېتىپتۇۋە مالىيىغا قاراپ «دەرۋازىنى مەھكەم تاقاڭلا، يات ئادەم كىرمىسۇن، پەيزىمىنى بوزىدۇ.» دەپتۇ. بىچارە يولۋاسخان ئىككىنچى بىر دۇنياغا كېلىپ قالغاندەك ئۇمىدسىزلىنىپتۇۋە قايتىپ بېرىپ بولغان ۋەقەنى خوتۇنىغا سوزلەپ بېرىپتۇ، ئەتەيەنە باشقا دوستلىرىنىڭ ئويىگە بېرىپ سىناپ باقماقچى بولغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. خوتۇنى:

ھەي ھاڭۋاقتى، ئىككىسىدىن بۇرنۇڭغا يەپ تويمىدۇڭمۇ؟ بار چاغدا كۇندە قوي سويسەن،

مۇشۇنداق يوق چاغدا تۇغۇلغانغا تويسەن،
غاجىلىغىلى سوڭەك يوق ئەندى بولسا كىشى-
لەرنىڭ ئىشىگىدە مارايسەن، خېتىمنى بەر
سولتەك، ئانامنىڭكىگە كېتىمەن، سەندەك
ئەخمەقتىن ئاجراشسام مىرادىمغا يېتىمەن،-
دەپ ۋاقىراپ يىغلاپ ئۆيىنى بېشىغا كىيىپتۇ...:

– توختا خوتۇن، ئۆيىنى ساتايلى،- دەپتۇ
ئەلمىگە چىدىمىغان شاھزادە ۋە ئۆزى ئول-
تۇرىدىغان ھويلا - جايلىرىنىمۇ ھېلىقى
«ۋاپادار» ئاغىنىلىرىدىن بىرىگە سېتىپ، پۇ-
تۈن بىساتىدىن ئايرىلىپ، كۆن كوچۇرۇشكە
ئامالسىز قاپتۇ -دە، ئاخىرى مەدىكاربازىرى-
غا بېرىپتۇ، لېكىن، ھېچ ئىش تاپالماي، ئاخ-
شىمى مەيۇس ھالدا ئۆيگە قايتىپتۇ. قاتتىق
زاغرىنى سۇغا چىلاپ يەپلا يېتىپ قاپتۇ. ئە-
تىسى بازارغا بېرىپ ئايلىنىپ قارىسا، بىر
رەممال 41 تال تاشنى ئالدىغا قويۇپ، رەم
سېلىپ ئولتۇرۇپتۇ، كىشىلەر رەم سالدۇرۇپ
بىرەر - ئىككى تىيىن تاشلاپ كېتىۋاتقىدەك.
ئۇ، كوڭلىدە: «بۇمۇ خېلى ياخشى ئىش ئىكەن.
مەنمۇ شۇنداق قىلاي» دەپ ئويلاپتۇ. ئەتى-
سى خوتۇنىنىڭ ئاق رومىلىنى بېشىغا ئوراپ
كونا دوستىخاننى قولتۇغىغا قىسىپ، رەمچى
ئولتۇرغان جايغا بېرىپ، بىر دوقمۇشنى تې-
پىپ ئولتۇرۇپتۇ. كەچكىچە ئولتارسا ھېچكىشى
كەلمەپتۇ. بىر قانچە كۈن شۇنداق بولۇپتۇ.
كېيىن بارا - بارا ئادەم كېلىشكە باشلاپ،
بىرەر ئىككى دانىغا ئىشلىگىدەكمۇ بولۇپتۇ.
بىر كۈنى ھەممە رەمماللار دۇكانلىرىنى يې-
غىپ كېتىپتۇ. لېكىن، يولۋاسخان شامغىچە
ئولتۇرۇپتۇ. شامغا يېقىنلاشقاندا باشقا شە-
ھەردىن كەلگەن بىر توپ سودىگەرلەر ئۆ-
تۈپتۇ. كوز باغلانغان ۋاقىتتىن پايدىلىنىپ
يولۋاسخان بىر يېزىلۇك ئېشەكنى يۈكى بىلەن
يېتىلەپ كونا تۈگمەنىنىڭ ئارقىسىدىكى

ئېرىق بويىغا ئاپىرىپ قويۇپلا ئۆزى
جايىغا قايتىپ كېلىپ ئولتۇرۇپتۇ. كارۋان سو-
دىگەرلەر ئېشەكلىرىنى سارايغا سولاپ سا-
ناپ كورسە بىر ئېشەك يۈكى بىلەن يوق، سو-
دىگەر مالايلىرىغا «ئېشەكنى تېپىش، بول-
مىسا ھەممىڭنى ئولتۇرۇمەن.» دەپتۇ. مالاي-
لار تەرەپ - تەرەپكە چېپىپ ئىزدەپتۇ. ماڭ-
غان يوللىرىنى ئىزدەپ كېتىۋاتسا بىر ئادەم دوخ-
مۇشتا ئولتۇرغان، يېقىن بېرىپ قارىسا رەم-
مال ئىكەن. «بىزگە رەم سېلىپ بەرسىلە»
دەپتۇ مالايلار. رەممال تاشلارنى ئۇياق -
بۇياققا يوتكەپ: «ھىم، توت پۇتلۇق ئۈستى-
دە يۈكى بار بىر نەرسە يوقاپ كېتىپتۇ. ئو-
زى يىراقتا ئەمەس، سۇنىڭ ئىچىدە ياتىدۇ.
كۈن پېتىشقا قاراپ 100 قەدەمچە مېڭىپ، سۇ-
نىڭ بويىنى يوقلاڭلار، ئاللاھۇ - ئەكبەر»
دەپ دۇئا قىلىپ تۈگىتىپتۇ. مالايلار رەممال-
غا توت تىيىن بېرىپتۇ. رەممال بۈگۈن نا-
ھايىتى خۇشال ئۆيگە قايتىپتۇ. مالايلار رەم-
چىنىڭ دىگىنى بويىچە ئەسكى تۈگمەنىنىڭ
ئارقىسىغا ئوتسە، ئېشەك سۇدا ياتقىدەك، ما-
لايلارنىڭ ئاغزى قۇلاققا يېتىپتۇ ۋە خوشال-
لىقىدىن رەمچىگە «موللا تاپقاق ئاخۇنۇم»
دەپ نام بېرىپتۇ. بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان باش-
قا رەممالار موللا تاپقاقنىڭ ئۆزىنىڭ ئال-
دىغا ئۆتۈپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ ئۇششاق
بالىلارغا بىر تىيىندىن پۇل بېرىپ، «قو-
ناق ئۈزىنى بايۋەچچە» دەپ بېشىغا توپا سو-
رۇڭلار،» دەپ ئۆگۈتۈپ قويۇپتۇ. دىگەندەك
ئۇششاق باللار «قوناق ئۈنى بايۋەچچە»
دەپ بېشىغا توپا سورۇپ ئولتۇرغۇزماپتۇ.
شۇنىڭ بىلەن بىللە يولۋاسخانغا بۇ شەھەر
ھارام بولۇپتۇ. تۇرمۇش كوچۇرۇشكە يەنە ئا-
مالسىز قاپتۇ. ئاخىرى خوتۇنى بىلەن مەس-
لىھەتلىشىپ، ئارىلىغى 8 كۈنلۈك كېلىدىغان

يېراق بىر شەھەرگە كۆچۈپ بېرىپتۇ. بۇ شە-
ھەردە تونۇيدىغان ئادەم بولمىغاچ خېلى كەڭ
تاشا رەمماللىق قىپتۇ. ئۆزىنى باشقىلارغا
« موللا تاپقاق ئاخۇنۇم » دەپ تونۇشتۇرۇپ-
تۇ. ۋە خېلى داڭ چىقىرىپ قاپتۇ. بۇ شەھەرلەر-
دىمۇ ھەسەتخور رەممالار بار ئىكەن. ئۇلار
موللا تاپقاقنىڭ پېيىگە چۈشۈپتۇ ۋە مەسلى-
ھەتلىشىپ بىر زىياپەت ئۆتكۈزۈپتۇ. بۇ زى-
ياپەتكە موللا تاپقاقنىمۇ چاقىرىپ، ئۇنىڭ
ئولتۇرغان يېرىنىڭ ئاستىغا بىر ئورا كو-
لاپ، ئورىغا پاقىنى سولاپ، ئۈستىگە تاختا
قويۇپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە گىلەم - كۆرپىلەرنى
سېلىپ، موللا تاپقاقنى ئەنە شۇ يەرگە باش-
لاپتۇ. موللا تاپقاق قارىسا ھەممە رەممالار
بار ئىكەن، ئۇ كۆڭلىدە، بۈگۈن بۇلار مېنى
سىنىماقچى بولسا كېرەك، ئەمدى تۇتۇلۇپ
قېلىپ رەسۋا بولىدىغان بولدۇم.» دەپ ئوي-
لاپ، « پاقىمۇ بىر سەكرەپ قۇتۇلدۇ، ئىككى
سەكرەپ قۇتۇلدۇ، ئۈچىنچى قېتىم تۇتۇل-
دۇ. » دەپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان رەممالار ھاڭ-
تاڭ قاپتۇ، چۈنكى موللىلار موللا تاپقاقنى
سىناش ئۈچۈن تۇتقان پاقىنى ئىككى قېتىم
سەكرەپ قېچىپ كېتىپ، ئۈچىنچى قېتىم تۇ-
تالىغان ئىكەن. موللىلار ئورۇنلىرىدىن تۇ-
رۇشۇپ، « بىلمەپتىمىز تەخسىر، خاتا قىپتى-
مىز.» دەپ ئېگىلىپ تازىم قىپتۇ. شۇنىڭ بى-
لەن موللا تاپقاقنىڭ شۆھرىتى ئالەمگە پۇر-
كىتىپتۇ. ئارىدىن ئازراق ۋاقىت ئۆتكەندىن
كېيىن، شۇ شەھەر پادىشاسىنىڭ قىزىنىڭ
سىرغىسى يوقاپ كېتىپتۇ. پادىشا بارلىق
موللىلار - ئۆلىمالارنى يىغىپ، سىرغىنى تې-
پىشنى، ئەگەر تاپالمىسا، ھەممىسىنىڭ كال-
لىسىنى ئالىدىغانلىغىنى ئېيتىپتۇ. موللا قى-
رىق كۈنلۈك مۆھلەت سوراپتۇ. قانچە كىتاپ
كۆرسىمۇ، ھېچكىم تاپالماپتۇ. قىرقىنجى كۈ-
نى پادىشا موللىلارنى چاقىرىپتۇ. دەل شۇ
چاغدا ئارىدىن بىر كىشى ئورنىدىن تۇرۇپ
ئېگىلىپ تازىم قىلىپ ئەرزىنى بايان قىپتۇ:
— دات، پادىشاھى ئالەم، ئايمان - ناي-
مان مەھەللىسىدە « موللا تاپقاق ئاخۇنۇم »
دىگەن بىر كىشى بار، ئەگەر رۇخسەت بولسا،
ھازىر بىزنى ئۆلتۈرمەي شۇ كىشىنى چاقىرىپ
سوراسىلا، تېپىپ قالسا ئەجەپ ئەمەس، مۇبا-
دا تاپالماي قالسا ھەممىمىزنى شۇ چاغدا ئۆلتۈر-
سىلىمۇ كېچىككەن بولمايلا... دەپتۇ. پادىشا
ھۆكۈمنى ئۆزگەرتىپ، موللىلارنى ۋاختىنچە
زىندانغا تاشلاپ، موللا تاپقاق ئاخۇنۇمنى
دەرھال تېپىپ كېلىشكە پەرمان چۈشۈرۈپتۇ.
بىر قانچە لەشكەر بېرىپ موللا تاپقاقنىڭ پۇ-
تىنى يەرگە تەككۈزمەي ئېلىپ كەپتۇ. پادىشا
موللىغا مەقسەتنى ئېيتىپتۇ. موللا تاپقاقمۇ
سىرغىنى تېپىش ئۈچۈن قىرىق كۈنلۈك موھ-
لەت سوراپتۇ. ئۇ ئىچىدە: « مەن كىچىكىمدە
شۇنچە ئارزۇلۇق چوڭ بولۇپ، كېيىن خارلان-
دىم، مەدىكارچىلىقتا يارىماي رەممالىق بى-
لەن كۈن كۆچۈرۈپتىمەن. ئەمدى بېشىمغا كەپ-
تۇ. نىمە بولسام بولاي، لېكىن، يەيدىغىنىم-
نى يېۋېلىپ ئۆلەي. » دەپ ئويلاپتۇ ۋە پا-
دىشاھقا مەخسۇس بىر ئۆي بېرىشنى، 40
كۈنگىچە ئەتىكاپتا ئولتۇرىدىغانلىغىنى، شۇ-
نىڭ ئۈچۈن كۈنلۈك غىزاسىغا 10 قوينىڭ
يۈرىگى، بىر غازنىڭ شورپىسى، بىر قولاننىڭ
گۆشى، بىر يولۋاسنىڭ يۈرىگىنى يەيدىغان-
لىغىنى ئېيتىپتۇ. پادىشاھمۇ ماقۇل بوپتۇ.
قىرىق كۈنگىچە شۇنداق بېقىپتۇ. لېكىن، ۋا-
قىت يېقىنلاشقانسىرى، موللا تاپقاقنىڭ گى-
لىدىن غىزا ئۆتمەس بولۇپ قاپتۇ. 39-كۈنى
كەچتە «مېنىڭ بېشىمغا ئەزرائىلنىڭ شولىسى
چۈشتى، خەلقى ئالەم ئالدىدا رەسۋا بولۇپ
ئۆلگىچە، ئۆزەمنى ئۆزەم ئۆلتۈرىۋالاي،»

دەپ ئويلاپتۇ - دە، نوينىڭ جەگىسىگە ئاغامچا سېلىپ، پۇتىغا تۇت قىشنى قويۇپ، بوينىغا ئاغامچىنى سېلىپ تۇرۇپ، "يا، ھاياتەننەبى.... ياخىزىر! ... يا ئىلياس" دەپ قايتا - قايتا تووۋلاپتۇ.

سىرغىنى ئەسلىدە پادىشانىڭ سارىيىدا، مەلىكە چاچ تاراپ ئولتۇرۇپ قالغاندا، غاز باقىدىغان ئىلياس دىگەن بىرەيلەن ئېلىۋېلىپ، ھاجەتخانىغا كۆمۈپ قويغان ئىكەن. موللا تاپقاق بوينىغا ئارغامچا سېلىپ، "يا، ئىلياس" دەپ تووۋلىغاندا، ئۇ ئىشىك ئالدىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، بۇ ئاۋازنى ئاڭلاپ قاپتۇ، "ئىشىم تۈگىدى، بۇ ئادەم بىلىپ قاپتۇ. تازىمۇ يېتىشكەن ئادەم ئىكەن ياكى خىزىرنىڭ ئۆزى ئىكەن، ئەمدى ئۆزەم كىرىپ گۇناھىمنى تىلىمىسەم پادىشاھ بىلىپ قالسا، كاللامنى ئالىدۇ،" دەپ ئويلاپتۇ - دە ئىشىكنى قېقىپتۇ. موللا تاپقاق ئاخۇنۇم ئورنىدا تۇرۇپ:

— كىمسەن بۇ كېچىدە مېنى ئىبادەت قىلغىلى قويماي، ئىشىك قېقىپ، ئاۋارە قىلىدىغان؟ ئىشىك بولسا ئەتە كەل، - دەپ تووۋلاپتۇ. ئىلياس ئىشىك ئالدىدا بىر ئالدىغا، بىر كەينىگە قاراپ:

— ۋاي ئاخۇنۇم، سىرغىنى مەن ئالغان، سىلە تېپىۋاللا. بىر بولسىمۇ ئۆزلىرىدىن، ئىككى بولسىمۇ ئۆزلىرىدىن، مەن سىرغىنى ھازىر تەييار قىلاي. بىر قوشۇق قېنىمنى تىلەيمەن." دەپ يالۋۇرۇپتۇ. موللا تاپقاق دەرھال ئىشىكنى ئېچىپ:

— مەن سېنىڭ ئالغانلىقىڭنى ئاللىقاچان بىلگەن. لېكىن، سېنى قانداق قىلىدۇ دەپ تا بۈگۈنگە قەدەر كۈتتۈم. بۈگۈن ئۆزەڭ كەپسەن. ئەگەر ئۆزۈڭ كەلمىگەن بولساڭ، ئەتە پادىشاغا دەپ دارغا ئاستۇرۇۋېتەتتىم. سىرغا قېنى ھارامزادە...—دەپتۇ چاندۇرماستىن.

ۋاي، مەن تېپىۋېلىپ ھاجەتخانىغا كۆمۈپ قويغان، شۇ يەردە بار،—دەپتۇ ئىلياس.

— ئۇنداق بولسا، دەپتۇ موللا، — سەن بېرىپ سىرغىنى غازغا يېگۈزگىن، شۇ غازنىڭ قانىتىنى سۇندۇرۇپ بەلگە قىلىپ قوي. ئەتە پادىشا سورىسا غاز يەپ كېتىپتىكەن دەيمەن. سەن غازلارنى ھەيدەپ كېلىسەن، مەن بېرىپ بەلگە قىلىنغان غازنى تۇتىۋالىمەن، ئۆلتۈرىمىز، ئىچىدىن سىرغا چىقىدۇ. سەن ئۆلۈمدىن قۇتۇلۇپ قالىسەن، — دەپتۇ. ئىلياس خوشاللىغىدىن موللىنىڭ تاپىنىنى سۆيۈپتۇ ۋە بېرىپ موللىنىڭ دىگىنىدەك قىلىپتۇ.

ئەتىسى پادىشا موللا تاپقاقنى چاقىرىپ:

— ھە، قېنى تاپتىڭمۇ؟ - دەپ سوراپتۇ.

— تاپتىم، - دەپتۇ موللا.

— نەدىكەن.

غاز يەپ كېتىپتىكەن.

— قانداق غاز؟

ئەمر قىلسىلا، غازچى غازلارنى ھەيدەپ كەلسە، ئۆزۈم تاپىمەن.

پادىشا ئەمر قىپتۇ، غازچى غازلارنى ھەيدەپ كەپتۇ. پادىشا بىر تەرەپتە، موللا بىر تەرەپتە قاراپ تۇرۇپتۇ. ھىلىقى بەلگە قىلىنغان غاز ئالدىغا كېلىش بىلەن موللا يۈگۈرۈپ بېرىپ تۇتىۋاپتۇ ۋە ئۆلتۈرۈشنى بۇيرۇپتۇ. غازنى ئۆلتۈرگەن ئىكەن، غازنىڭ پوكىنىدىن سىرغا چىقىپتۇ. بۇنى كۆرۈپ پادىشاھ ھەيران بوپتۇ، خوشال بوپتۇ ھەم قايىل بوپتۇ. موللا تاپقاقنى ئوردا ۋەزىرلىككە ئېلىپ قېلىپ، مۇپەتتىش ۋەزىر دەپ نام بېرىپتۇ ۋە خوتۇن - بالا-چاقىلىرىنى ئالدۇرۇپ كېلىپ ئوردا ئىچىدە جاي بېرىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن موللا تاپقاق ئاخۇنۇم پادىشانىڭ ھەممىتىگە ئىگە بولۇپ، يۇقۇرى ھور-

مەتكە ئىگە بولۇپتۇ. بۇ ئىش ئوردىدىكى
ھەسەتخور ۋەزىرلەرنىڭ ئوغىسىنى قايناتتىپ-
تۇ. دە، "بىز شۇنچە خىزمەت كۆرسەتسەك
شۇنچىلىك قىلمايدۇ. قىزنىڭ سىرغىسىنى
تېپىپ بەرگەن بىر موللىنى شۇنچە ھۆرمەت-
لەپ كېتىدۇ. شۇمۇ ئادالەتلىك بولدىمۇ؟"
دېيىشىپ موللا تاپقاق ئاخىرىدا يوقىتىش-
نىڭ قەستىگە چۈشۈپ، پۇرسەت كۈتۈپ تۇ-
رۇپتۇ. كۈنلەرنىڭ بىرىدە بۇ شەھەرگە باشقا
بىر شەھەردىن دۈشمەنلەر بېسىپ كېلىۋات-
قانلىقى ئاڭلىنىپتۇ. پادىشاھ بۇ خەۋەرنى
ئاڭلاش بىلەن لاغىلداپ تىترەپ پۇتى كۆي-
گەن توخۇدەك بىر جايدا تۇرالماي قاپتۇ
ۋە بارلىق ۋەزىر - ۋوزرالارنى مەسلىھەتكە
چاقىرىپ:

— ئېلىمىزگە دۈشمەن بېسىپ كېلىۋېتىپتۇ،
بۇنىڭغا قانداق مەسلىھەت بار؟، - دەپ سو-
راپتۇ. ئۆزۈندىن بۇيان
پۇرسەت كۈتۈپ تۇرغان ھەسەتخور ۋەزىرلەر
ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ ئېگىلىپ تازىم قىپتۇ-
دە:

— ھۆرمەتلىك پادىشاھىم، دۈشمەننىڭ
كۈچى كۆپ ئىكەن. بۇنىڭغا تاقابىل تۇرۇش
تەس. بۇ ئىشنى موللا تاپقاق ۋەزىر ئۈستىگە
ئالسا، جانابى ئالىيلىرىنىڭ نامىدىن بىرلەك
لەشكەر بىلەن چىقىپ دۈشمەنگە تاقابىل تۇر-
سا، بۇ كىشى ئىلمى غەيبىتىن خەۋەردار
بولغانلىقتىن كېيىن جەڭدە زەپەر تېپىشى مۇم-
كىن، - دەپ مەسلىھەت بېرىپتۇ. بۇ مەس-
لىھەت پادىشاغىمۇ يېقىپتۇ ۋە شۇ ھامان
موللا تاپقاققا تەييارلىق قىلىپ، 3 كۈندىن
كېيىن يولغا چىقىشقا بۇيرۇق بېرىپتۇ. موللا
تاپقاق بۇ گەپنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، بې-
شىدىن بىر چېلەك سۇ قۇيغاندەك بولۇپتۇ ۋە
بېشى ئايلىنىپ ئۆيىگە ئاران تەستە قايتىپ

كېلىپ بولغان ۋەقەنى خوتۇنىغا سۆزلەپ
بېرىپتۇ. " مەن شۇنچە ياشقا كىرگىچە، -
دەپتۇ موللا تاپقاق، - ئات مىنىپ باقمىسام،
جەڭ قىلىپ باقمىسام، ئەندى قانداق قىل-
غۇلۇق؟ ...

— قورقمىسلا، - دەپتۇ خوتۇنى، - سىلە
يولغا چىقىدىغان چاغدا پادىشانىڭ ئېتىنى
مىنىپ چىقىشنى ئىلتىماس قىلسىلا، - دە - ئات-
نى يېتىلەپ ئۆيگە قايتىپ كەلسىلە. ئۆيدە
بىر خالتا يېلىم بار، مەن يۇمشۇتۇپ تەييار
قىلىپ قوياي، ئاتنىڭ ئۈستىگە ۋە ئىگەرگە
يېلىمنى قويۇق سۈركۈۋېتىپ ئاندىن مىنسىلە
يىقىلىپ چۈشمەيلا. موللا تاپقاق خوتۇنىنىڭ
دېگىنىدەك قىلىپتۇ. لەشكەرلىرىنى ئالدىدا
ماڭغۇزۇۋېتىپ، 3 - كۈنى ئۆزى پادىشانىڭ
ئېتىنى ئېلىپ، پادىشاھ بىلەن خوشلىشىپ
ئاتنى يېتىلەپ ئۆيگە كەپتۇ. ئاتقا ۋە ئىگەر-
گە يېلىم سۈركەپ ئاندىن مىنگەن ئىكەن،
ھەش - پەش دېگىچە يېلىم قېتىپ، موللا
تاپقاق ئاتقا ناھايىتى چىڭ چاپلىشىپ كېتىپ-
تۇ. شۇ ماڭغانچە 3 كۈن يول مېڭىپ، لەش-
كەرلەرنىڭ ئالدىغا ئېشىپ كېتىپتۇ، مېڭىپ-
مېڭىپ بىر تار يولغا كىرىپ قاپتۇ. يولنىڭ
بىر تەرىپى پاكار ئەسكى تاغ، يەنە بىر
تەرىپى ئېرىق، ۋە بىر تۈپ سوگەتنىڭ ئىچى
پورلۇشۇپ، يىلتىزلىرى قۇرۇپ، تامغا ئار-
تىلىپ قالغان ئىكەن، ئات ئاستىدىن ئۆت-
كەندە پور سوگەت موللا تاپقاقنىڭ ئالدىغا
چىقىپ قاپتۇ. ئات بۇنىڭدىن ھۈركۈپ قې-
چىپتۇ ... چېپىۋېرىپتۇ، دۈشمەنلەر يىراقتىن
قارىسا بېشىغا قىزىل سەللە ئورىغان، ساقى-
لىنىمۇ قىزىل بوياۋالغان بىر ئادەم يوغان
بىر تۈپ چىنارنى ئاتنىڭ ئالدىغا ئېلىپ
گۈلدۈرلەپ چېپىپ كېلىۋاتقاندەك. دۈشمەنلەر
بۇنى كۆرۈپ جان - پېنى چىقىپتۇ ۋە " ئاجا-

# ئانا، مېنى كەچۈرگىن

(ھېكايە)

ئېزىز ساۋۇت

تاشقى ئىشلار ئىدارىسىدىن چىقىپ كېلىۋاتىمەن. قولۇمدا بولسا چەتئەلگە چىقىپ كېتىش رۇخسەت خېتى. شاتلىقىم ئىچ - ئىچىمدىن قايناپ تېشىپ تۇرۇپتۇ. چۈنكى مەن ئىككى يىلدىن بۇيان نىيەت قىلىپ ئاۋارە بولۇپ يۈرگەن ئارزۇيۇمغا يەتتىم ئەمەسمۇ؟ بۇ ئىش ئاسانغا توختىغىنى يوق.

ئانام بىزگە دادام توغرىلىق كۆپ گەپ قىلىپ بەرمەيتتى. بىز دادىسىز دىگۈدەك ئۆسكەن. مۇشۇنچىلا بولغىنىچە ئانامنىڭ تۇل ھايات كەچۈرگەنلىكىنىلا بىلىمىز. كېيىنكى چاغلاردا ئانامدىن دادام توغرىلىق كوچىلاپ سورىغىنىمىزدا ئۇ، ئېغىر خورسۇنغان ھالدا:

— داداڭلار چەتئەلگە چىقىپ كەتكەن! —دەپلا قوياتتى -دە، باشقا گەپ قىلىپ بەرمەيتتى. مەن بۇ ئىشتا قانداقتۇ بىر سىرنىڭ بارلىغىنى ھېس قىلسامۇ، ئانامنىڭ بۇ توغرىدا گەپ ئېچىلسا، ئىممىشقىدۇر بىر خىل ئازاپلىنىش پەيدا بولىدىغان سۇرلۇك چىرايىغا قاراپلا ئەزۋەلەپ گەپ سورىيالمايتتىم. يېپىقلىق قازان ئۇزۇنغىچە يېپىقلىق قىلىۋەردى.

يېقىنقى مەزگىللەردە دادام مۇناسىۋەتلىنىش يولى بىلەن مەن بىلەن ئالاقىسىنى تىكلىگەن. دەسلىۋىدە، بۇ ئىشنىڭ يىپ ئۇچىنى چىقارسام، ئانام خاپا بولۇپ يېقىن يولاتمىدى. شۇڭا مەن دادامغا ئانامنىڭ بۇ خىل روھى - كەيپىياتىنى يازغاندىن كېيىن، دادام « بۇ ئىش ھەل بولۇپ بولغىچە ئاناڭلارغا ئۇقتۇرماڭلار، ھەل بولۇپ رەسمى يولغا چىقىش ئالدىدىن ئاناڭلارغا ئۇقتۇرۇپ ئېلىپ كېلىڭلار » دەپ ئەقىل ئۆگەتكەن بولدى. مەنمۇ ئىشنى دادامنىڭ

---

يىپ بىر پالۋان كېلىۋاتىدۇ. بۈگۈن قاچمىساڭ، قاچان قاچىسەن؟ » دەپ ئېتىنىڭ بېشىنى ئارقىقا بۇراپ، قۇيرىغىنى خادا قىلىپ تىكىۋېتىپتۇ. بۇ خەۋەر ھەش - پەش دىگىچە پادىشاھ ئوردىسىغا ئاڭلىنىپ، كاتتا داغ - دۇغا پەيدا قىپتۇ. ھەسەتخور ۋەزىرلەرنىڭ چاممىسى سۇغا چىلىشىپتۇ. پادىشاھ خوشاللىغىدىن 3 كۈنلۈك يەرگىچە موللا تاپقاقنىڭ ئالدىغا چىقىپ قارشى ئاپتۇ. بۇ ئىش ھەسەتخورلارغا تېخىمۇ ئەلەم قىپتۇ. پادىشاھ بۇنى بىلىپ قىلىپ، ھەسەتخور ۋەزىرلەرنى ئۆلۈمگە بۇيرۇپتۇ. موللا تاپقاقنى ئوڭ قول ۋەزىر قىلىپ ئۆزىگە كۈيۈغول قىلىۋاپتۇ. ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي پادىشاھ ئۆلۈپ كېتىپ، موللا تاپقاق ئاخونۇم پادىشاھ بوپتۇ ۋە ئادالەت بىلەن يۇرت سوراپ، ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە بەختلىك ھايات كەچۈرۈپتۇ.

(مۇھەممەتجان زوھور توپلىغان)

كورسەتمىسى بويىچە ئېلىپ باردىم. لېكىن، چەتئەلگە چىقىش رۇخسىتىنى ئېلىشنىڭ رەسمىيەتلىرى تولا بىر ئىش ئىكەن، ئىككى يىلغىچە مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلار ۋە تاشقى ئىشلار ئىدارىسىغا مېڭىپ يۈرۈپ، ئاران دېگەندە رۇخسەت خېتى ئالدىم.

... خۇشالمەن. تاشقى ئىشلار ئىدارىسىدىن چىقىپ، ئۆيۈمگە كېتىۋاتىمەن. ئۇزۇن - قىسقا كوچىلار، كىچىككىمىدىن ماڭا تونۇش ئىمارەتلەر، باھار مەۋسۇمىنىڭ يېتىپ كېلىشى بىلەن كىچىك قۇلاقچىلىرىنى چىقىرىپ، يېشىل لىباسلاردىن تون كىيىۋالغان يول بويلىرىدىكى تونۇش دەل - دەرەخلەر، ئارىلاپ - ئارىلاپ ئۇچراپ تۇرىدىغان ھوپپىدە چېچەكلەرگە تولغان باغلار، ئەنە، مەن ئوقۇغان قەدىردان ئانا مەكتىۋىم... قىسقىسى، مەن تۇغۇلۇپ ئۆسكەن بۇ شەھەر ئەندى كۆزۈمگە ھېچقانچىلىك كۆرۈنمەيتتى.

................................

شۇ تاپتا چەتئەلگە چىقىپ كېتىش ئىشتىياقى بىلەن غەرق مەسمەن. ماڭا پاساژىر پاراخودىغا چۈشۈپ چەكسىز ئوكيان ئىچىدە كېتىپ بارىمەن. بىر قانچە كۈنلەردىن كېيىن دادام مېنى پورتتا كۈتۈۋالىدۇ. ئاجايىپ گۈزەل شەھەر!

مانا دېگەندەك پاراخوتتىن چۈشۈشۈمگىلا ئالدىمغا ناھايىتى ئېسىل بىر قارا رەڭلىك پىكاپ كەلدى. بايۇۋەچچىلەرچە كىيىنگەن دادام مېنى ئاتىلىق مېھرى بىلەن باغرىغا باستى. ماڭا زامانىۋى ئۇسكۇنە - جابدۇقلار بېزەلگەن ئېسىل بىنادا ياشاۋاتىمەن. بىنادا تۇرۇبىلار ئومىچۈكنىڭ تورىدەك، جۈمەكنى شۇنداق بۇرىدۇۋەتسەك، خالىغان ئوزۇقلۇغۇڭ، بىرسىدىن ھەسەل، يەنە بىرسىدىن سۈت، ئاللىقانداقتۇ يىمەكلىكلەر تەخسىلەرگە ئېقىپ چۈشىدىكەن...... مانا

مەن ئالتە يىللىق ئالىي بىلىم يۇرتىدا ئوقۇۋاتىمەن. پۈتتۈرگەندىن كېيىن ئىقتىسادىي مۇتەخەسسىس بولىمەن. پۇل تېپىپ زاۋۇت سالىمەن. پۇل تاپىمەن - پۇل!

— ھەي، يولداش، بىر چەتكە ئۆتۈڭ!تىز!

ساقچى بوتكىسىدىكى لابادىن چىققان بۇ ئاۋازدىن چۆچۈپ كېتىپ ھوشۇمغا كەلدىم. شۇ ئەسنادا ئالا - بۇلىماچ كالتەك تۇتقان بىر ساقچى قېشىمغا كەلدى - دە، قولۇمدىن يېتىلىگەن پېتى بوتكا يېنىغا ئېلىپ باردى.

— نېمە، سىز ساراڭ بولۇپ قالدىڭىزمۇ؟ كۈپ - كۈندۈزدە توت دوقمۇشنىڭ قاپ ئوتتۇرىسىدا مۈگدەپ تۇرۇپ كەتكىنىڭىزنى قاراڭ! قاتناش قائىدىسىگە خىلاپلىق قىلغىنىڭىز ئۈچۈن ئىككى يۈەن جەرىمانە تۆلەڭ! قېنى، چاپسانراق بولۇڭ!

شېرىن خىياللىرىمغا يېتەلمەي تۇرۇپ، بىكارغىلا 2 يۈەن زىيان تارتتىم.

× ×

قولۇم قۇپ - قۇرۇق، روھى - كەيپىياتىم بىمەرەمجان، تەقتى - تۇرقۇم سالپايغان ھالدا، تاشقى ئىشلار ئىدارىسىدىن چىقىپ كېلىۋاتىمەن. ئەندى مېنى ئۇ كۈندىكى شېرىن خىيال ۋە شاتلىق ئورنىغا كۈچلۈك ۋىژدان ئازاۋى ئىسكەنجىگە ئالغان ئىدى.

— مەن كەتمەيدىغان بولدۇم. بۇنى قايتۇرۇپ بەرمەكچىمەن. رەسمىيەتلىرىمنى توختىلاپ بەرسىڭىز.

ئۇزۇندىن بۇيان تونۇش بولۇپ قالغان ھېلىقى خادىم بۇ ئىلتىماسىمدىن ھاڭ - تاڭ بولۇپ تۇرۇپلا قالدى.

— نېمە؟ ساراڭ بولۇپ قالمىغانسىز؟ قانداقلارچە ...

— ئانام كېتىشكە ئۇنىمىدى...

— ...؟

خادىم ئەجەپلىنىپ بۇ ئىشنىڭ تېگىنى

بىلىشنى خالىغىنىدەك ماڭا سوئال نەزىرى بىلەن تىكىلدى!

ئولتۇرۇپ پۈتۈن ۋەقەنى ئۇنىڭغا سۆزلەپ بەردىم.

— ئانا! — دېدىم مەن ئىشىكتىن كىرىپلا، ئانامنىڭ مۈرىسىگە قولۇمنى قويۇپ تۇرۇپ، — ئەمدىغۇ ئۇنارسەن، ئۇنىماسلىققا ئىلاجىمۇ يوق. ئىككى يىلدىن بېرى مېنىڭ مۇشەققەتتە بۇ چەتكە چىقىپ كېتىش پاسپورتىنى ئاران ھەل قىلدىم، سېنىمۇ ئېلىپ كېتىمىز، تەييارلىق قىلىشىمىز كېرەك!

شۇنى دەپلا ئانامغا قاراپ قېتىپلا قالدىم ۋە پۈتۈن تېنىم غۇژژىدە قىلىپ، بىر قىسىملا بولۇپ ئەندىكىپ كەتتىم.

ئانامنىڭ كۆزلىرىدە چەكسىز غەزەپ - نەپرەت ئۇچقۇنلىرى چاقنايتتى. ئۇنىڭ مەن ئۈچۈن قەدىرلىك بولۇپ كەتكەن قورۇقلار باسقان ئىللىق چىرايى، كۆمۈشتەك ئاقارغان ئاپپاق چاچلىرى، ماڭا دائىم ئىللىق ئانا مېھرى بىلەن تەلپۈنۈپ تۇرىدىغان مېھرىۋان كەۋدىسى بۈگۈن نىمىشقىدۇر غەزەپتىن لەۋزىگە كەلگەن ئىدى. ئۇ تىترەيتتى،

— نەگە كېتىمىز؟ — سورىدى ئۇ ئادەمنى ئىزىپ تاشلايدىغان بىر خىل تەسىرلىك ئۈن بىلەن.

— چەتئەلگە، دادامىلارنىڭ يېنىغىچۇ؟... دۇدۇقلاپ جاۋاپ بەردىم، ئانامدىن ئەيمەنگەن ھالدا.

— ئاشۇ ئاخماق داداڭنىڭ كۆپتۈرمە يالغان گەپلىرىگە راستىنلا ئىشىنىۋاتامسەن؟ بىلىپ قوي! «مەن كۆرمىگەن بازار ئەمەس، پۇل بەرمىگىچە گوش بەرمەس» دېگەندەك، مەن كۆرگەن چەتئەل شۇدۇ تايىنلىق!

— ئانا! — دېدىم مەن يەنە يېلىنىپ تۇرۇپ، — ھەممە ئىشلار توغرۇلۇنۇپ بولغاندا، ئۇنداق تەرسالىق قىلمىغىن، ھازىرقىسى سەن كۆرگەن چەتئەل ئەمەس، جاھان تەرەققىي قىلىشىپ كەتتى - دە!

— ھەم سەن پەيلىگىدىن يان...

— ئانا...

— سەن بۇ ئىشنى بەكمۇ ئارزۇلاپ كەتكەن بولساڭ بوپتۇ، سەن كېتىۋەر، ئىنىڭ بىلەن قالىمىز!

— مەنمۇ كېتىمەن! — دېدى ئىنىم قاپ قارا كۆزلىرىنى مولدۇرلىتىپ، بىر خىل ساددىلىق بىلەن، — ئۇ يەر ياخشىكەن، ئىچىدىغان سۈت، يەيدىغان ھەسەل...

— ياخشى! ئۇنداق بولسا شۇ ياخشى يەرلەرگە ئىككىڭلار كېتىڭلار. بۇ يەردە مەن قالىمەن.

— ئانا، بۇ نىمە دېگىنىڭ؟ بىز كەتسەك ساڭا كىم قارايدۇ؟ يالغۇز...

— ماڭىمۇ؟ ماڭا تۇغۇلۇپ ئۆسكەن مۇشۇ ئېزىز ئەل - يۇرت قارايدۇ. ئۆلسەم، ئۇلار تېنىمنى يۇيۇپ، جىنازامنى كۆتۈرۈپ، مۇشۇ ئۇلۇغ تۇپراققا كۆمىدۇ. تونۇش تۇپراقتا قىسىلماي، قورۇنماي بىمالال، خاتىرجەم ياتىمەن. «ئۆز ئۆيۈمنىڭ خۇشلۇقى، پۇت - قولۇمنىڭ بوشلۇقى» ھەي ئۆز قەدرىنى بىلمىگەن نادان! قېرىغىنىمدا ناتونۇش ئەلدە نىمە ئىش قىلىمەن؟ كىم بىلەن مۇڭدىشىمەن؟ ئۇلار چەتتىن كەلگەنلەرنى ئوڭايلىقچە ئىچىگە ئېلىشمايدۇ. ئۆلسەم، جەسىدىم غېرىپ كېپەن، غېرىپ قەۋرە بولۇپ ئەشۇ يات يۇرتلاردا قالمامدۇ؟

ئىلگىرى ئانام ماڭا تولا دەپ ياد بولۇپ كەتكەن بۇ گەپلەرگە پەرۋا قىلمىدىم. ئانام بىر ھازا ئۈنچۇقماي تۇرغاندىن كېيىن، مۇشۇ كەمگىچە بىزگە سىر قىلىپ ساقلاپ كەلگەن بىر ۋەقەنى ئەيتىۋەتتى.

ـ سەن تورت ياشتا ئىدىڭ. ئىنىڭغا
بولسا ھامىلدار ئىدىم، ـ ئانام سوز ئارىلە ـ
غىدا ئېغىر ـ ئېغىر تىنىپ نەپەس ئالاتتى،ـ
ئوز ۋاقتىدا داداڭ سودا تىجارەت ئىشلە ـ
رى بىلەن شۇغۇللانغاچقا تىرىكچىلىگىمىز
ياخشى ئوتەتتى. تۇيۇقسىزلا ئۇنىڭ چەتئەل ـ
گە چىققۇسى كېلىپ قالدى. چۇنكى،ئۇ چاغ ـ
لاردا ئېلىمىزدە سودا ـ سانائەتنى سوتسىر ـ
يالىستىك ئوزگەرتىش دولقۇنى كېتىۋاتقان
بولۇپ، كوزىگە پۇلدىن باشقىسى كورۇنمەي ـ
دىغان بۇ ئاچكوز ئېرىم بۇ ئىشلارنى توغرا
قوبۇل قىلالمىغان ئىدى. مېنىڭ بۇ ئىشقا
قىلچە رايىم بولمىسىمۇ داداڭنىڭ كوڭلىنى
دەپ (چۇنكى ياش ئىدۇقتە) ئىختىيارسىز
ماقۇل بولدۇم. شۇنداق قىلىپ بىزگە تەئەل ـ
لۇق بىساتىمىزدىكى بارلىق نەرسىلەرنى
سېتىپ قولىمىزغا بىر ئاز پۇل توپلىدۇق ـ
دە، مەلۇم بىر ئەلگە پاسپورت ئېلىپ چىقىپ
كەتتۇق. مانا ساڭا چەتئەل دىگەن! ئۇ يەردە
ھەممىدىن قەدىرلىكى پۇل. پۇل بولسا ھەممە ئى ـ
شىڭ يۇرۇشىدۇ، پۇلۇڭ بولمىسا گومران
بولدۇم،دەۋەگىن! ئۇ ئەلنىڭ "ئەركىنلىك،
مەدىنىيەت" دىگەن نەمىسى پۇل ئۇستىگىلا
قۇرۇلغاچقا، ئادەملەرنىڭ تەبىئىتىمۇ "پۇل"
لىشىپ كەتكەن. ئاددىسى،بىرەر يەرنى سو ـ
رىساڭ كورسۇتۇپ قويغىنىنى ئۇچۇنمۇ پۇل
تولىشىڭ كېرەك. ئۇنىڭ ئۇستىگە
تىل بىلمەسلىگىمۇ بىر بالا دىگىن. مانا
شۇنداق قىلىپ يېرىم يىل ئىچىدە قولىمىز ـ
دىكى ئاقچا تۇگەپ قالدى. ئۇ يەردە ئاددى ـ
غىنا بىر ئىش تېپىشمۇ ناھايىتى مۇشكۇل.
نۇرغۇن پۇل خەجلىگەندىلا ئاران مۇيەسسەر
بولالايسەن. ئەڭ ئېغىرى ئىرقۋازلىق ئېغىر،
"يات مىللەت" دەپ ھەرگىز ئىشەنمەيدۇ.
ئېغىرچىلىق باشلاندى. كوچىلاردا سەر ـ
گەردان بولۇشقا باشلىدۇق. ئاقچىلىرىمىز
تۇگەپ كۇندىن ـ كۇنگە ئاچ قېلىش خەۋ ـ
پى يېقىنلاشماقتا ئىدى. مانا، ئاخىرى بې ـ
رىپ،تۇرمۇشنىڭ قاتتىق بېسىمى تۇپەيلە ـ
دىن داداڭ ماڭا ۋاپاسىزلىق قىلدى.
خېلى بۇرۇنلا چىقىپ، بىر سەۋەپلەر بىـ ـ
لەن باي بولۇشقا مۇۋەپپەق بولغان بىر
ئۇيغۇر سودىگىرىنىڭ 50 ياشلارغا بېرىپ
قالغان، شۇ كەمكىچە ئەرگە تەگمىگەن قېرى
قىزى بىلەن تېپىشىپ قاپتۇ. ئۇ ئايال دا ـ
دىسى ئولۇپ كەتكەندىن كېيىن مىراسقا ۋا ـ
رىسلىق قىلغان، لېكىن،بۇ ئەلدە ئىرقۋازلىق
ئېغىر بولغاچقا، "غەيرى ئىرقتىن كېلىپ
چىققان" دەپ بۇ ئايالنى بىرەر ئەر ئال ـ
مىغان. ئوز مىللىتىدىن بولسا ئۇزىگە لايىق
ئادەم چىقماي قالغان، شۇنداق قىلىپ قېرى
قىز بولۇپ ئولتۇرۇپ قالغان. ئاتىسىدىن
قالغان مىراس ـ بايلىقلارمۇ ئۇنىڭغا لەز ـ
زەت بېرەلمىگەن. ۋەتەنسىزلىك، يالغۇزلۇق
بۇ ئايالغىمۇ ئېغىر روھى ئازاپلارنى كەل ـ
تۇرگەن. ئاخىرىدا ئۇ مەيلى گاداي بولسىمۇ
ئوز مىللىتىدىن چىققان بىرسىنى تېپىپ تى ـ
گىشىلىش قارارىغا كەلگەن. بۇنىڭ ئۇچۇن
بارلىق روزىغارىنى بېغىشلىماقچى بولغان.
داداڭ ئۇيان ـ بۇيان ئىش ئىزدەپ يۇ ـ
رۇپ،ئاخىرى شۇ خوتۇنغا دوقارىشىپ قالسا
بولىدۇ. ئاخىرى خوتۇننىڭ تەلىۋىگە ماقۇل
بولۇپتۇ...
قاتتىق جاڭجاللاشتۇق. مەن ئايالنىڭ
ئالدىدا دىدەك بولۇپ تۇرۇپ قىلىش تەكلى ـ
ۋىنى قەتئى رەت قىلدىم. چۇنكى مەن نى ـ
كادىن ئاجرىمىغان ھالدا پەقەت غالچا سۇ ـ
پىتىدە ئاشقان ـ تاشقىنىسى يەپ تۇرمۇش
كۇچۇرۇشۇم، ئۇلارنىڭ ئەر ـ خوتۇنلۇق مۇ ـ
ناسىۋىتىگە قىلچە دەخلى ـ تەرۇز يەتكۇز ـ

مەسلىگىم ... قىسقىسى ھېسسىز ھايۋاننىڭ ئورنىدا، ئاچ قالماسلىغىم ئۈچۈنلا، ئۇلار تاشلاپ بەرگەن نانىغا شوكرى قىلىپ، يۇرۇشۇم كېرەك ئىكەن. ئۇنىڭسىزمۇ ۋەتەنىنى ئېزىز يۇرتنى سېغىنىپ تىت-تىت بولۇۋاتقان كوڭلۇمگە بۇ ئىش خەنجەردەك تەگدى. ئېغىر خورلۇق، ھاقارەت ئازاۋىدىن ئورتەندىم. داداڭ بىلەن ئايرىلىپ ۋەتەنگە قايتىپ كېتىش قارارىغا كەلدىم. داداڭ ئۇ خوتۇنغا يېلىنىپ يۈرۈپ، قايتىپ كېتىشكە ئارانلا يەتكىدەك خىراجەت ھەل قىلىپ بەردى. شۇنداق قىلىپ ۋەتەن چېگرىسىغا ئارانلا ئۇلاشتىم ...

قەدىرلىك ۋەتەننىڭ تۇپرىغىغا قەدەم قويۇشۇم بىلەنلا، تارتقان بارلىق روھى ۋە جىسمانى ئازاپلىرىم كوتۈرۈلۈپ، ئوزەمنى يېڭىۋاشتىن تۇغۇلغاندەك ھىس قىلدىم. ئېزىز ۋەتىنىمنىڭ ئەشۇ تونۇش ئاسمىنىدا قوياش ماڭا ئىللىق نۇر چاچاتتى. تونۇش يەرلەر، تونۇش دەريالار، تونۇش دەل-دەرەخلەر، تونۇش ھىدلار. — ... نىمە دىگەن راھەت!

قايتىپ كېلىشىمگىلا ھوكۈمەت ئورۇنلىرى تۇغۇلۇپ — ئوسكەن شەھرىمگە ئورۇنلۇشۇپ — ماكانلىشىشىمغا ئوڭايلىق تۇغدۇرۇپ بەردى. مانا سىلەرنىمۇ خاتىرجەم بېقىپ ئوقۇتۇپ مۇشۇنچىلىك قىلدىم...

ئانام مەن يەقەت ئويلاپ باقمىغان ھەقىقەتلەردى سوزلەۋاتاتتى. ئۇنىڭ يۈرىگىدىن ئۇرغۇپ چىقىۋاتقان مۇنداق يالقۇنلۇق سوزلىرى ۋۇجۇدۇمنى ئىرىتىپ تاشلىۋەتكەندەك، ئوتكۈر ھارارەتلىك سېزىم بىلەن تەسىر قىلىۋاتاتتى. شۇ تاپتا كوز ئالدىمدا ئانامنىڭ قىياپىتى، ئاپپاق چاچلىرى ھەيۋەتلىك شىرنىڭ يايلىسىدەك تالا-تالا تىكلەشكەن قورۇقلار باسقان مېھرىۋان يۈزلىرى باشقىچە نۇرلۇنۇپ، ياشلىق قىران ھالىتىگە كەلگەن كىشىدەك بىر خىل رەھىم-شەپقەت تۇيغۇسى قوزغىتىدىغان، پۈكۈلگەن ئاجىز گەۋدىسى ئىچ-ئىچىدىن سېھىرلىك بىر كۈچ ئۇرغۇپ تۇرغان ھەيۋەتلىك گىگانىت پەرىشتەگە ئوخشاش گەۋدىلەندى.

" بۇ يەردە ماڭا ئەل-يۇرت قارايدۇ! ئولسەم تونۇش تۇپراقتا قۇرۇنماي ياتمەن. چۈشەندىڭمۇ؟ ئوز قەدرىنى بىلمىگەن نادان! "

بۇ سوزلەر گويا قاتتىق گۈلدۈرمامىدەك ھەيۋەت بىلەن گۈلدۈرلەپ، ئوتكۈر چاقماقلارنى چېقىپ، قەلبىم قاراڭغۇلىغىنى يورۇتقاندەك بولدى.

نىمە دىگەن پاك، سەممى سوزلەر! نىمە دىگەن چوڭقۇر ۋەتەن سويگۇسى-ھە!

ئولگەندىن كېيىن ئادەمنىڭ جىسمى تۇپراققا ئايلىنىپ كىتىشى تۇرغانلا گەپ. ئولگەندىن كېيىن ئادەمدە ئاڭ-سېزىم، ھىسيات نىمە قىلسۇن؟ قەيەردىلا ياتسا بەربىر ئەمەسمۇ؟ شۇنداق تۇرۇغلۇق بۇ قېرى موماي كىچىكىدىن تارتىپ ئوسۇپ-چوڭ بولغان، قان-قېنىغا سىڭىپ كەتكەن يۇرتنىڭ باغ-ھاۋاسى، تاش-تۇپرىغى، تاتلىق سۇلىرى، ئورپ-ئادىتى ۋە تونۇش-بىلىشلىرىگە بولغان چوڭقۇر يېقىنلىق رىشتىسىنى تېخىمۇ كۈچلۈك ھىس قىلماقتا. ھەتتا ئولگەندىن كېيىن ئوز جەسىدىنىڭ ئەشۇ نامەلۇم بىر چەت يۇرتتا قېلىپ موڭسىراپ قېلىشىدىن غەم قىلماقتا. ئەكسىنچە نەچچە يىللىق مەكتەپ تەربىيىسى ئالغان مەن بۇ جەھەتتە ئەشۇ قېرى ئانامچىلىك بولالمىدىم!

كوزلىرىمدىن ئىسسىق ياش تامچىلىرى قۇيۇلۇشقا باشلىدى. بىزنى تاشلىۋەتكەن

## قەشقەر ۋىلايىتىدە گۈزەل سەنئەت ۋە فوتو سۈرەت جەمئىيەتلىرى قۇرۇلدى

قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتىيە كومىتېتى تەشۋىقات بۆلۈمى، قەشقەر مەمۇرى مەھكىمە مەدەنىيەت باشقارمىسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە 1983 - يىلى 15 - يانۋاردىن - 17 يانۋارغىچە ئايرىم - ئايرىم ھالدا قەشقەر ۋىلايەتلىك گۈزەل سەنئەت ۋە فوتو سۈرەت خادىملىرىنىڭ 1 - قېتىملىق قۇرۇلتىيى ئۆتكۈزۈلدى.

قۇرۇلتايغا قەشقەر ۋىلايىتىدىكى ھەر قايسى ناھىيە، شەھەر، ۋە جەنۇبىي شىنجاڭ ھەربىي رايونى قاتارلىق ئورۇنلاردىن بولۇپ 104 نەپەر ۋەكىل ۋە پەخرىي ۋەكىل قاتناشتى. ئۇنىدىن باشقا يەنە ئاپتونوم رايونلۇق رەسساملار جەمئىيىتىنىڭ باش كاتىپى يولداش ۋۇ چېپىڭ، ئاپتونوم رايونلۇق فوتو سۈرەتچىلەر جەمئىيىتىنىڭ باش كاتىپى شو شۇلىيەن قاتارلىقلار تەكلىپكە بىنائەن يىغىنغا قاتناشتى. ئاقسۇ، خوتەن ۋىلايەتلىرى، شىنجاڭ رەسساملىق ئاكادېمىيىسى، شىنجاڭ سەنئەت مەكتىپىنىڭ رەسىم بۆلۈمى، «شىنجاڭ سەنئىتى» ژورنىلىنىڭ تەھرىر بۆلۈمى، شىخەنزە ۋە ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى قاتارلىق ئورۇنلار تەبرىك خېتى ۋە تېلېگراممىلار ئەۋەتىپ يىغىننى تەبرىكلىدى.

قۇرۇلتايدا، ۋەكىللەر كەڭ - كۇشادە مۇزاكىرە قىلىش ئارقىلىق بۇ جەمئىيەتلەرنىڭ نىزامنامىسىنى ماقۇللاپ، رەھبىرى ئورگىنىنى سايلاپ چىقتى.

ۋىلايەتلىك گۈزەل سەنئەتچىلەر جەمئىيىتىگە: جاڭ زېن (مەدەنىيەت باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى) رەئىس، مەھەممەت ھېيت، شوي دىڭجۈي، ئابلىمىت زۇنۇنلار مۇئاۋىن رەئىس بولۇپ سايلاندى.

فوتو سۈرەتچىلەر جەمئىيىتىگە: تيەن فاشىن (مەدەنىيەت باشقارمىسىنىڭ باشلىقى) رەئىس، جورى قادىر، لى جىژىڭلار مۇئاۋىن رەئىس بولۇپ سايلاندى.

ئەبەيدۇللا مەھەممەت

---

دادامغا ، دادامنىڭ بىزنى تاشلىۋېتىشىگە سەۋەب بولغان ئاشۇ چەتئەلگە نىسبەتەن قەلبىمدە بىر خىل يىرگىنىش - نەپرەت ، كۆڭۈلسىزلىك ئەلەملىرى باش كۆتەردى . ئانام ئالدىدا خۇددى گۇدەك چاغلىرىمدىكىدەك ئەركىلەپ تىزلاندىم . ياش بىلەن قاپلانغان يۈزلىرىمنى كىچىكىمدىن تارتىپ ئەركىلەپ ئۇينىشقاندا يوشۇرغان كۆينىكىنىڭ ئېتىكىگە يوشۇردۇم. ئانامنىڭ ئاجىز، لېكىن مەن ئۈچۈن تولىمۇ قەدىردان ، مېھرىۋان گەۋدىسىنى ، ئەتىۋالىق يۈزلىرىنى سىلىدىم ۋە خىجالەتچىلىك ئىچىدە تىترىگەن ئاۋازىم بىلەن كەچۈرۈم سورىدۇم :

— ئانا ، مەن بىلمەپتىمەن، بۇ قەغەزلەرنى بۈگۈنلا قايتۇرۇپ بېرىۋېتىمەن ! مېنى كەچۈرگىن ! ...



مەھمۇت قەشقەرى (ھەيكەل)

ئابلەمەت زۇنۇن ئىشلىگەن
جوزى قادىر سۈرەتكە ئالغان.

مۇقاۋا ۋە ھوسنىخەتلەرنى ئىشلىگۈچى:
مەھەممەت ھېيت




## قەشقەر ئەدەبىياتى (12 - يىل نەشرى)

1983- يىل 1- سان (ئىككى ئايدا بىر چىقىدۇ)

نەشرى: قەشقەر ۋىلايەتلىك ئەدەبىيات - سەنئەت ئىجادىيەت ئىشخانىسى

تۈزگۈچى: «قەشقەر ئەدەبىياتى» ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى
«قەشقەر گېزىتى» باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
مەملىكەت ئىچىدىكى ھەرقايسى پوچتىخانىلار مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ
جايلاردىكى پوچتىخانىلار ۋە شىنخۇا كىتابخانىلىرى ۋاكالىتەن ساتىدۇ
باسما ئۆلچىمى: 1092×787 مم 1/16، 8 تاۋاق
پارچە سېتىلىش باھاسى: 35 فۇڭ، ژورنال نومۇرى 62—58
شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق نەشرىياتچىلىق
ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ تىزىم نومۇرى: 041

## «喀什噶尔文学»（双月刊）

1983 年 第 一 期

编辑：《喀什噶尔文学》编辑部
喀什地区文艺创作办公室
印刷：《喀什日报》印刷厂
订阅：全国各地邮电局（所）
代售：各地邮电局及新华书店
开本：1092×787MM1/16，8印张
代号：58--62 单价：0.35元
新疆维吾尔自治区期刊登证 041号